

ئارسلان تالىپ

# رېشاتكىلانغان مۇھەببەت

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO



ئارسلان تالىپ

# رىشاتكىلانغان مۇھەببەت

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **كامىلە راخمان**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىلىيار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# رېشاتكىلانغان مۇھەببەت

(رومان)

ئاپتورى: **ئارسلان تالىپ**


شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بابەي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.375
2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5515 − 3175 − 7
سانى: 1 − 3000
باھاسى: 38.00 يۈەن


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



ئارسلان تالىپ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

# رىشاتكىلانغان مۇھەببەت

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-3175-7
9 787551 531757 >
باھاسى: 38.00 يۈەن

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قىز ......... 1

ئىككىنچى باب مېھىرلىك سۆيگۈ ......................... 54

ئۈچىنچى باب مېنى ئېتىۋېتىڭلار! ..................... 108

تۆتىنچى باب ناسىرجاننىڭ ھەيۋىسى ................. 160

بەشىنچى باب مەرداننىڭ ئەرزى ........................ 187

ئالتىنچى باب بارخانلار گۇۋاھ ........................ 226

يەتتىنچى باب مەردان تۈرمىدە ........................ 266

سەككىزىنچى باب سېغىنىش مەكتۇپلىرى .......... 302

توققۇزىنچى باب تۇتقۇندىكى جەۋھەر ................. 346

ئونىنچى باب غالىب كەلگەن سۆيگۈ ................... 383

## بىرىنچى باب

# ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان قىز

ئوچۇق سوت زالى سۈرلۈك جىمجىتلىقتا پاتقان، زالدىكى ئۈچ يۈز كىشىلىك ئورۇن لىققىدە توشقانىدى، ئورۇن توشۇپ كەتكەچكە كېيىنرەك قالغان يۈز نەچچە ئادەم ئىشىك ئالدىدىلا تۇسۇپ قويۇلغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن سوت ساقچىلىرىغا يالۇۋۇرۇشۇۋاتاتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدا قېتىپ قالغىنى بىر خىل ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشنىڭ يارقىن سىيماسى. ئادەتتىكى چاغلاردا بۇنداق ئوچۇق سوتلارغا ئاشۇ سوتلىنىۋاتقان ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ئادەملا كېلىدىغان بولغاچقىمىكىن، مۇنچىۋالا كۆپ كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىۋېلىشى سوت خادىملىرىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنچىۋالا داغدۇغا ۋە قىزىقىش قوزغىغىنى بۈگۈنكى سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغان جىنايەتچىنىڭ ئون سەككىز ياشلىق نازاكەتلىك بىر قىز ئىكەنلىكىدە ئىدى.

— بۈگۈن ئون سەككىز ياشلىق بىر قاتىل قىزغا ئوچۇق سوت ئېچىلىدىكەن.

— شۇنداق چىرايلىق قىزكەن دەيدىغۇ، چىرايلىقتا ۋاپا يوق دېگەن راست گەپكەن جۇمۇ.

ـــ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىزكەن دېيىشىدىغۇ.
ـــ ھازىر جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، بۇنداق ئىشلارغا ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ.
ـــ بۇ قانداق گەپ ئۆزى، ئۇن سەككىز ياشتىكى قىزمۇ قاتىللىق قىلالامدىكەن؟! يەنە تېخى باشقا ئادەمنى ئەمەس، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن دەڭلار.
ـــ ھازىرچۇ ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئاياللار، بالىسىنى ئۆلتۈرىدىغان ئانىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ چىقىۋاتىدىغۇ.
ـــ ئاخىرقى زاماننىڭ بېشارەتلىرى بۇ!ـــ دېدى ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان بىر موييسپىت كىشى بۇ سۆزلەرگە ئارىلاشقۇسى كېلىپ،ـــ ئاياللار ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىيالايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلايدىغان ۋاقىتنىڭ كېلىشى دەل مۇشۇنداق بىشارەتنى دەلىللەيدىغان زاماننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق ئىشلارغا توۋا دېگۈلۈك...
ـــ مۇشۇ سوتنى كۆرۈپ كېلەيلى جۇمۇ، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، بىلىپ باقمامدۇق...
بۇ ئاجايىپ خەۋەر بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. ھەممىلا كىشىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، ھەيران قېلىش، قىزنىقىش كىشىلەرنى بۇ توغرىسىدا مۇنازىرىگە باشلىماقتا ئىدى.
ـــ كىمنى ئۆلتۈرۈپتۇ؟
ـــ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دېيىشىدىغۇ.
ـــ توۋا دەڭلا، دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولى بارىدۇ ھەي.
ـــ دادىسى ئەمەس، ئۆگەي دادىسىكەن.

— ئۆگەي بولسىمۇ دادىدە ئۇ، قارىغاندا ئۇ ئۆگەيلىكى بەك قاتتىق ئادەم ئوخشايدۇ ـ ھە، بولمىسا بىكاردىن ـ بىكارلا ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇ؟!

— كىچىككىنە قىز قانداق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرەلىگەندۇ؟

— بۇ ئىشنىڭ قانداقلىقىنى سوتقا بېرىپ ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاپ كەلمەيلىمۇ؟

— ...

مانا مۇشۇ قىزىقىش نۇرغۇن ئادەمنى بۇ سوت زالىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلگەندى.

سوت تېخى باشلانمىغان بىلەن قىزىقىشنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان بىر ئانا شۇ تاپتا جاھاننىڭ نالىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ گەرچە قىرىققا توشمىغان ياش ئايال بولسىمۇ، سىۆزارى ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى يۈرىكى پۇچىلانغان بىر ئانىنىڭ نىمجان سىماسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ئاق لېچەكلىك ئايال سوتلىنىدىغان قىزنىڭ ئانىسى ئوخشىمامدۇ، ئاق لېچەك سېلىۋالغىنىغا قارىغاندا بۇ قىزنى بوگۈن ئاتىدىغان ئوخشايدۇ ـ ھە، ھازىدار ئادەمدەك كىيىنىۋاپتۇ، قاراڭلار، چىرايلىق ئايالكەندۇق ـ ھە، قاراپ بېقىڭلارچۇ ئۇنىڭ چىرايىغا، زەپىراندەك سارغىيىپ، كۆزدىكى غازاڭدەك سولىشىپ ئولتۇرغىنىنى.

— سەن بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ مۇشۇنداق كۆلپەتلەر كېلىپ قالسا بىزمۇ شۇنداق سارغىيىپ سولىشىمىز، تېخى ئاشۇ ئايالچىلىك ئۆرە تۇرالماي قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن جۇمۇ، ھەممە ئادەم ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدۇ بۇنداق ئازابنى!

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، «ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي» دېگەندەك توۋا دېگۈلۈك مۇنداق ئىشلارغا.

— قىزنىغا پەقەتلا چىدىماي قالغاندەك تۇرىدۇ ئاۋۇ بىچارە ئانا، تولا يىغلاپ ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتكەندۇ - ھە، ھەي ئىسىت... قاراپ تۇرۇپ ئاران ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قىزنى ئېتىۋەتسە ھەرقانداق ئادەم چىدىمايدۇ - دە.

— توغرا دېدىڭىز، بىر بالىنى تۇغۇپ ئون سەككىزگە كىرگۈزۈش ئاسان گەپمۇ، بۇنداق ئىشقا يولۇققان ھەر قانداق بىر ئانا بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

— ...

مانا مۇشۇنداق كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭنىڭ باش تېمىسىغا تۇتۇرۇق بولغان غېرىب ئانا ئالدىنقى رەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۆزى ياشلانغان ھالدا خىيالچان ئولتۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يار كەتكەن تۇغاندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى باشقۇرغىلى بولماي قالغانىدى، شۇ تاپتا ئاشۇ ئازابنىڭ قىيانلىق سۈيى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ھۆلدەپ بولغانىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە، چىرايىغا تېپىپ چىققان قاڭسىق ھەسرەتنىڭ، قىيامەتلىك نادامەتنىڭ مەزگىلسىز ياپراقلىرى ئۇنى كۆز غازاڭلىرىدەك سارغايتىپ، نەچچە كۈندىلا ئۆز يېشىدىن نەچچە ھەسسە چوڭايتىۋەتكەنىدى. ئۇ كەينىدە ئولتۇرغان كىشىلەر قىياس قىلغاندەك بۈگۈن سوتلىنىدىغان ئاشۇ قاتىل قىزنىڭ ئانىسى ئايخېنىم ئىدى، ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرگەن ياپياشلا

بىر جۇۋان بولسىمۇ، قىزى تۇتۇلغان مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدىلا چېكە چاچلىرىغا ئاق سانجىپ قېرىلىق يەتكەن موماىدەك قورۇلۇپلا كەتكەنىدى.

ئايخېنىم هازىر ئەسكى بولسىمۇ كېيىنكى يولدىشىدىن، ياق، ئەڭ مۇھىمى ئامراق قىزىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن تۇيۇقسىزلا مېڭىسى يىگىلەپ كەتكەندەك ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئادەتتە كىيىملىرى سەل كونىراق بولسىمۇ پاكىز يۇيۇپ دەزماللاپ، ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان بۇ ئايال بىراقلا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەچكە مەھەللىدىكىلەر: «بۇ ئايال قىزىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ قالايمىقان سۆزلەپ يۈرگىنى بىلەن ئېلىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى. ئايخېنىمنىڭ بالا دەردىدە ئىچىدىن ئاردىغان قوغۇندەك يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەقەت ئۇزاق يىللىق قوشنىسى مەرەمنىساخانلا چۈشىنىپ تۇراتتى.

بۈگۈن سەھەردە مەرەمنىساخان بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا ئايخېنىمنى يوقلىغاچ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ھەمدە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ بۇ ئۆيگە كەلدى، چۈنكى بۇ دىلى سۇنۇق قوشنىسىنىڭ بۈگۈن قىزىغا قىلىنىدىغان ئاخىرقى هۆكۈمنى ئاڭلاشقا بارىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئازراق تۈزەشتۈرۈپ يولغا سالمىسا ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قېلىشى ئېنىق ئىدى. دېگەندەك، مەرەمنىساخان كىرىپ كەلگەندە ئايخېنىم كاڭنىڭ قىرىدا خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك هاڭۋېقىپ ئولتۇرغانىدى.

— ئوبدان ئولتۇرۇپلىمۇ، قوشنام، — دېدى مەرىمنىساخان ئۇنىڭ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرى بۈگۈن شەھەرگە بارىدىغاندەكىن ياردەم قىلىدىغان ئىش بارمۇ، يوق دەپ كىردىم.

— رەھمەت، — دېدى ئايخېنىم مەرىمنىساخانغا قاراپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — قىزىمنى بۈگۈن ئېتىۋېتەرمۇ؟

— ئۇنداق دېمىسىلە، جەۋھەر قىز شۇنداق ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم قىز تۇرسا ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، خاتىرجەم بولسىلا، مەن چاچلىرىنى تاراپ قوياي.

ئايخېنىم قىزى تۇتۇلغان بىر ئايدىن بۇيان ھەتتا چاچ تاراشقىمۇ كۆڭلى تارتمىغاچقا چۇۋۇلغان چاچلىرى چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى، كېيىنرەك تاغاقمۇ ئۆتمەس بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇ چاچ تاراشنىمۇ توختىتىپ قويغانىدى، مەرىمنىساخان ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتتە شەھەرگە كىرىپ شەھەرلىكلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالمىسۇن، دېگەن نىيەتتە ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ چىگىچلىرىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن جىگدە يېلىمى چېپىپ تاراپ بىر ئاز ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قويدى، ئايخېنىم مەرىمنىساخان ئەكەلگەن كىچىك ئەينەككە خۇشياقمىغان ھالەتتە بىرپەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ بوشقىنە جىلمىيىپ:

— رەھمەت سىلىگە جېنىم قوشنام، بۇ قىلغانلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار، — دەپ قويدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، قولۇم - قوشنا بولغاندىكىن بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىپ قويغانغا رەھمەتنىڭ لازىمى يوقتى، — دېدى مەرەمنىساخان ئۇنىڭ ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزىنى باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنى بەك ئىچىلىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە، «ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن گەپ بار، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇ... ماۋۇ ئالدىلىرىدا قالغان ئىككى بالا ئەمدى سىلىنىڭ قاراشلىرىغا موھتاج، سىلى مۇشۇنداق ھەر كۈنى يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئاچچىق يۇتۇپ يېتىپ قالسىلا بۇ ئىككى بالا قانداق قىلىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭمۇ ئاخىرى چىقار. كىم بىلىدۇ، جەۋھەر قىزىمىز ئاز كۈن ئۆتمەيلا گۇناھسىز دەپ قويۇۋېتىسە قايتىپ كېلەمدۇ تېخى، «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن گەپ بار، قوشنام...

— كۆڭلۇمنى ياسىمىسىلا، قوشنام، كۆڭلۇم تۇيۇپ تۇرىدۇ، جەۋھەرنى چوقۇم بىرەر پالاكەت كۇتۇپ تۇرىدۇ، نېمىشقىمۇ ئاچچىقىڭغا هاي بەرمىگەنسەن جېنىم قىزىم، — ئايخېنىم يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن توسۇپ ھۆركىرەپ يىغلىغان ھالدا قايتا ھازىسىنى باشلىدى، مەرەمنىساخان ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىمەن دەپ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىدى - دە، ئۇنىڭغا بىردەم نەسىھەت قىلىپ يىغىسىنى باسقاندىن كېيىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئايخېنىم مەرەمنىساخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قىزى تۇتۇلغان كۈندىن باشلاپلا خۇددى بوران ئۇچۇپ تۇرغان ساتمىغا ئوخشاپ قالغان ئۆيگە ھاڭۋاقىنىچە

بىردەم قاراپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈن شەھەرگە بېرىپ جەۋھەرگە ئېچىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئوچۇق سوتنى كۆرۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئىككى بالىغا ئوقتۇرمىدى، چۈنكى بۇ باللار ئوقۇمىسا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭى ئون ئالتە، كىچىككى ئون تۆتكە كىرگەن بۇ باللارنىڭمۇ ئاچىسى تۇتۇلغاندىن بۇيان گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئازىيىپلا كەتكەنىدى،چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ دىلى سۇنۇق بولۇپ، مېھرى ئىسسىق ئاچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ھەقىقەتەن تەسكە توختىغانىدى. ئۇلار يۈرىكىدە يىغلاپ ئازابىنى ئانىسىغا ئۇقتۇرمىدى، مەكتەپكىمۇ جەۋھەرنىڭ ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۇتۇپ كېتىلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلگەچكە، باللار بۇ ئىككىسىنى «دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئۇكىسى» دەپ تىللاپ ئۆزلىرىدىن بەكلا يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ باللار سەل ئەقىل تېپىپ قالغاچقا بۇ ئىشلارنى ئانىسىغا ئېيتمىدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئۇلارغا ئەينەكتەك ئايان ئىدى، ئۇلار ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇيدۇرماي يۈرگىنىنى بىلەن، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقىدىغانلىقىنى، تامىقىنىڭمۇ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

ئايخېنىم كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتمايدىغان،ھەتتا چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان ناھايىتى ئوڭلۇق چوكان ئىدى، نەس باسقاندەكلا ئامراق قىزى جەۋھەر ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇۋىدى، بۇ ئائىلىلا ئەمەس، پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتتى، ھەممىلا كىشى بۇ ئائىلىگە سوغۇق نەزەردە قارىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، مۇشۇنداق

ئەھۋالدا بۇ باللارنىڭ ئازاب تارتماسلىقى مۇمكىنمۇ، مانا دادىسىنىڭ قولىدىن چۈشمەي دېگۈدەك چوڭ بولغان جەۋھەر بىر دەمدىلا كىشىلەر نەزىرىدىكى ئەڭ نەپرەتلىك بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى.

ئايخېنىم مەرەمنىساخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەنە شۇنداق ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھاڭۋاققىنىچە كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ خىيالىچە بولغىنىدا ئۇ بوگۇنكى ئوچۇق سوتقا زادىلا بارغۇسى يوق، چۈنكى سوت ئۇقتۇرۇشىدا بوگۈن قىزىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغانىدى، شۇڭا ئۇ قىزىنىڭ كۆزىدىكى بىچارىلىكنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنىپ جىنايەتچى قاتارىدا سوتلانغان، ساقچىلارنىڭ ئۇنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بىراق، ئاخشام ناسىرجان بوغالتىرنىڭ كەنجى ئوغلى مەردان كىرىپ ئۇنى بىرىشقا قىزىقتۇرۇپ قويدى.

— سىلى ئەتە بارمىسىلا زادى بولمايدۇ، — دېگەنىدى مەردان خۇددى چوڭ ياشلىق ئادەملەردەك ۋەزمىن ئاھاڭدا، — ئوچۇق سوت ئېچىلدى دېگەن گەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى دېگەن گەپ، ھۆكۈم چىقىرىلسا ئۇنى ئۇرۇمچىگە — ئاياللار تۈرمىسىگە ئېلىپ كېتىدۇ، پات ـ پات كۆرۈپ تۇرۇشلىرىمۇ تەسكە توختايدۇ، ئەتە مەن سىلىنى ئۆزۈم شەھەرگە ئاچىقاي، ئۇنداق باغرى قاتتىقلىق قىلمىسىلا، ئەتە جەۋھەر سوتخانىدا سىلىنى كۆرەلمىسە بەكلا تۇگىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا...

ئايخېنىم مەردانىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا پاڭىدە يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ يەلكىسىنى سىلكىپ

ئۆكسۈشلىرىدىن، خۇددى كىچىك بالىدەك تىلىقىپ يىغلاشلىرىدىن مەردانىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئايخېنىمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ يىغىسىنى توختىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئايخېنىم خۇددى مۇساپىرنىڭ ساتمىسىدەك غېرىبسىنىپ قالغان ئۆيگە قاراپ بىردەم كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، چۈنكى ئىككى بالىنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

ئايخېنىم ئەنە شۇنداق ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرغىنىدا مەردان ئىشىكنى چېكىپ كىردى، شۇ تاپتا مەردانىنىڭ چىرايىمۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا كۆزدىكى ۋاشاڭ سويمىسىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— ئاپتوبۇسنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، ئايخېنىم ئاچا، — دېدى مەردان چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى بېسىپراق سۆزلەپ، — ئەمدى ماڭمىساق ئۇلگۇرەلمەيمىز.

— ماڭايلى، بالام، — دېدى ئايخېنىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، قىزىمنى ئېتىۋەتمەس ـ ھە؟!

— نەدىكى خىياللارنى قىلىدىكەنلا، — دېدى مەردان ئۇنى يۆلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئۇ دېگەن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان قاتىللىق، قانۇن ئادىل، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغانغا ئىشەنسىلە.

ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە سوت باشلىنىدىغانغا يەنە يېرىم سائەت قالغانىدى، شۇڭا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا تاكسى توسۇپ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سوتخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

بېشى يېرىدە قېيىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى، چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى.

ئايخېنىمنى يۆلەپ سوتخانىغا كىرگەن مەردان بۇ قېتىم سوتلىنىدىغان قىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقىمىكىن، بىر - بىرىگە بەك ئامراق چوڭ بولدى، مەردان يىگىتلىك يېشىغا يەتكەندە تەبىئىيلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى، سەبىيلىكتىكى بالىلىق ھېسسىياتلار بىلەن بىر - بىرىگە ئىچكىشىپ كەتكەن بىر جۈپ ياش بۇ مۇھەببەتنى ئانچە قىينالمايلا ئېتىراپ قىلىشتى، چۈنكى جەۋھەرمۇ بۇرۇندىن تارتىپلا مەردان بىلەن سەبىيلەرچە چاقچاقلىشىپ، بىر - بىرىگە قېيىشماي داۋاملىق بىللە يۈرگەن بولغاچقىمىكىن، ئانچە تارتىنمايلا ئۇنىڭ چىن سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلغانىدى.

مانا ئەمدى باشقىلار: «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك بۇ بىر جۈپ ياش بىر - بىرىگە بەكلا ماس كەپتۇ» دېيىشىپ يۈرگەندە بۇ ئىش چىقىپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئىچىلىرىگە تىنىپ قېلىشتى. مەردان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ قىزنىڭ قاتىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان كۈندىن تارتىپلا قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇ قاتىللىقنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يەرلىرى بار، دەپ گۇمان قىلىپ يۈرەتتى، شۇڭلاشقىمىكىن مۇشۇ بىچارە ئانىغا تەسەللى بېرىشنى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى زادىلا

توختىتىپ قويمىغانىدى، چۈنكى ئۇ جەۋھەرنى چۈشىنەتتى، چىۋىنغا ئازار بەرمەيدىغان بۇ قىزنىڭ ئۇنداق رەھىمسىز قاتىل بولۇپ قالغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ بۇ قىزنىڭ ناھايىتى ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئەڭ ياخشى ئادۋوكاتتىن بىرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى، ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىملىق سوت ئېچىلغان بولسىمۇ جەۋھەرنىڭ دېگەن سۆزلىرى بەكلا رىتىمسىز ئىدى، شۇڭا ئادۋوكاتمۇ بۇ قىزنىڭ مۇشۇنداق تاقىقا ـ تۇققا سۆزلەشلىرىدىن بۇ قېتىمقى سوتتا ئۇتتۇپ چىقالىشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ مەردان يەنىلا بەل قويۇۋەتمىگەنىدى، ئۇ ئادۋوكاتنى يەنىمۇ تىرىشىپ ئۇنىڭ جېنىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلغانىدى، ئادۋوكات ئەگەر بۇ قىز ئۆزىگە ماسلىشىپ دېلونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېنىقراق بىرەر پاكىتنى دەپ بېرەلىسە چوقۇم ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى، دېلونى تەھقىقلەش باسقۇچى بولغاچقا مەرداننىڭ جەۋھەر بىلەن كۆرۈشۈش ئىلتىماسى رەت قىلىنغانىدى، ئەگەر كۆرۈشەلىگەن بولسا جەۋھەرگە ئادۋوكاتقا يېقىنىدىن ماسلىشىپ ئامال بار كېيىنىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قويماقچى بولغانىدى، بىراق ھۆكۈم چىقمىغىچە ئۇنى ئادۋوكاتتىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدىغان ئىكەن، شۇڭا مەردان جەۋھەر بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ بېقىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. بۈگۈن ئۇ مۇشۇ ئاق كۆڭۈل ئانىغا ھەمراھ بولۇپ كېلىشىدىكى مەقسەتمۇ

يەنىلا بۇ قىيتىمقى سوتتا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ قىزغا زادى قانداق ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكتىن، تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان ئانىغا قىلىۋاتقان تەسەللى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ قىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئاڭقىرىماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ گەرچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەچكە بولغان ئارىلىقتا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىمىغان بىلەن، ئۇنىڭ قىزغا قىلىۋاتقان ئىللىق مۇئامىلىسىدىن، كۆيۈنۈشلىرىدىنلا كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ بولغانىدى، شۇڭا مەردان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەيلا ئوقۇشتىن توختىۋالدى. جەۋھەر مەرداننىڭ ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، ئەمگەكچان خاراكتېرىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەسلىكى جەۋھەرنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى.

— ئاتا ـ ئانام ياشقا چوڭىيىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئالغۇم كەلدى، — دېدى مەردان جەۋھەرنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، — يەنە بىرى، سەندىن ئايرىلىپ يىراقتا كەتكۇم كەلمىدى.

— بۇ قىلغىنىڭ بولماپتۇ، — دېدى جەۋھەر ئۇنىڭ گەپ ئوينىتىپ ئۆزىگە ئاستىرتىن سۆز تاشلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، — بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىسەن، ئالىي مەكتەپتە ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشۇمۇ چەكلەندى، لېكىن سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسەڭ بىرەر ئىدارىدە كادىر بولۇپ قالاتتىڭ ئەمەسمۇ.

— ئۇ چاغدا سېنى كۆرەلمەي قالسام قانداق

قىلىمەن. شەھەر دېگەن ئادەمنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ جۇمۇ، مېنىڭ چوڭ شەھەرلەردە بىرەر ئىستۇدىيەنى تېپىۋېلىشىمدىن قورقامسەن؟

— ۋۇ ئەسكىنىڭ تاپقان گېپىنى...

ئۇلارنىڭ پارىڭى، بولۇپمۇ ئۆز كۆڭۈللىرىنى قايتىدىن ئىزھار قىلىشى مۇشۇنچىلىكلا بولدى، مۇشۇ سۆزلەر بولۇپ ئاز ئۆتمەيلا بۇ پالاكەتچىلىك يۈز بەردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەردانىنىڭ مېڭىسى چاراسلاپ كەتكەندەك بىردەمگىنە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن جەۋھەرنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھويلا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىشى جەۋھەرنىڭ ساقچى ماشىنىسىغا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىشىغا توغرا كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىلا يىقىلغان ئانىنى يۆلەپ تۇپا تۇزۇتقان ھالدا كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئەلەم بىلەن قاردى، ئۇنىڭ شۇ قارىشىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋاتقان روھىنىڭ ئۆكسۈشلىرى، سۆيگۈ گۈلىنىڭ توزۇشلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئايخېنىمنى بۇگۈنكى بۇ ئاخىرقى قېتىملىق سوتقا ئېلىپ كېلىشتە ئۇ يەنىلا جەۋھەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا قىلىنغان ھۆكۈمنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە جەۋھەر گۇناھسىز، ئۇنى مۇشۇنداق قاتىللىق قىلىشقا مەجبۇر قىلغىنى ئاشۇ ئۆگەي دادىسى ئىدى. ئۇ بۇ قارىشىنى ئادۋوكاتقىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرگەن، ئادۋوكاتمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە جەۋھەرنى ئاقلىماقچى بولغانىدى.

شۇ تاپتا ئالدىنقى رەتنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان

ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق، سېمىز بىر ئادەمنىڭ چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان بولۇپ، ئەگەردە بۇ سوتخانا بولمىغىندا بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئەلپازدا يېنىدىكىلەرگە بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇ مۇشۈلىنىپ ئولتۇرغان ئانىنىڭ ئۆگەي ئوغلى جاپپار بولۇپ، قىزى ئۆلتۈرۈپ قويغان دادىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ياشىڭمۇ چىرايلىرىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇلاردىن باشقىلىرى ئاساسەن مۇشۇ سوتنى كۆرۈش ئىستىكىدە كەلگەنلەر بولغاچقىمىكىن ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ يان تەرەپتىكى جىنايەتچى يالاپ ئەكىرىلىدىغان ئىشىككە قارىشىپ ئولتۇراتتى، چۈنكى ئۇلار بۈگۈن ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغان قىزنىڭ ئەمدىلا ئون سەككىزگە كىرگەنلىكىنى، بىردەملىك ئاچچىققا ھاي بېرەلمەي شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇڭلاشقىمۇ ھەممەيلەننىڭ بۇ قاتىل قىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئوچۇق سوتنىڭ زادى قانداق ھۆكۈم ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى بار ئىدى، سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللار تېخى سوت زالىغا يېتىپ كىرمىگەن بىلەن، سوت مەھكىمىسىنىڭ پوتوكچىسى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ كومپيۇتېرنى ئېچىپ پوتوكچىلىكنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى.

ــ ئەجەب يامان قىزكەنە، ــ دېدى بىر يىگىت

يېنىدىكى قىزغا قاراپ،— ئۆگەي بولسىمۇ دادىسىدە ئۇ، ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەندۇ؟

— بىرەر سەۋەبى باردۇ؟! بولمىسا قىز بالىدا ئەر كىشىنى ئۆلتۈرگۈدەك جۈرئەت نېمىش قىلسۇن،— دېدى ئۇ قىز يىگىتكە قاراپ.

— ھەرقانچە سەۋەبى بولسىمۇ قاتىللىق قىلىش كېتەمدۇ،— دېدى يىگىت قىزغا جاۋابەن،— ئاچچىققا ھاي بەرگۈلۈك ئەمەسمۇ، مانا ئەمدى قاتىل بولۇپ جازالىنىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئېتىۋېتەمدۇ تېخى.

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، كىچىككىنە بىر قىزنى ئېتىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟!

— قاتىللىق قىلغاندىكىن ئاتىدۇ شۇ، قانۇن رەھىمسىز.

— ئېتىۋەتسە خوش بولارسىز،— دېدى قىز ئۇنىڭغا قاراپ دومسايغان ھالدا،— تېخى قانۇن رەھىمسىز دەپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي.

— سىز ئۇ قاتىل قىزنىڭ تۇغقىنىدەك ئىچ ئاغرىتىپ كەتتىڭىزغۇ،— دېدى يىگىت ئۇنىڭ يەلكىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ،— بولدى، خاپا بولماڭ، جىنايەت ئۆتكۈزسە جازالاش ئەقەللىي ساۋاتقۇ.

— ھەرقانچە جىنايىتى بولسىمۇ ئەمدىلا ئون سەككىزگە كىرگەن بىر قىزنى ئېتىۋەتسە سىزنىڭ ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟

— مەن...

— سوت خادىملىرى مەيدانغا كىردى، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!

پۇتۇكچىنىڭ جاكارلىشى بىلەن سوتخانىدىكى ھەممىلا ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، سوت مەھكىمىسىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن سوت خادىملىرى، زاسېداتېللار، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرى ھەم ئادۋوكاتلار بىر ـ بىرلەپ سوت زالىغا كىرىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن سوتچىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سوتنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. سوت زالى سوتچىلار كىرىشى ھامان سۈرلۈك جىمجىتلىققا پاتتى.

ــ ھازىر ئوچۇق سوتنى باشلايمىز، سوتنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ سوتنىڭ تەرتىپىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى سورايمىز، قالايمىقان پاراڭ سالماسلىقىنى، بولۇپمۇ دىلوغا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ قالايمىقان سۆزلەپ سوت تەرتىپىگە دەخلى قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز، مۇشۇنداق ئەھۋال سېزىلسە بىزنىڭ سوتخانىمىزنىڭ ساقچىلىرى ئۇلارنى سوت مەيدانىدىن چىقىرىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق، ئەمىسە سوتنى ھازىر باشلايمىز. جاۋابكار سوت مەيدانىغا ئېلىپ كىرىلسۇن، ــ باش سوتچىنىڭ ياغاچ بولقىنى ئالدىدىكى يۇمىلاق تاختىغا ئۇرۇشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆزى يان تەرەپتىكى ئىشىككە قادالدى.

ئىشىكتىن ۋىجىككىنە بىر قىز ئىككى ئايال ساقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىرىپ كەلگەندە سوتنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەكلا ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك چۇرقىرىشىپ كېتىشتى. چۈنكى، بۇ قىزدا ئادەم ئۆلتۈرۈش تۇرماق بىرەر توخۇنى ئۆلتۈرگۈدەكمۇ جۈرئەتنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ تاتىرىپ

كەتكەن چىرايىدىن، شۇنداقلا پۇۋلەپ قويسا ئۇچۇپ كەتكۇدەك نازۇك تۇرقىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، قىز لاتاپەت ۋە قىياپەتتە ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك گۈزەللەر تىپىدىكى بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ ئېقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قىرلىق بۇرنىغا ماسلاشقان قوشۇما قېشى، مايلاپ پارقىراتقان تاشتەك سىلىق مەڭزى، گەرچە گىرىم قىلىنمىغان بولسىمۇ سۈرەتتەك گۈزەل رۇخسارى، زىلۋا بەدىنىگە ماسلاشقان ئالمىدەك كۆكسى كۆك تورمە كىيىمدىمۇ شۇنچە نازاكەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بويالمىغان كالپۇكلىرى خۇددى ۋايىغا يېتىپ پىشقان پەمىدۇردەك قىزارغان بولۇپ، تاتارغان چىرايىدىكى سىرنىقلىقنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى ئايال ساقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا مېڭىپ كېلىپ سوت مۇنبىرىنىڭ ئالدىدىكى مەخسۇس جىنايەتچىلەر ئولتۇرىدىغان تۆمۈر رېشاتكا ئىچىگە كىردى، ئۇنى باشلاپ كىرگەن ئىككى ئايال ساقچى رېشاتكىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قولىدىكى كويزىنىڭ بىر تەرىپىنى بوشاتتى ـ دە، ئۇنى رېشاتكىنىڭ بالدىقىغا سېلىپ قۇلۇپلىدى.

جەۋھەر شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇنداق زەنجىرلەپ قويۇشلارغا مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە كۆنۈپ كەتكەنىدى، چۈنكى جىنايەتچى سادىر قىلغان جىنايىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدىغان گەپكەن، جەۋھەرنىڭ جىنايىتى ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك بولغاچقا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش تامامەن ھەقلىق بىر ئىش ئىدى. ئۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ ساقچىلىرىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەر

جىنايەتچىلەرنىڭ ئايرىم كامېرغا سولاپ قويۇلىدىغانلىقىنى، سىرتلارغا ياكى مۇشۇنداق سوتخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە قولىغا كويزا، پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىپ ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇلارغا قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە قىلىنغان بۇ مۇئامىلىنىڭ خېلىلا يېنىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، لېكىن بۈگۈن بۇ يەردە نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق، قىزىقىش، ئىچ ئاغرىتىش، نەپرەتلىنىش، خىلمۇخىل ھېسسىياتلار يۇغۇرۇلمىسىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۆزىنىڭ بەكمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ جىنايەتچى قاتارىدا سوتلىنىدىغانلىقىنى، كەينىدە ئولتۇرغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئەمەس، بەلكى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە بىر خىل قورۇنۇش، ھېيىقىش، نومۇس ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا بۇ سوتخانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پىرقىراشقا باشلىدى، چۈنكى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە قۇندۇزدەك چاچلىرىغا ئاق سانجىپ قېرىلىق يەتكەندەك مۆكچىيىپلا قالغان ئانىسىنىڭ مۇڭلانغان چىرايىغا قارىغان جەۋھەرنىڭ بەدىنى خۇددى توك تەپكەندەك يېنىك تىترەپ، ئاشۇ تىترەك تەسىرىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ كۆز قارىچۇقىدا لىغىلداپ تۇرغان ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىپ ئالدىغا قارىدى، سۇرلۇك كىيىملەرنى كىيىشكەن سوتچىلار ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

«قاتىل دېگەنلەر بەكمۇ ۋەھشىي ئادەملەر تىپىدىن بولسا كېرەك، سوتچىلار ماڭا مۇشۇنداق دۈشمەنگە

قارىغاندەك نەپرەتلىنىك نەزەردە قارىغان يەردە ماۋۇ ئوچۇق سوتنى، ياق، مېنىڭ تاماشامنى كۆرگىلى كەلگەن مۇنۇ ئادەملەر ماڭا قانداق باھالار بىلەن قارىشىۋاتقاندۇ؟! ئاھ، تەڭرىم! ياراتقان بەندەڭنى مۇشۇنداق ناچار كۈنگە ھەرگىز قويمىغايسەن، ئاشۇ بىچارە ئانامنىڭ چىرايىدىكى غەم ـ غۇسسىنى يىراق قىلغايسەن، مېنى جازالىساڭمۇ ئانامغا زۇلۇم قىلمىغايسەن.»

ئۇ مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىۋاتقىنىدا بەدىنىنىڭ يېنىك تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، جىنايەتچى دېگەن سوتچىلارغا قاراپ ئولتۇرىدىغان گەپكەن، ئەگەردە مۇنۇ ئوچۇق سوتنى كۆرۈشكە كەلگەنلەرگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇلغان بولسا يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ ئولتۇرغان ئانىسىغا قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئۆزۈمنى ئالدۇرۇپ قويماي، ئەگەر روھسىزلىنىپ تاسادىپىي ھوشۇمدىن كېتىپ قالسام تېخىمۇ چاتاق، بىچارە ئانام بۇ دىشۋارچىلىقنى كۆتۈرۈپ بولالمايدۇ.» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلاپ كۆزىنى ئېچىپ يەنە ئالدىغا قارىدى، سوت مۇنبىرىدىكى بىرنەچچە سوتچى ئۇنىڭغا يەنىلا شۇنداق سۇرلۇك نەزەردە مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ سۇرلۇك چىرايىغا قارىغان قىزنىڭ تېنى يەنە بىر قېتىم ئاچچىق شۈركۈنۈپ خۇددى جۇدۇندا قالغان يولۇچىدەك تىترەك باسقان بەدىنى مۇزلاشقا باشلىدى ـ دە، كۆزىنى سوتچىلاردىن قاچۇرۇپ پەسكە قارىۋالدى.

— تۇۋا! مۇشۇ قىزنى ئادەم ئۆلتۈردى دېسە كىم ئىشىنىدۇ.

— هازىرقى قىزلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ باھا بەرمەك تەس جۇمۇ!
— ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك بىرەر ئىش بولغاندۇ، ئاچچىق جانغا تاقالغاندا چۈمۈلىمۇ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ جۇمۇ!
— تىنچلىنىڭلار!— باش سوتچىنىڭ ياغاچ بولقىسى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇلدى،— سوتىمىزنى رەسمىي باشلايمىز. ھازىر سوت تەرتىپى بويىچە جاۋابكارنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئېنىقلايمىز، جاۋابكار ئورنۇڭدىن تۇر!
جەۋھەر ئىككى ئايال ساقچىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەشكە سۇنغان قولىنى سىلىققىنە رەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ تامامەن بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىشنى خالىمىغانىدى، بولۇپمۇ كەينىدىلا ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاغرىپ كېتىشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى. «ھېلىمۇ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقاندۇ بىچارە ئانام، جاھاننىڭ خۇشلۇقىنى تۈزۈك كۆرمەيلا ئۆتۈپ كەتتىغۇ ئۇنىڭ ئۆمرى، بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام ئاچچىقىمغا ھاي بەرسەممۇ بوپتىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن جەۋھەرنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.
— ئىسمىڭ نېمە؟— باش سوتچى ھەر قېتىملىق سوراقتا تەكرارلىنىدىغان بۇ سوئالنى ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا تەكرارلىدى.
— جەۋھەر.
— داداڭنىڭ ئىسمىچۇ؟
— توختىياز،— ئۇ دادىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىدا يۈرىكىنىڭ ئاچچىق تىترەپ كەتكەنلىكىنى

ھېس قىلدى، ئۇ بىر نەچچە قېتىملىق سوراقتا دادىسىنىڭ ئىسمىنى دېمەسلىككە نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنۇ سوراقچىلار ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى مەجبۇرىي دېگىلى قوياتتى، ئۇلار: «بۇ دېگەن چوقۇم سوراقتا ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەت، شۇڭا داداڭنىڭ ئىسمىنى چوقۇم دېيىشىڭ كېرەك» دەپ تۇرۇۋالاتتى، چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم سوراق قىلىنغاندا دادىسىنىڭ روھىنى مۇشۇ سوتخانىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا دىڭگىدە چۆچۈپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتى، چۈنكى دادىسى توختىنياز ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «جېنىم قىزىم، نېمىشقىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغانسەن، مانا ئەمدى ھەپسىگە چۈشۈپ ئائىلەمنىڭ جاپاسىنى تارتىۋاتىسەنغۇ» دەۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

جەۋھەرنىڭ دادىسى توختىنياز خۇداگۇي ئادەم ئىدى،ئۇ بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە ئېغىر يارىلىنىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۈچ بالىنى يېتىم قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا نەپەسى قىسىلىپ تۇرسىمۇ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن چوڭ پەرزەنتى جەۋھەرنىڭ تىترەپ تۇرۇپ يۇم - يۇم يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جانسىز قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم قىزىم... يىغلىما... مەن كېتىپ قالسامۇ... روھىم ھەرقاچان سەن بىلەن بىللە... سېنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا... ساقلىغاي... جېنىم قىزىم...

سىڭگەن ئايرىلىشقا كۆزۈم... قىيمايۋا... تىدۇ...— دەپ جان ئۈزگەندى، ئانىسىنىڭ يىغىسىدىن كۆرە بالىنىڭ يىغىسى شۇ جايدا تۇرغانلارنى يىغلىتىۋەتكەندى.

— جېنىم دادا، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ، مېنى تاشلاپ كەتمىسەڭچۇ، سەنسىز مەن قانداق ياشايمەن... جېنىم دادا... كۆزۈڭنى ئاچ...

دوختۇرلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇردىغا ئايلانغان دادىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقان مەسۇم قىزنى بەكمۇ تەستە ئۇنىڭدىن ئاجراتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى دادىسىدىن ئايرىپ كۆتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە تېپىپ مۇشتلاپ تۇرۇپ چىرقىراپ يىغلاشلىرى ھەممىلا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يامغۇردا قالغان ئېتىز چالمىسىدەك ئېزىۋەتكەندى، كىچىك بالىنىڭ نالىسى شۇنداق ئايانچلىق بولامدۇ ئەيناۋۇر، توخنىيازنىڭ ئېگىلىكنى چېتىۋاتقان دوختۇرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتكەندى.

جەۋھەر شۇ كۈنكى ماتەمنى، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىچە قېتىپ قالغان كۆزىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇپ كېتەلمىگەندى، دادىسى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئېتىز ئەمگىكىدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي جەۋھەرنى بويىنىغا مىندۈرۈپ ھويلىنى چۆرگۈلەپ ئويناتاتتى، ئاندىن تاماقتا ئولتۇراتتى. تاماق ۋاقتىدىمۇ ئۇ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— قىزىم، دادىڭىز ئېتىزدا ئىشلەپ ھېرىپ كەتتى، ئۇنى تاماق يېگىلى قويسىڭىزچۇ،— ئانىسى ئايخېنىم دادىسىنى ئارامخۇدا تاماق يېگىلى قويمايۋاتقان جەۋھەرنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئالاتتى.

— ياق، مەن دادامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەيمەن، — جەۋھەر ئانىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ جېدەل قىلاتتى.
— بولدى، قويسىنا، ئۇ قۇچىقىمدا ئولتۇرسا تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يەيدىكەنمەن، — توخنىياز جەۋھەرنى قايتىدىن قۇچىقىغا ئېلىۋالاتتى.
— جەۋھەرنىڭ جېنى چاپلاشقانغۇ سىلىگە، — دەپ دومسايغان ئانا كىچىك ئوغلى قەيسەرنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزاتتى، — ماۋۇ ئىككى بالىمۇ سىلىنىڭ باللىرى جۇمۇ، كەچكىچە قىزنىلا ئەركىلىتىپ ئوغۇللىرى بىلەن چاتىقى بولمىغان.
— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، خوتۇن، باللارنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ، — دەپ ئايخېنىمغا ۋارقىراپ قوياتتى توخنىياز قولىدىكى ناننى قىزىنىڭ پىيالىسىگە چىلاپ ئولتۇرۇپ، — بۇلار دېگەن ئوغۇل بالا، ئۇغۇل بالا دېگەن ئەركىلەپ ئەمەس، ئەركەكتەك ياشاشنى ئۆگىنىشى كېرەك، قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە، شۇڭا ئۇ بىر يۆلەنچۈككە موھتاج بولۇپ ياشايدۇ، خۇدايىم قىز بالىنىڭ مېھرىنى دادىغا سالىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭلاشقا ئۇ مەندەك يۆلەنچۈككە تايىنىپ ياشايدۇ.
— يوغان ئىشكەن، — دېدى ئايخېنىم ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئوچاق بېشىغا ماڭغاچ، — نېمىلا دېگەنبىلەن جەۋھەر باللارنىڭ چوڭى، كەۋسەر بىلەن قەيسەر تېخى كىچىك، كىچىكلەرنىمۇ قولغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ قويغۇلۇق ئەمەسمۇ.

باش سوتچىنىڭ جەۋھەردىن سورايدىغان سوئاللىرى

ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، ئۇ بايا دادىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندىلا يادىدىن چىقىپ كەتكەن سوتخانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى، ئۇنىڭ روھى هازىر دادىسىنىڭ پاك، ئاق كۆڭۈل روھى بىلەن بىرلىشىپ ئاراقۇمغا كېتىپ قالغانىدى، جاۋابكارنى تەھقىقلەش ئۈچۈن باش سوتچىنىڭ سوراۋاتقان سوئاللىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بەرىبىر بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەرزىمەس سوئاللارنىڭ ئۆزىدىن رەسمىيەت ئۈچۈنلا سورىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى، دېمىسىمۇ هەر قېتىم سوت باشلىنىشتىن بۇرۇن «ئىسمىڭ نېمە، داداڭنىڭ ئىسمىچۇ، نەدە ئولتۇرىسەن، مەدەنىيەت سەۋىيەڭچۇ» دېگەندەك سوئاللارنى كۆپ سورىغاچقا، ئۇ باش سوتچىنىڭ كېيىنكى سوئاللىرىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى، چۈنكى دادىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندىلا ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى سوت مەيدانىدىن چىقىپ دادىسىنىڭ روھى بىلەن بىللە ئۇچقان پېتى ئۆزىنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرى قالغان كۆجۈم مەھەللىسىگە كېتىپ قالغانىدى.

ئاراقۇم ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللە، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى چەكسىز قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ، شىمالدا قىش ـ ياز ئېرىمەيدىغان مۇز تاغ ئۇلارغا هاياتلىق مەنبەسى بولغان مۇزدەك تاغ سۈيىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ يەردە ئارانلا ئۈچ يۈز تۈتۈن ياشايدۇ. شەرق تەرەپتىكى جاڭگالنىڭ قەيەرلەرگە بارىدىغانلىقىنى جەۋهەر تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن غەرب تەرەپتىكى يولنىڭ ناهىيە بازىرىغا

باردىغانلىقى ئۈنىڭغا ئېنىقكى ئايان. بۇ يولدا قۇمبۇلاق، قۇمتۇرا مەھەللىلىرى بار، ئۇ مەھەللىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇم بىلەنلا باغلىنىدىغانلىقىنى تازا ئېنىق چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان قۇملۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى مۇشۇ ئۈچ مەھەللە بىۋاستە قۇملۇققا تۇتىشىدىغان، كۆچمە قۇم بارخانلىرى پات ـ پات ئۇلارغا خىرىس قىلىپ ئۇلارنى ئارامىدا قويمايدىغان مەھەللىلەردىن ئىدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپلا مۇشۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەر يىلى ئەتىيازدا قۇم بارخانلىرى ئەتراپىغا جىگدە، قارىياغاچ، تال، سۆگەت، ھەتتا يۇلغۇن كۆچەتلىرىنى ئالا قويماي تىكىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇپ سۇغىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇششاق بالىلار ئۈچۈن بىر ئويۇن سورۇنى ھازىرلىناتتى، ئۇلار بۇ قۇملۇقتا بەزىدە چېلىشىپ ئوينىسا، بەزىدە بارخانلار ئۈستىگە چىقىپ دومىلاپ ئويىنىشاتتى. ھەربىر ئائىلە ئۆزلىرى قويغان كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش ـ تۇتماسلىقىغا ئىگە بولۇشاتتى، ئۇلارغا بالىلار قارانچۇق بولاتتى، ئۇلار پات ـ پات كۆچەتزارلىققا كېلىپ كۆچەتلىرىنىڭ يوپۇرماق چىقارغان ـ چىقارمىغانلىقىغا قارىشاتتى، تومۇز پەسلى ئۆتۈپ كەتكىچە قۇرۇپ قالمىغان كۆچەتلەر تۇتقان ھېسابلىناتتى، ئۇلار كۆچەتلەرنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قۇملۇقتا قىيغىتىپ ئوينىشاتتى، ئېگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سىيرىلىپ ئويناش ئۇلارنىڭ بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى،

ئۇلار ھېرىپ قالغان چاغلىرىدا قوم بارخىنىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ مەھەللىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشەتتى. بۇ يەردىن قارىغاندا مەھەللە بەكمۇ كىچىك كۆرۈنەتتى. قوملۇقتا قىز - ئوغۇللار بىرلىشىپ يۇگۈرۈشتە بەسلىشەتتى ھەم پومداقلىشىپ چېلىشىپ ئوينايتتى، ئۇنىڭ سەبىي بالىلىقى ئەنە شۇنداق غەمسىز ئويۇنلارنى ئويناپ ئۆتكەنىدى، بەزىدە بالىلار بىر يەرگە يىغىلىپ دادىلىرىنىڭ ھەمدە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ قوم توغرىسىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ مۆڭلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىشاتتى.

ئۇنىڭ دادىسى توخنىياز بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلمايدىغان خۇداگۆي ئادەم بولغىنىغا قارىماي توي - تۆكۈنلەردە ھاپىزلار قاتارىدا ئولتۇرۇپ داپ چېلىپ ناخشا توۋلايدىغان سازەندە ھەم ھازىر جاۋاب بېيىتچى ئىدى. مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئۇ چىرايلىق يېشىل تاۋار سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئۆزى توقۇۋالغان بېيىتلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ مەشرەپ سورۇنىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتەتتى، پوتا ئۇسسۇلى، بېيىت ئېيتىپ چاي تۇتۇش ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، نازىركوملار ئۇنىڭسىز قىزىپ ۋايىغا يەتمەيتتى. ئۇ ئۆيىدىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ بالىلارنى كۇلدۇرسە، ئايخېنىمنى تىرىكتۇرۇپ ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇرۇۋالاتتى، بەزىدە تېخى ناخشا خۇمارى تۇتۇپ قالسا دۇتارنى سازلاپ چېلىپ ناخشا توۋلاپ كەتسە ئايخېنىمنىڭ پىرى تۇتۇپ قالاتتى - دە، ئۇنى جىملەشكە باشلايتتى.

— بالىلاردىن خىجىل بولمىسىلىمۇ قوشنا - قولۇملاردىن بولسىمۇ خىجىل بولسىلا دەيمەن،— دەيتتى

ئايخېنىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۆينى باشلىرىغا كىيىپ نېمە قىلىق بۇ؟ ھازىرلا نامازدىن قوپتۇلا، شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ناخشا ئېيتقىچە دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرسىلا بولمامدۇ دەيمەن.

— ۋاي خوتۇن، جېنىم خوتۇن، — دەيتتى توخنىياز دۇتارنى تىرىڭشىتىشتىن توختاپ، — «بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما، دىلىمىزدا ئىمان ـ ئېتىقاد بولغاندىكىن بولدى، ئاللانىڭ ماڭا بۇيرۇغان پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمەن، پەرزنى ئادا قىلىپ بولۇپ كۆڭۈل خۇشى قىلىپ ناخشا ئېيتىپ قويسام بىناماز بولۇپ قالمايمەن، ھەممىسى ئۆز يولىدا بولىدىغان ئىشلارغۇ بۇ.

باغدا پىشقان ئەينۇلا،
شاخ ـ شېخىدا بۇلبۇللار.
ناخشىنى مەن توۋلىسام،
خېنىم كايىپ كېتۇرلا.

دېگەندەك نېمانداق باشنى ئاغرىتىپ كوتۇلداۋېرىدىغانسەن، خوتۇن، بولمىسا سېنى تازا ماختاپ ئۈچۈرىدىغان ھېلىقى «ئايخېنىم سۇزۇك چىراي» دېگەن ناخشامنى ئېيتايمۇ ـ يە...

— ئوھوش، نېمە قىلسىلىرى قىلماملا، — ئايخېنىم پىشنى قاقفان پېتى قازان بېشىغا قايتىپ كېتەتتى. ئايخېنىمنىڭ كۆڭلىگە ئايان، مۇشۇ ناخشىنىڭ ئىسمى چىقىپلا قالسا ئۇنىڭ كۆڭلى راستىنلا تىنچلىنالماي قالاتتى، چۈنكى توخنىياز ئاشۇ «ئايخېنىم سۇزۇك

چىراي» دېگەن ناخشىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ سېھىرلىك ناخشىنى پەقەت توخنىيازلا مۇشۇنداق ھېسسىياتلىق، مۇڭلۇق ئېيتالايتتى ھەمدە ئايخېنىمنى چەكسىز خىياللار قۇچىقىغا تاشلاپ يېنىك ئەركىلىتىپ مۇڭلاندۇرالايتتى. ئۇ چاغلار بۇلارنىڭ تېخى توي قىلمىغان چاغلىرى، ئۇلار بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ توخنىياز ناخشا ئېيتىشنى توختىتىپ قويمىدى. توخنىياز بۇ ناخشىنى ئېيتسا ئايخېنىم ئۇنىڭغا مۇڭلانغان ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ ياش نۆۋەر چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك بىر خىل شېرىن ھېسسىيات قوينىدا ئەركىلىگۈسى كېلەتتى، توخنىيازمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ دۇتارىنى تىرىڭشىتىپ ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا جەۋھەرمۇ دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ناخشىغا مۇڭ بولۇپ ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرغان ئانىسىغا، ناخشىغا بېرىلىپ كەتكەن دادىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ سېھىرلىك مىسرالىرىغا ئەگەشكەن مۇڭدىن ئىلھاملانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ياكى دادىسىنىڭ ھازىر جاۋاب بېيىتلىرىدىن ھېسسىياتلانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپلا چۈچۈك قوشاقلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بالا شائىر ئاتىلىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆچەت تىكىش پائالىيىتىدە يازغان قوشىقى مەكتەپنىڭ قارا دوسكىسىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مۇئەللىملىرى ئالاھىدە پەخىرلىنىدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلانغانىدى.

كۆچەت قويدۇق قۇملۇققا،
بارخانلارنى توسسۇن دەپ.
چىلەكلەردە سۇ قۇيدۇق،
ئۇنى چاققان ئۈنسۇن دەپ.

ئورمان بىزنىڭ بەختىمىز،
ئورمان بىزنىڭ تەختىمىز،
يېشىل بوستان قۇرىمىز،
بۇ بىزنىڭكى ئەھدىمىز.

سەككىز ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ مىسرالار قۇم بىلەن ئېلىشىپ ياشايدىغان خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى سۆزلەر ئىدى، ئەڭ مۇھىمى توختىياز بېيىتىنىڭ ھازىر جاۋاب بېيىتلىرىنى تولا ئاڭلاپ قۇلاق موللىسى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، توختىياز قىزى يازغان قوشاقنىڭ مەكتەپنىڭ قارا دوسكىسىدا ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، جەۋھەرنىڭ يول باشلىشىدا ئۇنىڭ مەكتىپىگە ئاتايىن كېلىپ قارا دوسكىغا يېزىلغان بۇ شېئىرنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭ بۇ ئەقىللىك قىزىم چوڭ بولغاندا چوقۇم ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەردە ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ داڭلىق شائىر بولىدىغان بولدى» دەپ ئۇنى كۆتۈرۈپ نەچچە پىرقىراپ كەتكەنىدى، لېكىن ئاشۇ بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسى ئۇنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكەننى ئاز دەپ قىزى جەۋھەرنىڭ گۈزەل ئارمانلىرىنىمۇ يەپ كەتكەنىدى.

سوت داۋاملاشماقتا، ئەمدى دەۋاگەرنىڭ ئادۋوكاتى جەۋھەرنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى قانۇنىنىڭ قايسىبىر نىزاملىرىغا سىلىپ ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى، جەۋھەرنىڭ ئادۋوكاتى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئاقلاش سۆزى تەييارلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ پات ـ پات ئالدىدىكى قەغەزگە نىمىلەرنىدۇ جىجىلاپ ئولتۇرۇشلىرىدىن ئەيىبلىگۈچىنىڭ سۆزىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بىرەر يىپ ئۇچى تاپقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاقلىغۇچى ئادۋوكات مەغرۇرلارچە كېرىلىپ جەۋھەرگە قاراپ: «بىز غەلىبە قىلىمىز، سىز خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەندەك قاراپ قويياتتى، لېكىن جەۋھەرنىڭ خىيالىغا ئادۋوكاتنىڭ قاراشلىرى، ئەيىبلىگۈچىنىڭ سۆزلىرى كىرمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ سوت مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى ئادۋوكاتنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئۈستىدە جىددىي مۇنازىرىگە چۈشكەنلىكىنىمۇ پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويغاندەك تۇراتتى، دادىسىنىڭ ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشى ھامان ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

ئۇ تۈنۈگۈن ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى، «دېمەك پىچاق ئەجەللىك يەرگە تېگىپ كېتىپتۇ، ئۇن بەش كۈن جىددىي قۇتقۇزغان بىلەنمۇ ئۈنۈمى بولماپتۇ، ئەمدى ئاھ ئۇرۇپ ئۆزۈمنى ئاقلىغىنىمنىڭ پايدىسى يوق، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان ئادۋوكات بار، ئۇ مەن ئۈچۈن سۆزلەيدۇ، ئەيىبلىگۈچى ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن سۆزلەيدۇ، ئۇلار

ئىككىسى ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن تىل ئۇرۇشى قىلىشۇەرسۇن، كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاخىرىدا باش سوتچى بەلگىلەيدۇ، بەربىر بارىدىغان يېرىم تۈرمە، ئاۋۇ جاپپار دېگەن جەللىگۇر قانۇن ئورۇنلىرىغا بېرىپ جېدەل چىقىرىپ: «قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن» دەپ دەۋا قىلىپ يۈرگۈدەك، مۇنۇ ئادۇۋكاتنىمۇ ئۇرۇمچىدىن ئەكەلگەنمىش، ئەگەر ئۇلار راستتىنلا يېڭىۋالسا قانۇن ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرەمدۇ تېخى. مەيلى، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىش مەن تۇتۇپ تۇرۇلغان مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەسكەن، چۈنكى مۇشۇ ئىككى يىل جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ قېنىپقىنا ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، جاپپارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۇيقۇلىرىممۇ ئازلاپ كەتكەنىدى، بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن مېنى بوزەك قىلىدىغان ئادەم يوق، بەلكىم بۇ جايدىكى ساقچىلار ماڭا ئوخشاش ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ ئارا تومۇرىدا تۇرۇۋاتقان ئادەمنى بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئارامخۇدا ياشىۋالسۇن، دەپ ئويلىسا كېرەك.»

جەۋھەر ئەنە شۇنداق خىيال قىلىپ ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. ئەمما، كۆز ئالدىغا ئانىسىنىڭ مۆڭلانغان چىرايى كەلسىلا كۆڭلى خۇددى كەكرە چاينىۋالغاندەك غەش بولاتتى.

جەۋھەر قاتىللىق قىلىپ تۇتۇلغان مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدىلا ئون بەش ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىچارە ئانا ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ بەلكىم: «قىزىم ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن بولسا ئۆگەي دادىسى

ئۆلـۈپ قالمـايـتتى، قـمـزـىمـمۇ تـۈرمـىدە يـاتـمايـتـتـى» دەۋاتقانـدۇ... لـېكـمـن ئـۇ يەردە جاپـپـارنىڭ پـات ـ پـات ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىش ئۇچۇن پەيت كۈتۈشلىرى، ئۆگەي دادىسـىـنىڭ: «قـىـزىڭنـى جـاپـپارغـا تـېگـىـشـكـە قـايـىـل قىلمىساڭ ھەر ئىككىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىشلىرى ئۇلارنى خاتىرجەم ياشىغىلى قوياتتىمۇ؟

جەۋھەر: «ئەگەر لۈكچەكلىكتە ئۇچىغا چىققان مۇشۇ جاپپارغـا مـېنى زورلاپ ئـېلـىپ بـېرىدىكـەن شۇ كـۈنـىـلا ئـۆلـۈۋالـىـمـەن» دېگەن خـىـيالـنى تـالاي قىلغـانـىدى، مانـا قاتىل بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىۋىدى، ھـەممە ئـىش ئاخىرلاشقاندەك بولدى، جاپپارنىڭ تەھدىتلىك كۆزىدىن، ئۆگـەي دادىسـىـنـىڭ رەھـمـىـسـىزلـىك چـىقـىـپ تۇرىدىغـان مۇدھىش چـىرايىدىن، ئانىسىنىڭ تەڭقىسلىقتا قـېلىـپ سارغىيىپ قـىـيـنـىلىشلىرىدىن نـېرى بولدى. «ئـۇنىڭغـا تەگكۇچە ئۆلـۈۋالـىـمـەن» دەپ ئۆلـگـىلـى بـولمـىغـانـدىكـىـن، قانـۇن ئـۆلۈم جازاسـى بـەرسە ئـوخـشـاشلا مـەقـسـىـتـىگـە يېتـىـدىغـان بـولـدى، شـۇڭـا ئـۇ ئـۆزىـنـىـڭ سـوتخـانـىـدا سوتلـىـنـىـۋاتـقـانلىـقـىـنـىمـۇ ئۇنـتـۇپ خـاتـىرجـەم ئـۆز خـىيالـلـىرىغا مـىـنگـىشـىپ كـېـتـىـۋاتـاتـتـى، ئۇ بـۇگـۈن ئانـىـسـىـنـىڭ ئـىـككـى ئـۆكـىـسـىـنـى بـۇ يـەرگـە بـىـلـلـە ئەكەلمىگەنلىكىدىن خۇش بـولدى، ئاچىـسـىـنـىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان ھـالدا سوتلىنىۋاتقانلىقىنى كـۆرۈش قـېـرىـنداشـلار ئـۈچـۈن قانـچـىـلـىك روھـىي بېـسـىـم ئەكېلىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بـىلەتتـى، شـۇڭـا جـەۋھـەر ھازىر ئـۆزىنىڭ ئـاشۇ سەبـىـي چاغلىـرىدىكـى گـۈزەل ئەسلىمىلەر قـويـنـىدا يـەنە بىردەم يـايرىۋېلىشنى خـالاپ تۇراتتى...

بۇ مەھەللە ناھىيە بازىرىغا ئون بەش كىلومېتىر، شەھەرگە بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىر كېلەتتى، ئۇ شەھەرگە مۇشۇ يېشىغىچە بىرىپ باقمىغان. ئانىسىنى بولۇشىغا خارلىغان، ئۆزىنى جاپپارغا تېگىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدىغان ئۆگەي دادىسىنى قورقۇتۇپ قويىمەن دەپ پىچاق كۆتۈرگەنىدى، كىم بىلسۇن، ياۋۇزلارچە ئېتىلىپ كېلىشى بىلەن پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كېتىپ قاتىل بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىدە كېلىپ باقمىغان شەھەرگە مەھبۇسلار ماشىنىسىدا قولىغا پارقىراق كويزا سېلىنغان ھالدا كەلدى، ئەينەكلىرىنىڭ ئىچىگە تۆمۈر رېشاتكا ئېلىنغان بۇ ماشىنا ئەنسىز چىرقىراپ ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغىنىدا ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغاچقا بىر يۈز يىگىرمە كىلومېتىر يولنىڭ قانداق تۈگىگەنلىكىنى، شەھەرنىڭ قايسى سىياقتا ئىكەنلىكىنى ئۇ تازا ئېنىق بىلەلمىدى، چۈنكى ئۆگەي دادىسىنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتقان ھالىتى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، ئۆمرىدە ئادەمنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قاننى كۆرۈپ باقمىغان جەۋھەر شۇ ھامان ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ھوشىغا كەلگىنىدە قولىغا كويزا سېلىنغان ھالەتتە سوپىدا ياتاتتى. ئۆگەي دادىسىنى دوختۇرخانىغا ئەكەتتىمۇ ياكى ئۆلگەن بولسا باشقا يەرگە ياتقۇزۇپ قويدىمۇ، بۇنى ئۇ ئەسلىيەلمىدى. ئانىسى ۋە ئۇكىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى.

ئۇ ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر زالىم ئۆگەي دادا تېپىپ بەرگەنلىكىنى زادىلا ئەقلىگە

سىغدۇرالمايتتى. دادىسى ئۇ ئالەمگە كېتىپ بىر يىل ئۆتكەن چاغ ئىدى، بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىرنەچچە ئادەم كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىساتلارنى بىر ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ ئاراقۇمدىن قۇمتۇرا مەهەللىسىگە، يەنى سەپرا كۆرۈنىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىشتى. بۇ ئىككى مەهەللە ئادەتتە بىر كىچىك ئېرىق ئارقىلىقلا ئايرىلىپ تۇرغاچقىمىكىن، بۇ ئىككى مەهەللىدىكى چوڭلار ۋە بالىلار بولسۇن ئېچىل ـ ئىناق ئۆتەتتى. تېخى ئۆزئارا قىز بېرىشىپ، يىگىت ئۆيلىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن قۇدا بولغانلارمۇ ناهايىتى كۆپ، شۇڭا جەۋهەرگە بۇ ئىش ئانچە يېڭىلىق تۇيۇلمىغان بولسىمۇ يوتقان ـ كۆرپىلەرنى بېسىپ مېڭىش ئۇنىڭغا سەل غەلىتىرەك بىلىندى. كەچتە قوشنا ـ قولۇملار بىلەن قۇمتۇرادىكى بىرنەچچە ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار ئالدىراش چوڭ قازاندا سۇيۇقئاش ئېتىشتى، تاماقتىن كېيىن ئاراقۇمدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سىراجىدىن داموللام ساقىلىنى تىترىتىپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئايەتلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى، مېھمانلار ئۇزاپ تۇرۇشىغا كونىرىغان گىلەم سېلىنغان ئېشەك هارۋىسىغا ئۇلارنى سېلىپ مۇشۇ داۋۇت ساۋۇت دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇشتى. جەۋهەر بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي قالغانىدى، ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئانىسىدىن: «ئانا، بىز نەگە بارىمىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئانا كۆز يېشىنى باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ: «بىز ئۆي كۆچتۇق، بالام» دېگىنى هېلىمۇ ئۇنىڭ يادىدا.

شۇ كۈنى ئۇ يات بىر ئادەمنىڭ ئۆيدە ئۇخلىرى

بىلەن يېتىپ قالدى،ئانىسىنى بولسا بايا مۇشۇ ئۆيگە ئەكەلگەن ھېلىقى ھارۋىكەش باشقا بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

— جەۋھەرنىڭ ئاپىسى ئەرگە تېگىپتۇ!

— جەۋھەر ئۆگەي دادىلىق بوپتۇ.

ساۋاقداشلىرى ئەتىسى ئۇنى ئورىۋېلىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— نېمە دەۋاتىسىلەر؟ بىز ئۆي كۆچتۇق.

— ئۆگەي داداڭنىڭ ئۆيىگە كۆچتۈڭ شۇ.

— نېمە دەۋاتىسىلەر؟ مەن چۈشەنمىدىمغۇ؟!

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار، ئاناڭ ئەرگە تەگدى، ئۇ ئەر ئەمدى سېنىڭ داداڭ بولىدۇ.

— ياق، مېنىڭ پەقەت بىرلا دادام بار، ئۇ توخنىياز.

— ئۇ داداڭ ئۆلۈپ كەتتى، يېڭى داداڭنىڭ ئىسمى داۋۇت ساۋۇت...

— ياق...— جەۋھەر پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

— ۋوي، ئۇنىڭ بىلەن قېرىشمايلى، جەۋھەرنىڭ ئۆگەي دادىسى بار، ئۇنىڭ بۇ دادىسى بەك ئاچچىقى يامان ئادەم جۇمۇ، ۋوي...

باللار بىردىنلا تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنكى دەرس ئۇنىڭ كاللىسىغا زادىلا چۈشمىدى، ئۇ كەچتە سولاشقان ھالدا يېڭى كۆچكەن ئۆيىگە كەلگەندە ئانىسى ھويلىدىكى تاننىغا يۆيۈلگان كىرلەرنى يېيىۋاتاتتى.

— ئانا، سەن راستىنلا ئەرگە تەگدىڭما؟

— بۇنى كىم دېدى ساڭا؟ — دېدى ئايخېنىم چۆچۈگەن ھالدا.

— ساۋاقداشلىرىم شۇنداق دېدىغۇ، «سېنىڭ يېڭى داداڭنىڭ ئىسمى داۋۇت ساۋۇت، ئۇ بەك ئاچچىقى يامان ئادەم» دەپ مېنى زاڭلىق قىلدى.

— بالام، بۇ ئىشلارنى سەن بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشىنىپ قالىسەن، بۇ ئىشتا ماڭىمۇ ئامال يوق بولۇپ قالدى، — دېدى ئايخېنىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا ساۋاقداشلىرىمنىڭ دېگەن گېپى راستىكەندە، سەن نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ مېنىڭ ئۇنداق ئۆگەي دادا تاپقۇم يوق، ئاپا، مېنىڭ پەقەت بىرلا دادام بار...

— مېنى نېمە قىلسۇن دەيسەن ئەمىسە، — دېدى ئايخېنىم كۆزىدىكى ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئۆلگەن ئادەم تىرىلمەيدۇ، جېنىم بالام، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، بىز ياشىشىمىز كېرەك، مەن دېگەن بىر ئايال كىشى تۇرسام، ئۇچ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئاسانمۇ...

— ئاناڭ ناھايىتى توغرا گەپ قىلدى، — دېدى تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغان قارىمۇتۇق، چىرايىغا ئۇششاق قورۇق چۈشكەن ۋىجىك بىر ئادەم جەۋھەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، — ئۆلگەن ئادەم تىرىلمەيدۇ، شۇڭا سىلەرنى چوڭ قىلىش ئۈچۈن ئاناڭلار مەندەك بىر ئەر كىشىگە تايانمىسا زادى بولمايدۇ، ئۇقۇپ قوي، بۈنىڭدىن كېيىن مەن سىلەرنىڭ داداڭلار، ئەمدى مېنىڭ سىزغان سىزىقىم بويىچە ياشايسىلەر جۇمۇ.

جەۋھەر ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى، ئۇنىڭ «مەن سىلەرنىڭ داداڭلار» دېگەن

گېپىنى ئاڭلىغاندا تىنى شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى قوپاللىق، تەھدىتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ياۋايىلىق ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى يامان ئادەملىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ساۋاقداشلىرىنىڭ «جەۋھەرنىڭ ئۆگەي دادىسى بەك ئاچچىقى يامان ئادەم» دېگەن گەپلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن، جەۋھەرنىڭ بەدىنى ئۇششۇكتە قالغان ياپراقتەك تىترەپ كەتكەنىدى، مانا مۇشۇ ئاچچىقى يامان ئادەم سەككىز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە توشقاندەك تىترەپ تۇرىدىغان قورقۇنچاق قىزنىڭ قولىدا جان بېرىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولغىيمىتتى...

جەۋھەر قاتىللىق قىلغان كۈنى يادىغا كەلگىنىدە قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنىلا ئەسلىيەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ قاندىن قورقاتتى، ئۆگەي دادىسىنىڭ قورسىقىغا پىچاق كىرىپ كېتىپ ئوچاق ئالدىغا يىقىلغاندا جەۋھەر ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپلا تالاغا قاچتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەمگە «ئادەم ئۆلدى» دېدى ـ دە، شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھويلىدىكى سۇپىدا ياتقانلىقىنى، قولىغا كويزا سېلىنغان بولۇپ ئەتراپىغا ساقچىلار ھەمدە مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرگەن ساقچىلار ئۇنى تارتىپ ـ سىلكىپ ئېلىپ ماڭدى، ئۇ ئانىسىنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغان ھالدا: «ۋاي جېنىم قىزىم، ماڭا بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ئەمدى» دېگەن ئايانچلىق ئاۋازىنى ساقچى ماشىنىسىغا چىقىۋاتقاندا ئاڭلاپ قالدى، لېكىن ساقچىلار ئانىنىڭ

يىغىسى بىلەنمۇ كارى بولماي ماشىنىسىنى چىرقىراتقان پېتى مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ماشىنا بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئاراقۇمغا بىر قېتىم كەلگەنىدى، ئۇ چاغدا ئۆگەي دادىسىنىڭ چوڭ ئوغلى جاپپارنىڭ قولىغا مۇشۇنداق كويزا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلغاندا جەۋھەر ھاياجانلىنىپ دوستلىرى بىلەن تازا خۇشال ئويىنىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ، چۈنكى جاپپار ئۇچىغا چىققان لوكچەك ئىدى، نەدە ئۇرۇش ـ جېدەل بولسا ئۇ شۇ يەردە بار، ئۇنىڭ دادىسى جەۋھەرنىڭ ئاپىسى بىلەن توي قىلىپ ئاز ئۆتمەيلا ئۇ بىرنەچچە دوستى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ چاغدا جەۋھەر ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئۇچ يىل يوقاپ كەتكەن جاپپار بىر كۈنى تۇيۇقسىز پەيدا بولدى، ئۇ ئىچكىرىدە سودىنى ئەمەس، بەلكى لوكچەكلىكنى ئۆگەنگەن چېغى، ئۇچ يىل ئىچكىرىدە يۇرۇپ قورۇق قول قايتىپ چىقىپلا مەھەللىدىكى بىر توپ تەييارتاپ بالىلارنى ئەتراپىغا يىغىپ نەدە جېدەل بولسا شۇ يەردە ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ يۇردى، ئەڭ يامان بولغىنى ئۇ جەۋھەرنىڭ تولۇۋاتقان قىزلىق لاتاپىتىگە كۆز تاشلاپ چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئوتتۇزغا يېقىنلاشقان جاپپارنىڭ بۇ بەتقىلىقلىرى جەۋھەرنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ ئۆزىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر خەۋپنى ھېس قىلدۇراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ «جاپپار تۈل چوكان مايسەمنىڭ قوناقلىقىدا ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى، ئىككى كۈندىن كېيىن ساقچىلار مانا مۇشۇ چىرقىرىغاق

ماشىنىدا كېلىپ ئۇنى مەھەللە دوقمۇشىدا بىر توپ بالىلارنىڭ ئارىسىدىن تۇتۇپ ماشىنىسىنى چىرقىراتقان پېتى ئېلىپ كەتتى. چۈنكى، مايسەم بۇ خورلۇقتا چىدىماي ئەرز قىلغانىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ تۈرمىدىن قايتىپ كەلگىنىدە جەۋھەر ئون يەتتە ياشقا كىرىپ تازا يېتىلگەن بىر گۈزەل قىز سۈرىتىدە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغىنىدا كۆز چاناقلىرى كېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ هويلىغا كىرگىنىدە جەۋھەر يازلىق ئوچاقنىڭ ئالدىدا قازان بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، جاپپار قولىدىكى سومكىسىنى هويلىدىكى سۇپىغا تاشلاپلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جەۋھەرمۇ سەن،— دېدى ئۇ تامىقىنى چاكىلداتقان ھالدا،— بىر يۇتۇم سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتكىدەكلا چىرايلىق قىز بوپسەن جۇمۇ، بىزنىڭ ئۆيدىن مۇنداق پەرىنىڭ چىقىشى ئالامەت ئىش بولدى ـ دە، ئەمدى سەن بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزغان سىزىقتا ياشىمىساڭ بولمىغۇدەك، مەن ساڭا ئەسكەرتىپ قوياي، جەۋھەر، سېنىچۇ ھېچكىمگە بەرمەي ئۆزۈم ئالىمەن، مەندىن رۇخسەتسىز تالاغا چىقساڭ ياكى بىرەرسى بىلەن يۈرۈپ قالغىنىڭنى ئۇقۇپلا قالسام پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن جۇمۇ، مۇشۇ گېپىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟!— دېدى جەۋھەر ئۇنىڭ ئەركىلىتىش ئۈچۈن مەڭزىگە سۇنغان قولىنى سىلكىپ،— سىز دېگەن ئۆگەي بولسىڭىزمۇ مېنىڭ ئاكام جۇمۇ، مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولماڭ.

— ۋاھ، بەكلا شاش بايتال بولغان ئوخشايسەن ـ ھە،— جاپپار شۇنداق دېگىنىچە قولىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە

يەنە ئۈزۈنتۈۋىدى، جەۋھەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ قولىغا مىس چۆمۈچنى ئالدى.

— ئەمدى يېقىن كېلىدىغان بولسىڭىز كالالىڭىزغا يەيسىز،— دېدى جەۋھەر چۆمۈچنى ئۇنىڭغا تەڭلىگەن هالدا كەينىگە ئاستا يېنىپ تۇرۇپ.

— ياخشى، ناهايىتى ياخشى،— دېدى جاپپار ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قەيسەرلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ،— مۇشۇ تۇرقۇڭدىن قارىغاندا سەن خېلىلا يۈرىكىڭ بار قىز بولغانىدەك تۇرىسەن... مەندەك بىر مەهەللىنى بىردەمدىلا ئوت - تەتۈر قىلىۋېتەلەيدىغان قارام ئەركەككە تىكىلىپ قارىغۇدەك قىز بولغاندىكىن مەن خاتىرجەم بولدۇم، قىز بالا دېگەنچۇ، مۇشۇنداق ئەركەك چىۋىننىمۇ ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغان ئادەم بولغىنى ياخشى، ها - ها - ها...— ئۇ قاقاهلاپ كۈلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەپتىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىكى لاۋزىلىقتىن مۇشۇ ئۈچ يىللىق تۇرمە هاياتى ئۇنىڭ لۈكچەكلىكىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمىگەندەك تۇراتتى.

جاپپار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن جەۋھەر چۆمۈچنى جايىغا قويدى - يۇ، بەدىنى تىكەنلىشىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى خورلۇقتىن ئاچچىق سىلكىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپىنىڭ ئەمدى رەسمىي يېتىپ كەلگەنلىكىنى هېس قىلغانىدى...

سوت داۋاملىشىۋاتاتتى، جەۋھەر ئۆز ئىسمىنىڭ تالاي قېتىملاپ تىلغا ئېلىنىپ مۇشۇ سۆزلۈك سوتخانىنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، چۈنكى جەۋھەر

كەينى تەربىيىدىكى سوتنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالايتتى، ئۇلار ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ بايانلىرىدىن، ئەيىبلىگۈچىنىڭ قانۇننىڭ قايسىبىر ماددىلىرىنى شىپىي كەلتۈرۈپ ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەۋاتقانلىقلىرىدىن ئۆزىنىڭ بەكمۇ بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. جەۋھەرنىڭ ئاچچىقى كەلگىنى بىر بىچارە قىزنىڭ مۇشۇ سولغۇن تۇرقىنى تاماشا قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىدى، ئۇ تۇرۇپلا شەھەرلىكلەرگە ئۆچلۈكى كەلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان مۇشۇ قاتىل قىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىدە كەلگەنلەر ئىدى.

«تووۋا، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ھەقسىز تاماشىنى كۆرۈشتىن باشقا ئىشلىرى يوقمىدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆرۈشكە ئامراقتۇ بۇ خەق... شەھەرلىك دېگەننىڭ ئارتۇقچە غەم ـ غۇسسىسى بولمىغاندىكىن مۇشۇنداق ھەقسىز ئويۇنلارنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچمىسا كۈنى كۈندەك ئۆتمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟»

ئۇ شەھەرلىكلەرنى غايىبانە قارغاپ ئولتۇرغان بىلەن ئۆزىنىڭ شەھەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى، چۈنكى جەۋھەر مۇشۇ يېشىغىچە شەھەرگە بىرەر قېتىممۇ بارالمىغىنى بىلەن، ناھىيە بازىرىغا بىر قېتىم بارغانىدى، ئۇ ئاشۇ سەپىرىدىن كېيىنلا سەھرالىق بىلەن شەھەرلىكنىڭ پەرقىنى ئوبدانلا ھېس قىلىپ ئۆزىنىڭ سەھرادا تۇغۇلۇپ

قالغىنىدىن نومۇس قىلغانىدى، مانا بۈگۈن شەھەرلىكلەرنىڭ پىچىر - پىچىرلىرىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ساقلىنىۋاتقان نۇقسانلارنىمۇ ئازراق ھېس قىلدى، لېكىن يەنىلا شەھەردە ياشىغان ئادەملەرنىڭ بىكارچىلىقتا مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقىپ يۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ ئېسىگە دادىسىغا ئەگىشىپ ناھىيە بازىرىغا بارغان ئاشۇ چاغ كەلدى.

جەۋھەر ئۇ چاغدا ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ يولنى دادىسىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىدا تۆت - بەش سائەت ماڭغانىدى، ئۇ كۈنى دادىسى كۆزگى بۇغداي ئېڭىزىغا تېرىغان يېسىۋىلەكنى بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بولۇپ، بامدات نامىزىدىن قايتىپلا يولغا چىققانىدى، دادىسىنىڭ بازارغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان جەۋھەر بازارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈش ئىستىكىدە دادىسىغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى ماقۇل كەلتۈرگەنىدى.

— ئەتە بامدات نامىزىدىن يېنىپلا يولغا چىقىمەن، ئويغىنالىسىڭىز ئاپىراي، تاتلىق قىزىم، — دېگەنىدى ئىللىق چىراي دادىسى ئۇنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپ.

شۇ كۈنى كېچىسى جەۋھەر تۈنجى قېتىم بازارغا بارىدىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن خۇشاللىقىدا پەقەتلا ئۇخلىيالمىغانىدى، لېكىن ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى، بازارغا بېرىش خۇشاللىقىدىنمىكىن ئىشىكى ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ شېخىدا ئۇخلايدىغان چار خوراز چىللاش بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتكەن

جەۋھەر تېخىچە ئۇخلاپ ياتقان دادىسىنى چاقىردى.
— دادا، دادا، توخۇ چىللاپ كەتتى، بازارغا ماڭمامدۇق؟
— ۋاي بالام، توخۇ چىللىغان بىلەن تاڭ ئاتمىدىغانغا ھەلەم بار، — دېدى توخنىياز يوتقىنىنى ئېچىپ ئۇنى يېنىغا ياتقۇزغاندىن كېيىن يىرىك چاچلىرىنى سىلاپ يېتىپ، — يەنە بىردەم ئۇخلاڭ، تاتلىق قىزىم، مەن سىزنى بازارغا چوقۇم ئاپىرىمەن، يېسىسۇبلەكنى سېتىپ بولۇپ سىزگە چىرايلىق قونچاق ئېلىپ بېرىمەن.
ئۇ ئەمدى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ يېتىپ خاتىرجەم ئۇخلاپ قالدى، چۈنكى دادىسى ئۇنى ئويغاتماي چىقىپ كېتەلمەيتتى، ئۇ بازارنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاچ شېرىن خىياللار ئاسارىتىدە يەنە ئۇخلاپ قالدى، بىر چاغدا ھويلىدىكى ئۆپۈر - تۆپۈردىن چۆچۈپ ئويغانغىنىدا يېنىدا دادىسى كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى دادىسى ئۇنى ئۇخلىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىراپ كىيىنىپ ھويلىغا چىقىۋىدى، دادىسى سۇر ھاڭگىنى ھارۋىغا قوشۇۋاتاتتى. شەرق تەرەپ سۇزۇلگەن بىلەن، تاڭ تېخى تولۇق يورۇپ كەتمىگەنىدى. سەھرانىڭ پەقەتلا ئېزىپ كەتمەيدىغان سائىتى — چار خوراز ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئاخىرقى چىللاشلىرى بىلەن يېڭى تاڭنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاۋاتاتتى.
— ئويغاندىڭىزمۇ، قىزىم، ھاۋا سەل سوغۇق تۇرىدۇ، قېلىنراق كىيىنىۋېلىڭ.
ئۇلار ئاخىرى يولغا چىقتى، ھارۋىغا لىققىدە بېسىلغان يېسىسۇبلەك رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ئادەم بويىدىن

ئېگىزرەك كەلگەنىدى، بۇ ئېغىر يۈكنى ئاران تارتىپ كېتىۋاتقان سۇر ھاڭگا ئەگرى ـ بۈگرى مەھەللە يولىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، ئېغىر يۈكنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ھارۋا كىچىكرەك كاتاڭلارغا چۈشسىمۇ ئەنسىز غىچىرلاپ كېتەتتى، ئېگىز بېسىلغان يېسسىۋېلەك ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭگەن نېپىز ئەديال، ئۈستىگە كونىراق كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، ئاشۇ ئەديال ئۈستىدە جەۋھەر تەتۈر تىكىلگەن جۇۋىغا يۆگەپ قويۇلغانىدى، ئۇ باش تەرىپىگە قويۇلغان بىر باغلام قوناق شېخىغا بېشىنى قويۇپ خۇددى بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقتەك تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى. توختىياز ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، كەينى تەرىپىدىكى يېسسىۋېلەككە يۆلەنگەن ھالدا پات ـ پات ئېشەككە قامچا ئۇرۇپ قوياتتى، تاڭ يورۇغانلىقتىن مەھەللىدىكى بارلىق جاندارلار ئويغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئېشەكنىڭ سوزۇپ ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ سەھرانىڭ لىرىك مۇزىكىسى باشلىنىپ كەتكەنىدى.

قىزىرىۋاتقان قۇياش ئۆز نۇرىنى ئاراقومغا چېچىش ئۈچۈن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى، سېخىي كۈزنىڭ ھىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتقان سۆگەتلەردىكى سارغايغان ياپراقلار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك جۇلالىنىپ كەتكەنىدى. مەھەللىدىكى بارلىق ئۆيلەردىن تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە نېمىلەرنىدۇ قىلىشىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئاۋازلىرى

چىقىپ تۇراتتى، ئۆگزىلەردىكى پاكار تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن سارغۇچ ئىس ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ سۇزۇلۇۋاتقان ئاسمان بوشلۇقىغا ئاستا - ئاستا سىڭىشمەكتە ئىدى.

جەۋھەر بازارغا بېرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان بولغاچقا مەھەللىدىن چىقمايلا ئۇخلاپ قالدى، مەھەللە يولى ئاخىرلىشىپ ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ئاسفالت يولغا چىققان ئېشەك بىردىنلا ھارۋىدىكى يۈك يەڭگىللىشىپ قالغاندەك قەدىمىنى تېزلەتتى. توختىنىياز قىزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان پۈتىنى جۇۋا بىلەن چىڭ ئوراپ قويۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشىمىكىن، يامانمىكىن،
بىلەي دەپ كەلدىم.
ۋاي، ۋاي جېنىم ئاقپىشماق،
ئاقپىشماققا مەن ئامراق...

جەۋھەرنى دادىسى ئويغاتقاندا قوزا چۈش ۋاقتى بولغان بولۇپ، ھارۋا چىرايلىق بېزەلگەن بىر رېستوراننىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، دادىسى ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈردى. ئۇ يەرگە چۈشۈپلا بازار دېگەننىڭ ناھايىتى چوڭ ھەم بەكمۇ چىرايلىقلىقىنى ھېس قىلدى، قەۋەتلىك بىنالار، چىرايلىق كىيىنگەن ئادەملەر، مەھەللىسىگە ئون -

يىگىرمە كۈندە بىرەر قېتىم بېرىپ قالىدىغان چىرايلىق ماشىنىلار ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. چىرايلىق ياسانغان بىر ئايالنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملاردىكى بىر قىز ماگىنىتتەك ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. قىز ئۇچىسىغا گۈللۈك ساراپان كىيىۋالغان بولۇپ، قىزىل ئۆتۈكى ئۇنى ئۆز يېشىدىن چوڭايتىۋەتكەندەك تۇراتتى. ئۇ قىز ھارۋىنىڭ يېنىدا تۇرغان جەۋھەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىمۇ ئەيتاۋۇر، جەۋھەرنىڭ ئۇچىسىغا بىر قۇر قاراپ ئۇنى ياراتمىغاندەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئۇ خۇدۇكسىرەپ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان رەڭگى ئۆڭۈشكە باشلىغان يېشىل رەڭلىك پوپايكىسىنىڭ بۇرجەكلىرىنى تارتىپ قويدى، ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم كىيىمىدىن نومۇس قىلىش تۇيغۇسى ئويغانغانىدى.

توخنىياز ھارۋىدىكى يېسىۋېلەكنى ھارۋىسىدا تۇرغۇزۇپلا باھالىتىپ ساتقان بولسا كېرەك، يېسىۋېلەكنىڭ ئۈستىگە ياپقان ئەديىال بىلەن جۇۋىنى ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ باغلاقنى يېشىپ تۇشۇشقا باشلىدى. دوغىلاق غوجايىن رېستوران ئىچىدىن ئىككى ياش بالىنى باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتۈرۈپ بىردەمدىلا ھارۋىنى بىكارلىدى ـ دە، بىرمۇنچە پۇلنى ساناپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ رېستورانغا كىرىپ كەتتى.

ــ يولىڭىز ئوچۇقكەن، قىزىم، ــ توخنىياز ھارۋىنىڭ ئىچىدىكى يېسىۋېلەك يوپۇرماقلىرىنىڭ قالدۇقىنى ھارۋىنىڭ كەينى تەرىپىگە تاشلىدى، قوناق

شىبخىنى ئۇنىڭ يىنىغا سورۇپ قويۇپ ئەديالنى هارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تۆت قاتلاپ سالدى، كۆرپىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قاتلاپ سېلىپ جۇۋىنى يىنىغا قويغاندىن كېيىن قىزىنى هارۋىغا چىقاردى،— ئەگەر پارچىلاپ ساتقان بولساق كەچ قالاتتۇق،شۇڭا يۈز يىگىرمىگىلا بىراقلا سېتىۋەتتىم، ئەمدى بىز هارۋىنى ئوبدانراق بىر يەرگە توختىتىپ قويۇپ تاماق يەيلى، ئاندىن سىزگە كىيىم ئېلىپ بېرەي، هېلىقى بالىنىڭ كىيىمىگە بەك قاراپ كەتتىڭىز، قىزىم، سىزمۇ چىرايلىق كىيىم كىيىپ بېرىپ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىڭ.

— بەك ياخشى بولدى،— دېدى جەۋھەر خۇشلۇقىدىن چاۋاك چېلىپ،— ماڭا ئاشۇ قىزدەك ساراپان بىلەن ئۆتۈك ئېلىپ بېرىڭ، دادا.

— چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن، قىزىم،— دېدى توخنىياز هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىۋېتىپ،— سىز چىرايلىق بولغاندىكىن ئۇ كىيىملەرنى كىيسىڭىز مەلىكىلەرگىلا ئوخشاپ قالىسىز، قىزىم.

گۈزەللەرنىڭ بىرىسىز، قىزىم،
هاياتىمنىڭ رېڭىسىز، قىزىم.
ئاللا بەرگەن سىزگە ئۈز چىراي،
مىشچانلىقتىن نېرىسىز، قىزىم.

دادىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن بىيىتىدىن سۆيۈنگەن جەۋھەر هارۋىنىڭ ئالدىغا سورۇلۇپ كېلىپ دادىسىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيدى.

— دادا، سىز بەك ياخشى - ھە! — دېدى جەۋھەر دادىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — سىزدەك ياخشى دادا ھېچ يەردىن تېپىلمايدۇ.

توخنىياز شۇ كۈنى جەۋھەرگە راستىنلا بىر ساراپان بىلەن ئۆتۈك ئېلىپ بەردى، يەنە تېخى ئەرزان باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان يايمىچىنىڭ ئالدىدىن بىر دانە مىس بىلەزۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

— قىزىم، بۇ مىس بىلەزۈك بولغان بىلەن، ئالتۇن بىلەزۈكتەكلا پارقىرايدىكەن، — دېدى ئۇ بىلەزۈكنى جەۋھەرنىڭ قولىغا سېلىۋېتىپ، — سىز ئون سەككىز ياشقا توشقان كۈنىڭىزدە ئالتۇن بىلەزۈك سېتىۋېلىپ قولىڭىزغا سالىمەن، ئاپپاق قىزىم.

جەۋھەر بۇ بىلەزۈكنى خېلى يىللارغىچە تاقاپ يۈردى، كېيىن قولىغا كىچىك كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قىزىل لاتىغا يۆگەپ ساندۇققا سېلىپ قويدى. مانا، ئون سەككىز ياشقا توشقان جەۋھەر ئۆزىگە ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرىدىغان دادىسىدىن ئايرىلغانلىقى ئاز دەپ ئالتۇن بىلەزۈك سالىدىغان قولىغا داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان «كۆمۈش» بىلەزۈك سېلىپ جىنايەتچىلەر تۇرىدىغان ئورۇندا — نەچچە يۈز كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا خىيال بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ياماشقان خىياللار گەرچە بەكلا تەسىرلىك ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئورۇندا تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پايخان قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ - دە.

«توۋا! دادام ھەربىر ئېغىز گېپىگە خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ سۆزلەيتتى، دادام شۇ چاغدا بەكلا خۇشال

بولۇپ كېتىپ ماڭا مىس بىلەزۈك ئېلىپ بەرگەن، ئۇ چاغدا ‹خۇدايىم بۇيرۇسا ئون سەككىزگە كىرگەن كۈنىڭىزدە ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرىمەن› دېمىگەن بولغىيمىتى.» ئۇ يەنىلا ئاشۇ چاغقا قايتىپ، دادىسى بىلەن بازارنى قانغۇدەك ئايلانغان چاغلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى.

توغرا، ئۇ كۈنى دادىسى جەۋھەرنى ئىنتايىن چىرايلىق بېزەلگەن ئاشخانىغا ئەكىرىپ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان پىتىر مانتا، گۆشنان بىلەن مېھمان قىلدى، قورسىقىنىڭ تويغىنىغىمۇ ئۇنىماي بەش زىخ كاۋاپ ئېلىپ زورلاپ يېگۈزدى، باغچىغا ئەكىرىپ كىچىك قولۋاقتا ئويناتتى، ئۇ كۈننى ئۆمرىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆيىنىغان بىر كۈن دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ بىلەزۈككە بېرىپ تاقالغاندا گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بوغۇزىغا كەپلىشىپ كەلگەن ئاچچىق بىر يىغا ئۇنى ئاشۇ چاغقا بېرىشتىن توسۇپ تۇراتتى.

ئۇ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى خىيال قىلغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ سوت مەيدانىدا سوتلىنىۋاتقانلىقى پات - پات يادىغا كېلىپ قالاتتى، چۈنكى هازىر ئىككى ئادۋوكات ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ مۇنازىرىلىشىۋاتقان بولغاچقا خىياللىرى پات - پات بۆلۈنۈپ كېتەتتى - دە، بەدىنى خۇددى ئۇشۇك تەگكەن هەرىدەك تىترەپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كېلەتتى، شۇڭا ئۇ ئامال بار يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاشۇ شېرىن هېسسىياتلار بىلەن يۇغۇرۇلغان خىياللار قايىنىمىغا قايتىپ كېتەتتى.

جەۋھەر تۇيۇقسىز سوتخانىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆككەنلىكىنى ھېس قىلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىغا قارىدى، ئالدىدىكى مۇنبەردە سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللار كۆرۈنمەيتتى، قارىغاندا سوت ۋاقىتلىق توختاپ سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللار مۇزاكىرىگە چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. جەۋھەر بىر نەچچە قېتىملىق سوتنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە بۇنى بىلمۇۋالغانىدى، جەۋھەر بۇ قېتىمقى چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىلىرىغا ئوخشىمايدىغىنىنى ئوبدان بىلەتتى، چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئەتىگەن سوت مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان چېغىدا بۈگۈنكى ئوچۇق سوتنى رەسمىي ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغان ئاخىرقى قېتىملىق سوت دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، بەلكىم ئۇلار شۇ تاپتا ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىل قىزغا زادى قانداق ھۆكۈم كېسىش كېرەك، دېگەننى مەسلىھەت قىلىشقىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دېمەك بۈگۈن دۇمباق يېرىلىدۇ، ئۇلار بەلكىم قاتىللىق قىلغاندىكىن ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك دېيىشىۋاتقاندۇ. جاپپار: «قانغا قان ئالىمەن، ئۇنى ئېتىپ بەرمىسە مەن مەركەزگىچە دەۋا قىلىمەن» دەپ يۈرگۈدەك، بەلكىم سوتمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق تاللىشىنى قوللايدىغاندۇ...

ئۆزىنىڭ كەينى تەرىپىدىلا ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزگەن جەۋھەر يەنە بىر قېتىم ئاچچىق سىلكىندى، «ئانا، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، مەن بىردەملىك ئاچچىقىمغا ھاي بېرەلمەي سېنى ئۆمۈرلۈك دەردكە مۇپتىلا قىلدىمغۇ، سەن ئاشۇ بەتنىيەت ئادەمگە ياتلىق بولمىغان بولساڭ مۇنداق كۈنلەرگىمۇ

قالمىغان بولاتتۇققۇ.» ئەمدى ئۇنىڭ خىيالى مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولغان ئانىسىغا ئەگەشكەن هالدا يەنىلا ئۆز مەھەللىسىگە كېتىپ قالدى...

ئايخېنىم ئوڭلۇق، خۇش چاقچاق ئايال ئىدى، دادىسى توختىياز قاتناش ۋەقەسىدە تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن بىر يىل ئاق ياغلىقنى بېشىدىن چۈشۈرمەي قارىلىقتا ئولتۇردى، بەلكىم ئانىسى ئاشۇ قارىلىقتا ئولتۇرۇۋەرگەن بولسا، ئۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق مۇشتۇمزور دادا، لوكچەك ئاكا تېپىپ بەرمىگەن بولسا بوگۈنكىدەك كۈنلەرگىمۇ قالماس ئىدۇق دېگەن خىياللارغا ئەسىر بولغان جەۋھەرنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— جاۋابكار، ئورنۇڭدىن تۇر! هازىر هۆكۈمنى ئېلان قىلىمىز!

قاچان قايتىپ كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇۋالغاندىكىن، باش سوتچى ئورنىدىن تۇرۇپ هۆكۈمنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى. «ئورنۇڭدىن تۇر» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئىككى ئايال ساقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان جەۋھەر ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكىدەك هۆكۈم چىقارغانلىقى ئۇنىڭ خىرە ـ شىرە ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

— جاۋابكار جەۋھەر توختىيازغا قەستەن ئادەم زەخىملەندۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى داۋۇت ساۋۇتنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۇچۇن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش هۆكۈم قىلىندى، ئەگەر جاۋابكار جەۋھەر توختىياز بۇ هۆكۈمگە قايىل بولمىسا

ئون بەش كۈن ئىچىدە سوت مەھكىمىمىز ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدۇ، سوت ئاخىرلاشتى.

باش سوتچىنىڭ ياغاچ بولقىنى ئالدىدىكى يۇمىلاق تاختىغا ئۇرۇشى بىلەن تەڭلا:

— ۋاي جېنىم بالام، سەنسىز قانداق ياشايمەن! بالامغا ئۇۋال بولدى، ئۇ گۇناھسىز، ئېتىش توغرا كەلسە مېنى ئېتىڭلار!— دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىغان بىر ئاۋاز سوتخانىنى لەرزىگە سالدى. جەۋھەر ھۆكۈم ئوقۇلغاندا نېمە دېيىلگەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەنىدى، لېكىن ئانىسىنىڭ يىغىسىدىن ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، بېشى پىرىرىدە قايغاندەك بولۇپ يان تەرەپكە سەنتۈرۈلدى. شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىككى ساقچى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ يان تەرەپتىكى ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ئۆزۈڭنى ئاسرا...

پۈتۈنلەي بوشىشىپ ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان جەۋھەرنى ئىككى ساقچى سۆرەپ دېگۈدەك تالاغا ئاچىقىپ مەھبۇس ماشىنىسىغا سالدى ـ دە، سوت مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# مېھىرلىك سۆيگۈ

ئايخېنىم ئۆزىنىڭ ئاراقۇمدىكى ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ نەچچە قېتىم ئوڭشالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. كەۋسەر بىلەن قەيسەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى، بىراق ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ چۆچۈپ كېتىشتى. چۈنكى، ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلە ـ كەلمەيلا بىر ساقچى ماشىنىسى چىرقىرىغانچە ناھىيە بازىرى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالغانىدى، ھويلىدا ئانىسى ھوشسىز ياتاتتى، ئۇلار ئاچىسىنىڭ زادى نېمە ئىش تۈپەيلىدىن قاتىل بولۇپ قالغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەچكە بىردەم ـ بىردەم ھوشىدىن كېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ بېشىدا سەدپارە ئىدى.

ئايخېنىم قىزىنىڭ ئۆگەي دادىسىغا پىچاق سېلىۋەتكەنلىكىنى كېۋەزلىكتە ئوت ئوتاۋاتقان يېرىدە ئاڭلىدى، ئايخېنىم ئېتىزغا ماڭغاندا جەۋھەر چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋېتىپ كەينىدىن يېتىپ بارماقچى بولۇپ ئۆيدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېرى داۋۇت تاماقتىن كېيىنلا:

— خوتۇن، سىلەر ئېتىزغا كېتىۋېرىڭلار، مەن سۇ

نۆۋىتىمىزنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى كەنت باشلىقىدىن سوراپ كەينىڭلاردىنلا يېتىپ بارىمەن، ــ دەپ چىقىپ كەتكەندى.

جاپپار كۆندە دېگۈدەك بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرىدىغان بولغاچقا ئېتىز ئىشلىرىغا تازا قارىشىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىنى چالا ـ بۇلا قىلىپلا دادىسىنىڭ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندى. ئۇ تۇرمىدىن چىققاندىن بېرى ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايدىغان بىر تەييارتاپقا ئايلانغانىدى، شۇڭا ئېتىز ئىشى ئاساسەن داۋۇت چوقۇر بىلەن ئايخېنىم ھەم ئون ئىككى ياشىدىلا مەكتەپتىن ئايرىۋالغان جەۋھەرگىلا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى. مانا بۈگۈن ئايخېنىم ئۆزى يالغۇز كېۋەزلىككە كېلىپ ئەمدىلا ئىشقا چۈشۈۋىدى، «جەۋھەر دادىسىغا پىچاق تىقىۋېتىپتۇ» دېگەن بىر خەۋەر كېلىپ ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ بۇ خەۋەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەي بىردەم داڭ قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن خەۋەر ئەكەلگەن ئايالنىڭ تۇرتۇشى بىلەن ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە يېتىپ كەلگىنىدە ھويلا ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى، يېرىم جان بولۇپ قالغان داۋۇتنى ئۇدۇل قوشنىسى ئاۋۇتئاخۇن ھارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئايخېنىم دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا ھويلىدىكى سۇپا يېنىغا كەلدى، چۈنكى قوشنىلار ئاشۇ سۇپا ئەتراپىدا تۇرغان بولۇپ، سۇپىدا ئۇيغىدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان جەۋھەر خۇددى ساماندەك سارغايغان ھالدا ھوشسىز ياتاتتى.

— ۋاي بۇ بىزگە نېمە كەلگۈلۈك، سەن نېمە قىلىپ قويدۇڭ تۇزكور...— ئايخېنىم سۇپىدا خۇددى ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتقان جەۋھەرنى جان ـ جەھلى بىلەن تارتقۇچىلىدى.

— مىدىراتمىسىلا، — دېدى كەنتنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى باھارگۈل ئايخېنىمنى بىر يانغا تارتىپ، — ئۇنىڭدا قان ئازلىق كېسىلى باركەن، ئوكۇل ئۇرۇپ قويدۇم، ساقچىلار يېتىپ كەلگۈچە ھوشىغا كېلىدۇ.

— ساقچىلار...— ئايخېنىم ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا چىرايى تاتىرىپ قىزىنىڭ يېنىغا گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ئۇمۇ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگىنىدە ھويلا ئىچى ساقچىلارغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. قىزى تېخىچە ھوشسىز ياتاتتى، بىراق قولىغا كويزا سېلىنىپ بولغانىدى. ئۇلار قاتىللىق قىلىنغان نەق مەيداننى سۈرەتكە تارتىپ قوشنىلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ قېتىمقى قاتىللىققا شاھىت بولىدىغان ئادەم بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ بولغۇچە جەۋھەر ھوشىغا كەلدى، ئۇلار جەۋھەرنى ئېلىپ ماڭغاندا ئايخېنىم يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگىنىدە ئۆزىنى ئاراقۇمدىكى ئون يىلدىن بۇيان ئادەم ئولتۇرماي چۆلدەرەپ قالغان ئۆيىدە كۆردى، بۇ ئۆي قوشنىلارنىڭ قول ـ قولچە تازىلاپ كىگىز ـ كېچەكلەرنى سېلىپ رەتلەپ قويۇشىدىن سەل ئىسكەتكە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىلا كىشىنىڭ كۆزىدىن ئايخېنىمغا بولغان ھېسداشلىق بىلەن ئېچىنىشنىڭ سىيماسى چىقىپ تۇراتتى. قوشنىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جاپپار ساقچىلار يېتىپ كېلىپ جەۋھەرنىڭ قولىغا كويزا

سىلىپ ئىلىپ ماڭغان چاغدا ئۆيگە كەلگەن، ئۇ خۇددى يارىلانغان شىردەك قاتتىق ھۆركىرىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ ئىككى ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان ئايىخېنىمنى بىر كاچات سىلىپ بولۇشىغا تىللىغان ھەمدە ئايخېنىم ھوشىدىن كېتىشى ھامانلا ئۇنى خۇددى ئەسكى پالاسنى سۆرىگەندەك ئۆيدىن سۆرەپ ئاچىقىپ ھويلىغا تاشلىۋەتكەنىكەن، بۇ ئاز كەلگەندەك نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى ئاراقۇمدىن ھارۋىغا بېسىپ كەلگەن يوتقان – كۆرپىلەرنىمۇ سۆرەپ ئاچىقىپ ھويلىغا تاشلىغانىكەن.

— ھاي – ھاي، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى، — دېگەنىكەن ئۇلارنىڭ قوشنىسى سالىئاخۇن ئارىغا چۈشۈپ، — بىر نىمجان ئايالغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ سېنىڭ ئاناڭ، سەن مۇشۇ ئانىنىڭ ئاش – تۇزىنى ئون يىل يېگەن جۇمۇ.

— مېنىڭ مۇنداق ئانام يوق! — دەپ ۋارقىرىغان جاپپار تۆمۈردەك كۆكەرگەن ھالدا يۇگۇرۇپ كېلىپ ھوشسىز ياتقان ئايخېنىمنى بىرنى تەپكەن، — بۇ قانجۇق قىزىنى كۇشكۇرتۇپ دادامغا پىچاق سىلىۋەتتى، دادام ھازىر دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتىدۇ، دوختۇرلار قان بەك كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، بىز قۇتقۇزۇپ باقايلى، لېكىن ئۈمىد بەك چوڭ ئەمەس دەۋاتىدۇ، ناۋادا دادامغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا مەن بۇ تېگى پەس، ئۆزى نەس قانجۇقنىمۇ، ئاۋۇ قانخور قىزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، مېنىڭ ئاچچىقىم تۇۋۇدىن تۇتماستا ئۇ ئۆزىنىڭ كەپىسىنى تېپىۋالسۇن، بولمىسا مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ بۇ قانجۇق.

ئىشىك ئالدىدا بۇ ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇپ تۇرغان بىرنەچچە ئايال ھويلىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا تۇۋۋا دېيىشىپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى، ئارىدا دادىلراق ئىككىسى كىلىپ ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك ئۆرلىتىپ ياتقان ئايخېنىمنى يۆلىدى ۋە كالپۇكى ئۈستىدە بۇژۇلداپ تۇرغان ئاق كۆپۈكنى باش ياغلىقلىرى بىلەن ئېرتىشتى، ھويلىغا تاشلىۋېتىلگەن سامان تەكيەنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇشتى. ئۇنىغىچە بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن ھېسامىدىن ھارۋىكەش بىلەن ئايالى ئايىسخان ھويلىغا كىرىپ كەلدى، ئايىسخان قىزىنىڭ ھوشسىز ھالەتتە ھويلىدا ــ توپا ئۆرلەپ تۇرغان داق يەردە ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزىنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ــ ۋاي قىزىم، جېنىم قىزىم، كۆزۈڭنى ئاچ، بىزنى ئايا، ئاھ، ئۇلۇغ خۇدا! بۇ بىزگە نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى؟ بىز سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتۇق ـ ھە، نېمىشقا بىزنى مۇشۇنداق سەرسانلىق كوچىلىرىغا تاشلايدىغانسەن؟...

ھېسامىدىن ھارۋىكەش قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەركەكلىككە ئېلىپ كۆزىدىن تامچە ياش چىقارمىدى، چۈنكى ھويلىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئائىلىدە يۈز بەرگەن قاتىللىقنى ئەيىبلىشىۋاتقاندەك ئۇلارغا ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ زار ـ زار يىغلاپ تۇرغان ئىككى نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن تالادا چېچىلىپ ياتقان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ھويلىغا

كىرىپلا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا خۇددى بۇ ھويلىدىن ئۇلار تېزرەك چىقىپ كەتمىسە بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك ئەلپازدا ئۇلارغا ئۆچلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان جاپپارنىڭ كۆمۈردەك قارىدىغان چىرايىنى كۆرۈپلا ھەممىنى چۈشەنگەندى، چوڭ نەۋرىسى قاتىل بولۇپ تۇتۇلدى، قىزىنىڭ يولدىشىنىڭ ساق ياكى ساق ئەمەسلىكى ھازىرچە نامەلۇم، ئۇنى ساقايدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئەمدى قىزىنىڭ بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. «ئەڭ مۇھىمى، داۋۇت ئۆلۈپلا قالمىسا ئىشلار ياخشى بولۇپمۇ قالار، نەۋرەممۇ خۇن قەرزىگە بوغۇلۇپ قالماس، لېكىن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭدىن قان بەك جىق چىقىپ كېتىپتىمىش، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشىدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسا ياخشى بولاتتى، بولمىسا نەۋرىسىنىڭمۇ ئىشى چاتاق، ھەي... بۇ قىز نەۋرەم بىلەن ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسىنىڭ ئارىسىدا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ؟ ئۇنىڭغا پىچاق سالغۇدەك بولغاندىكىن چوقۇم بىر سەۋەب بار، بۇنى ساقچىلار ئېنىقلاپ بىرنەرسە دەر، ھەرقانچە بولسىمۇ پىچاق كۆتۈرمىسە بولمامدۇ، ھەي... مۇشۇ نەۋرەم نېمىشقىمۇ بىردەملىك ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىگەندۇ ـ ھە...»

ھېسامىدىن ئەنە شۇنداق ئەنسىز خىياللار بىلەن نەۋرىلىرىنى ئالدىرىتىپ چېچىلىپ ياتقان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى چىرايلىق قاتلاپ ئاچىقىپ ھارۋىسىغا سالدى، ھوشسىز ياتقان قىزىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى ، ھارۋىنىڭ قېشىدا تېخىچە يىغلاپ تۇرغان كەۋسەر بىلەن قەيسەرنى يىغىدىن

توختىتىپ ھارۋىغا چىقاردى ــ دە، قولۇم ــ قوشنىلارغا خوشمۇ دېمەي ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ئۇلار ھېسامىدىن ھارۋىكەشنىڭ چاندۇرمىغىنى بىلەن ئىچىدە زار ــ زار يىغلاۋاتقانلىقىنى، قىزىنى مۇشۇنداق بىر ناباب ئائىلىگە ياتلىق قىلىپ ئازاب ــ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشقا، يەنە كېلىپ بىر ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلىغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى.

※ ※ ※

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئايخېنىم شەھەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە تېخى كىرمەيلا تالادا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان قوشنىلارغا ئېسىلىپ يىغلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى، چۈنكى بايىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن قىزىنىڭ ساقچىلارنىڭ قولتۇقلىشىدا چىقىپ كېتىۋاتقان تۇرقى بەكمۇ بىچارە ئىدى. ئۇ ئانىسىغا، ئىنىلىرىغا تارتىشىۋاتقاندەك كەينىگە بىرنەچچە قېتىم قارىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە تەلمۈرۈشى ئانىنىڭ يۈرەك باغرىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتكەنىدى، قىزىنىڭ «ئانا، جېنىم ئانا، ئۆزۈڭنى ئاسرا...» دېگەن چاغدىكى يىغا ئارىلاش ئاۋازى گويا ئۇنى ھازىرلا جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندەك ئۇنى تامامەن بىھوشلاندۇرغانىدى. شۇ تاپتا بۇ ئۆي ھازىر بەئەينى بىر ھازا مەيدانىغا ئايلاندى.

چىڭقىچۈش، ئاراقۇم مەھەللىسى كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ تەسىرىدىن تونۇردەك قىزىدى، ئېتىزدا ئەتىگەنلىك ئورمىغا چىققان دېھقانلار ئالدىراقچان يەرلىرىدىكى

بوغدايلىرىنى ئورۇشنى توختىتىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى، ئاياللارنىڭ تولىسى ئايخېنىمغا تەسەللى بېرىش بىلەن سەدىپارە. كۆجۇم مەھەللە سۈكۈت ئىچىگە پاتقانىدى، چۈشنىڭ قىيانلىق ئاپتىپىدا چوغدەك تاۋلانغان بۇ مەھەللىدىن شۇ تاپتا تونۇر تەپتىدەك هارارەت تارقالماقتا ئىدى، باغدا كاككۇكنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ سايراشلىرى، سۇ بويىدىكى قىياقلىقتىن تومۇزغىلارنىڭ تىنماي چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. سۈكۈت ئىچىدىكى زېمىن، هازىغا ئايلانغان كىچىك هويلا، هۇۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئىمجان هاشاراتلارنىڭ سۈرلۈك چىرىلداشلىرى گويا مۇشۇ هازىنىڭ ھەقدارلىرىغا ئايلانغاندەك تۇراتتى. ئەجەبا، ھەممىلا كىشىنى ئاجايىپ سىر - ھېكمەتلەر قوينىغا باشلايدىغان، مۇشۇنداق سېھىرلىك تەبىئەت مۇزىكىسى ياڭرىتىۋاتقان بۇ زېمىن هازىر مۇنۇ قىيانلىق هازىغا راستىنلا شېرىك بولۇۋاتامدىغاندۇ؟!

ئايخېنىم قايتا هوشىغا كەلگىنىدە قوشنىلاردىن بىر نەچچىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئانىسى ئايسىخان بىلەن دادىسى هېسامىدىن كاڭنىڭ قىرىدا مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى، چۈنكى ئامراق نەۋرىسىنىڭ بىردەمدىلا قاتىلغا ئايلىنىپ ھەپسىگە كىرىپ قېلىشى، تېخى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىشى ئۇلارنى مۇشۇنداق ئەلەملىك يىغىغا شېرىك قىلىپ، بىراقلا سەرسانلىق كوچىسىغا تاشلىۋەتكەنىدى.

— قىزىمنى ئۆلتۈرىدىغان بولدىغۇ، جېنىم قوشنام،— دېدى ئايخېنىم يان قوشنىسى مەرەمنىساخانغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە،— ئۇ ئەمدىلا ئون

سەككىزگە كىرگەن ئەمەسمىدى، ئۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چوڭ بولغان ئىدىغۇ. مەن ئەمدى ئۇنىڭسىز قانداق ياشايمەن، ئۇنى ئۆلتۈرگىچە مېنى ئۆلتۈرسە بولمامدۇ... ئۇنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچى بولدۇمغۇ، ئۇنى يېنىمدا تۇرغۇزغىچە مۇشۇ بوۋا - مومىسىنىڭ قېشىدا قالدۇرسام بولمامدۇ، جېنىم مەرەمنىساخان.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئايخېنىم، — دېدى مەرەمنىساخانمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ بوقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئايخېنىمنىڭ كۆزىدىكى ياشنى لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ، — ھۆكۈمەتمۇ ئۇنداق كىچىك قىزلارغا ئىچ ئاغرىتار، ھۆكۈمدە ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ دېگەن گەپ باركەنغۇ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ دېگەندىكىن ئېتىۋەتمەيدۇ، سەۋر قىلسىلا، ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قويمىسىلا، سىلى مۇنداق قىلسىلا ماۋۇ ئىككى بالىغا ئۇۋال.

— بىزنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىمىزدە مۇنداق ئىش چىقىپ باقمىغان، قىزىم مېنى دەپ مۇشۇنداق نادانلىق قىلدىغۇ، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئاپىسى بۇ دەپ مېنى كوچىدا يۈرگۈسىز قىلدىغۇ، نېمە ئۇنداق شەيتىنىڭغا ھاي بەرمىگەنسەن جېنىم قىزىم. دادامنىڭ توخنىيازنىڭ روھى مېنى ساۋىدايىغان بولدىغۇ ئەمدى...

ئايخېنىم گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا يەنە ھوشىدىن كەتتى، چۈنكى توخنىيازنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ خىيالى توخنىيازنىڭ ياڭراق ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا سەۋدايىلارچە ئاشىق بولغان ئاشۇ كۈنلىرىنى ئېسىگە سالغانىدى. ئۇ ھوشىدىن

كەتكەن بىلەن كاللىسى بەكلا سەگەك ھالەتتە ئىدى، مەرەمنىساخان باللارنى سوغۇق سۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇدى، سۇ كەلگەندىن كېيىن سۇنى ئوچۇمىغا ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاچتى، ئايخىنىم مۈزدەك كارىز سۈيىدىن ئەندىكىپ ھوشىغا كەلگەن بىلەن كۆزىنى ئاچقۇسى كەلمىدى، چۈنكى بايا تۇنجى ئېرى توخنىيازنى تىلغا ئالغىنىدا يۈرىكىنىڭ ئاچچىق سىلكىنىپ دېمى سىقىلغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا ھوشىدىن كەتكىنىنى ئوبدان بىلەتتى. توخنىياز ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا ئۆزىنىڭ مۇنداق سورۇقچىلىق تارتمايدىغانلىقىنى، جەۋھەرنىڭمۇ قاتىل بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆلگۈرگەنىدى، چۈنكى توخنىياز خاپىلىقنى كۆلۈپىلا ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدىغان، بېشىغا ھەرقانداق ئېغىر كۈن كەلسىمۇ «خوتۇن، بۇ ئىشلارنى دەپ ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، خاپىلىق تارتىپ ئۆتكىچىلىكى يوق بۇ جاھاننىڭ، بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتكەنگە نېمە يەتسۇن، مەن ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەي جۇمۇ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالسۇن» دەپلا ناخشا ئېيتىپ كېتىدىغان بىغەملەردىن ئىدى.

— ئايخېنىم، ئاپپاق خېنىم، چىرايلىرىنى ئۇنداق سۆرۈن قىلمىسلا دەيمەن،— دەيتتى ئۇ ئايخېنىم بەزىدە ئۇنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىغا چىچىلىپ سۆزلەپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭغا قاراپ ھەييارلىق قىلىپ،— مۇشۇنداق گۈزەل چىرايلىرىنى ھۆرۈن خوتۇننىڭ مانتىسىدەك پۈرۈشتۈرۈپ سۆزلەۋەرگەن بىلەن ماۋۇ چىرايلىق، ئوماققىنە يۈزلىرىگە كۈزلۈك قوغۇندەك قورۇق چۈشۈپ

كېتىپ مومايغا ئايلىنىپ قالىلا، بۇ دۇنياغىچۇ بىز دېگەن مېھمان، مېھمان دېگەنچۇ مېھماندەك ياشاش كېرەك، بۇنداق كىچىك ئىشلارغا ئارتۇقچە چېچىلىپ كەتكەننىڭ پايدىسى يوق، كۈلۈپ ئولتۇرۇڭلار، مەن دۇتار چالاي، ئۇسسۇل ئويناپ بېرەمسىلەر؟

توختىنياز دۇتارنى تىرىڭشىتىپ ناخشا ئېيتقىنىدا ئايخېنىم بارلىق خاپىلىقلىرىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ تاشلاپ ناخشىغا يۇغۇرۇلۇپ كېتەتتى. ئايخېنىم ئۇ ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. گەپلىرىمۇ ناھايىتى يېقىشلىق ئىدى، بەزىدە ئۇ قاپىيەلىك سۆزلەپ ئۆيدىكىلەرنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرەتتى، گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى سەل غورىگىلرەك ئۆتۈۋاتقان بىلەن كۈلكە - چاقچاق ئۈزۈلمەيدىغان بۇ ئۆي ئايخېنىمغا خۇددى جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى بېرىدىغان ئاجايىپ بىر راھەت ماكان ئىدى، ئاغزىنى ئاچسا قاپىيەلىك سۆزلەيدىغان توختىنياز ھەتتا بالىلىرىغىمۇ قاپىيە كەلتۈرۈپ ئىسىم قويۇپ ئۇنىڭغىمۇ قوشاق قوشۇۋالغانىدى.

قىزىم مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى،
ئوغلۇم بولسا ھايات كەۋسىرى.
كەنجى ئوغلۇم تايچاقتەك يۈگۈرۈك،
ئۇ بولىدۇ ئائىلىنىڭ قەيسىرى.

«ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەندەك بالىلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئايالىغا قۇۋۇنۇپ ياشايدىغان توختىنياز كۆز تەگكەندەكلا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ

ئەمـدىلا يىگـىرمە سەكـكىزگە كـىرگەن ئايـالـنـى داغـدا قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىۋالغانىدى.

ئايخېنىمنىڭ خىيالى شۇ هامان بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ئاشۇ غورىگىل بولسىمۇ ئاجايىپ قۇۋناق ئۆتكەن ياشلىق دەۋرىگە ئۇچۇپ كەتتى...

※ ※ ※

توخنىياز ئېشەك هارۋىسىغا لىققىدە چۆپ باسقان هالدا مەهەللىگە كىرىپ كەلدى، ئۇ چۆپنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئېشەكنى پات ـ پات قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ ناخشا توۋلىغىنىچە مەهەللىنىڭ تار يولىدا كېلىۋاتاتتى.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشىمىكىن، يامانمىكىن،
بىلەي دەپ كەلدىم.
قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاراسىدەك
گۇناھ مەندە يوق.

ـــ هاي ـ هاي توخنىياز چوك، چىڭقىچۇشتە نېمە قىلىق بۇ؟ ـــ ئۆستەڭ بويىدىكى ئۇجمە سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئورغاق بىلەۋاتقان ئەترەتنىڭ كاسىرى ناسىرجان ئۇنىڭغا قاراپ توۋلىدى، ـــ ئەهلىمەهەللە بۇ

كۆنىنىڭ ۋاژ - ۋاژ ئىسسىقىدا ئېغىر ئۇيقۇدا، خەقنى ئارام ئالدۇرماي شەھەر ئالغان گېنېرالدەك چۆپنىڭ ئۈستىدە خۇددى پايىدىدا ئولتۇرغاندەك گىدىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ سۇرەن سالساق قاملاشماس.

— ئاكا، بىزدىكى يۈرەك دېگەن شاش، كۆيۈپ تۇرىدۇ ۋاژ - ۋاژ، كۆيگەن يۈرەككىچۇ شىپايى ساز، ئۇنىڭغا ناخشا كېلىدۇ راسا ماس،— دېدى توختىياز بىر كۇپلېت بېيىتى ئارقىلىق گېپى قاڭسىق بولغىنى بىلەن ئارا قۇمىنىڭ شىپالىق قۇملىرىدەك يېقىشلىق گەپ قىلىدىغان ئادەمگە چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ ئېشىكىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ هارۋىسىنى توختىتاتتى،— بىزنىڭ ۋاغۇ ئىشق توۋلىتىدۇ، ئىشق.

— ئىشق دە، دېمىسىمۇ ۋاي ئىشقى دەپ مەيدەڭنى زەيگە چاپلاپ ناخشا توۋلايدىغان ۋاقتىڭ بۇ! لېكىن زە ناخشاڭغا ئاشىق بولۇپ قولۇڭغا قونىدىغان قىزلارنىڭ يېشى ئۆتۈپ كەتكىلى تۇردى،— دېدى ناسىرجان ئۇرغاق بىلەشتىن توختاپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ،— ئەگەر ئەركەكچىلىك دىتىڭ بولسا شەپكەڭنى ئالدىڭغا ئېلىپ قويۇپ ئوبدانراق ئويلا، سەندەك باللارنىڭ بىردىن بالىسى بار هازىر، كەچكىچە ئېشىكنى يوقاتقان موللامدەك كوچا ئارىلاپ «ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە كۆرەي دەپ كەلدىم» دەپ توۋلاۋەرگەن بىلەن قىزلار ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ، بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ پاچىقىڭغا چىڭ ئېسىلمىساڭ بىكار ئىش بۇ! كۆيۈپ قالغان قىزىڭ بولسا بىزگە دە، داداڭمۇ ئاتىلىق قەرزىنى تېزرەك ئادا قىلىپ بېشى ساقايسۇن. ئەگەر

ناخشاڭغا ئاشىق بولۇپ تام ياقىلاپ سېنى ماراپ يۈرگەن قىزلىرىڭ بولسىمۇ بىزگە دە، ئۇنداق يەرلىرىڭمۇ بولماي ماڭا كىم تېگەركىن دەپ يۈرگەن بولساڭ تۇمۇچۇقتەك قىزلاردىن بىرەرىنى تېپىپ ئۆيلەپ قويۇشقا كۈچىمىز يېتىدۇ بىزنىڭ، باشقىچىرەك ئوي - خىياللىرىڭ بولسىمۇ تارتىنماي دېگىن جۇمۇ، داداڭ - ئاپاڭغا كۆڭلۈڭدىكىنى دېيەلمەي، يا ئۇلار سەندىن بىرەر خەۋەر ئاڭلىيالماي دېمىقىپ كەتمىسۇن، ناخشاڭغا ئاشىق بولۇپ تېگىمدىغان قىزلار تولۇپ كەتسە زەي يەرگە مەيدىنى چاپلاپ ئاھ ئۇرۇپ ياتقان بىلەن مەيدىگە سوغۇق كىلىدۇ.

— ئالامەت موللا تاپقاق ئادەمدە سىز - ھە، — توختىياز ناسىرجان بوغالتىرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى سېزىپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — سىززە مۇشۇ قىز بالىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە ئون سەككىز يېشىڭىزدىلا توي قىلىۋېلىپ ئوتتۇزغا كىرمەيلا بەش بالىغا ئاتا بولدىڭىز، بىزۋاغۇ سىزگە ئوخشاش دادام ئېلىپ بەرگەن خوتۇن دەپ تونۇشمايدىغانلا بىرەرسى بىلەن توي قىلىپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس جۇمۇ! سىلەرنىڭ دەۋرىڭلار كەتتى، ئاكا، بىزچۇ چېكىپ تاللاپ قىز ئالىدىغان يېڭى دەۋرنىڭ بالىلىرى جۇمۇ! ئون سەككىزگە كىرە - كىرمەي توي قىلىۋالىدىغان كونا زاماننىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايمىز، سىزچۇ ياشلىقنىڭ تازا نۆۋەر چاغلىرىنى بىر موردىن تۇتۇن چىقىرىمەن دەپ بۇزدىڭىز ئەمەسمۇ.

ياشلىقىم - پاشالىقىم ھەممە، ياقتىن گۇل كېلۇر،

تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن سىنىڭ قىشىڭغا كېلىمەن.

دېگەن ناخشىنى ئوبدان تەھلىل قىلغاندە سىز. شۇڭا، گاچچىدە ئون سەككىزگە كىرىپلا دادىڭىز ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن ياشاپ كېتىشۋەردىڭىز ـ دە.

ـ ھا ـ ھا ـ ھا، گەپ دېگەننى ئالامەت يۇمۇرلۇق قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن ـ ھە، ـ دېدى ناسىرجان ئۇجمە تۈۋىگە كالىپۇكىدىكى ناسنى چىرتىپ تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلگەن ھالدا، ـ سەن داداڭ ئېلىپ بەرگەن خوتۇننى ئالماي تايىنلىق ئەرشئەلادىن چۈشكەن پەرىشتە ئالارسەن، يېڭى دەۋرنىڭ ياشلىرى بىز دەپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي، كۆرۈۋاتىمىزغۇ ئوتتۇزغا ئۇلىشىپمۇ توي قىلىشقا رايى بارماي يۈرۈۋاتقان يېڭى دەۋرىڭنىڭ ياشلىرىنى، بىرەر دەردى بولمىسا توي قىلماي يۈرەمتى دەيمەن، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان، كۆرىمىزغۇ قېنى سېنىڭ چېكىپ تاللاپ ئالغان خوتۇنلىرىڭنى.

ـ تە بولماڭە، ناسىرجانكا، چاقچىقىڭىزغا چاقچاق بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ـ دېدى توختىنياز ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايغان ھالدا، ـ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مۇھەببەت دېگەن چىرايلىق ئۇقۇمنى بىر ياققا پىرقىرىتىپ تاشلاپلا دادىڭىز «مۇشۇ قىز بىلەن توي قىلىسەن» دەپ بۇيرۇق بېرىپلا ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن ياشاپ كەتتىڭ دېمەكچىمەنغۇ.

ـ توي قىلماي تۇرۇپلا كوچا ـ كويلاردا سۆرىشىپ سەتلىشىپ يۈرسىلا مۇھەببەت بولمايدۇ، ـ دېدى ناسىرجان بىلەيگە بىر ئوچۇم سۇ قۇيۇپ ئورغىقىنى

بىلەپ ئولتۇرۇپ، — نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ئۆيگە چىرايلىق كىرىپ شۇ ئۆيدە مۇھەببەت ناخشىسىنى ئۆمۈرلۈك ياڭرىتالىسا ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي مۇھەببەت دەيمىز جۇمۇ! تېخى دادىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقماي ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن ئۆتۈۋەردىڭ دېگىنىڭنى قانداق قىلاي، دادىنىڭ سىزىقىدىن چىقىپ كەتسە مانا ساڭا ئوخشاش قېرى يىگىت بولۇپ ئۆتىدىغان ئىش، ھازىر كۆرۈۋاتىمىزغۇ كۆيدۈم، ئۆچتۇم دەپ مۇھەببەتلىشىپ بىر ئۆيگە كىرىپ ئاز ئۆتمەيلا يىرىكلىشىپ ئاجرىشىپ كېتىۋاتقان مۇھەببەت مەستانىلىرىڭنى... بەش بالىغا ئاتا بولغۇچە مەن دادام ئېلىپ بەرگەن خوتۇننى تاك ئېتىپ چېكىپ باققان بەندە ئەمەسمەن، مانا مۇھەببەت دېگەن، بىز دېگەنچۇ دېھقان خەق، ئېتىزدا گۇپۇلدىتىپ كەتمەن چېپىش ھېسابىغا كۈنىمىزنى كۈن ئېتىدىغان ئادەم، پاچاقتا ماغدۇر بار چاغدا مۇشۇنداق بالىلىق بولۇپ قويساق ئۇنىڭ پايدىسىنى تېزلا كۆرىمىز، بالىلىرىمىز ياش قىرىققا بارمايلا قولىمىزدىكى كەتمەننى ئالىدۇ ئەمەسمۇ، مەن سېنىڭ يېشىڭغا كەلگۈچە ئۈچ بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ بولغان، ھە، دېگىنە، بۇ يىل نەچچىگە كەلدىڭ؟

— يىگىرمە بەشكە كەلدىم، ئاكا.

— داداڭنىڭ قاقشىغىنى بىكار ئەمەسكەن ئەمىسە، ئىشق، ئىشق دەپ مەيدەڭگە مۇشتلاپ يۈرۈۋەرمەي تېزرەك بىرەر قىزنىڭ دېرىكىنى قىل، بولمىسا قېرى بويتاق بولۇپ چوكانلارمۇ قارىماس بولىدۇ ساڭا.

— ئاز قالدى، ئاكا، — دېدى توختىنىياز ھارۋىسىغا قايتا چىقىپ قولىغا قامچىسىنى ئالغان ھالدا، — دادامغا دەپ قويۇڭ، ئوغلىڭىز بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ئوغۇل بالىنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، ياخشى كۆرگەن قىزىڭ كىمۇ، دېمەمسەن ئوچۇقراق.

— ھازىر دېمەيمەن، — دېدى توختىنياز ئېشىكنىگە بىر قامچا سېلىپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، — تويۇم بولغان كۈنى كۆرۈپ قالىسىز، مەنۋاغۇ پەرىشتىدەك چىرايلىق، ئوماق قىز ئالىمەن جۇمۇ.

— بەك چىرايلىق قىزلار ئەركە - نايناق كېلىدۇ، — دېدى ناسىرجان قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — دېھقان خەق دېگەن ئۆزىگە ياردەمچى بولالايدىغان قىزلارغا ئۆيلەنگىنى ياخشى، چىراي دېگەنگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئەخمەق.

توختىنياز ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بايا ناسىرجانغا دېگەن گېپىنى ئويلاپ پىسىڭگىدە كۈلدى - دە، يۈرىكى شېرىن بىر سېزىم ئىلكىدە يېنىك تىترەپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ناسىرجانغا «دادامغا دەپ قويۇڭ، ئوغلىڭىز بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ» دېگەن چېغىدىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئايخېنىمنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ چاپچىپ تۇرغان يۈرىكىنى داۋالغۇتۇۋەتكەنىدى، لېكىن «سەۋزىدە خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆزىگە خۇددى پەرھات - شېرىنغا ئاشىق بولغاندەك كۆيۈپ يۈرگىنىنى ئايخېنىم بىلەمدىغاندۇ ياكى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋاتامدىغاندۇ... گويا ئەينى دەۋردىكى قايسىبىر ئاشىق خۇددى مۇشۇ زاماندا ئايخېنىم ئاتلىق بىر قىزغا توختىنياز ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئاشىق - بىقارار بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندەك «ئايخېنىم سۈزۈك

چىراي» دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلغانىدۇ... ئۇنىڭ بۇ ناخشىنى ئاڭلىغاندا ھودۇقۇپ يەرگە قاراپ مېڭىشى ئاشىق يىگىتنىڭ بىشارەتلىك ناخشىسىغا بەرگەن ئۈنسىز جاۋابىدۇ... «مېنىڭ بۇ ناخشام ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ ئۇنى مەستخۇش قىلالامدىغاندۇ»... ئۇ تۇيۇقسىزلا ئېسىگە كەلگەن بۇ ناخشىنى يەنە تولغۇسى كېلىپ قالدى، دېمىسىمۇ ئاراقوم مەھەللىسىدىكى ھەر قانداق بىر ناخشىچى بۇ ناخشىنى توختىمىسىغا ئۆرغۈلۈق، ھېسسىياتلىق ئېيتالمايتتى.

تۇرنىلار قاتار ـ قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا.
بۇ كۆڭۈل راھەت تاپارمۇ ئاللا يارىمەي،
كۆڭۈلدىكى يار بولمىسا يەي.
ئايخېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي؟
ئاخشىمى ئايدىڭدا چىقىپ، ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي.

ھېسامىدىن ھارۋىكەشنىڭ كەنجى قىزى ئايخېنىم تازا ئاي تولغان كېچىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە كىندىك ئانىسى بۇمەريەم خېنىمنىڭ ياردىمىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ كىندىك ئانىسى بۇمەريەم خېنىم بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىپ يۇيۇپ ـ تازىلاپ زاكىلىغاندىن كېيىن ئانىسى ئايسىخاننىڭ يېنىغا قويغىنىدا تۇغۇلۇكتىن چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ يورۇقى بۇ بالىنىڭ چىرايىنى خۇددى يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.

— ھېسامىدىنئاخۇن، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى بۇمەريەم خېنىم تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرغان ھېسامىدىننى چاقىرىپ، — قارىسىلا ماۋۇ قىزلىرىنىڭ چىرايى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك سۈزۈك، قاڭشارلىرىنىڭ قىرلىق، چىرايلىقلىقىنى نېمە دەي ئەمدى... قىرىق كۈن يېنىغا ئادەم يانداشتۇرمىسىلا، ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئىشىكنىڭ بېشىغا قىزىل تاۋاردىن ئېدەر لېنتىسى ئاسسىلا، ئەڭ مۇھىمى تۇغماس خوتۇنلاردىن ھەزەر ئەيلىسىلە، ئۇلارنىڭ كۆزى نەشتەر، تىلى زەھەر جۇمۇ! ئەڭ ياخشىسى، كۆز مونچاقتىن بىرنى تېپىپ بالىنىڭ كىيىمىنىڭ تېشىغا تىكىپ قويسىلا، مەن ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە سىراجىدىن ئىمامغا دەپ بىر تۇمار تەييارلاپ بېرىمەن، ئۇنى بۆشۈكنىڭ بېشىغا ئاسسىلا...

— رەھمەت، رەھمەت، — ھېسامىدىن بۇمەريەم خېنىمنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەن كارى بولماي يىغلا كۆزىنى ئېچىپ يېڭى دۇنياغا قىزىقسىنىپ قاراۋاتقان قىزىغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قالدى، شۇنداقلا قىزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇمەريەم خېنىم تەرىپلىگەندىنمۇ چىرايلىق سۈزۈلۈپ ياتقىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا، — بولىدۇ، دېگەنلىرىدەك بولغاي، — ئۇ بۇ گەپنى نەچچە تەكرارلىۋەتتى.

— ئوھۇش، بالىغىلا قارىماي ماۋۇ ئايالىرىغىمۇ قارىسىلا، — دېدى بۇمەريەم خېنىم ھېسامىدىننىڭ قولىغا بىر لۆڭگىنى تۇتقۇزۇپ، — ماۋۇ لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتسىلا، بۇ چىرايلىق ئايخېنىمنىچۇ مۇشۇ ئايالىرى ئالەمنىڭ ئازابىنى تارتىپ

ئاپىرىدە قىلدى، سەت ھەڭگىيىپ تۇرماي ئالسىلا لۆڭگىنى.

ھىسامىدىن بۇمەريەم خېنىمنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى ئېلىپ ئايالىنىڭ پېشانىسىدە تەپچىپ تۇرغان تەرلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى، باياتىندىن بېرى ئالەمنىڭ نالىسىنى قىلىپ توۋلاپ ماجالى قالمىغان ئايىسىخاننىڭ چىرايى تاتارغان بىلەن مەڭزىدە بىر خىل ئېيتىپ بولغۇسىز ئىلىكىدىكى كۆلۈمسىرەش تەپچىپ تۇراتتى.

— جاپا چەكتىڭ، خوتۇن، — دېدى ھىسامىدىن قىزىغا بويۇنداپ قارىغان ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — رەھمەت ساڭا، ئايدەك چىرايلىق قىزدىن بىرنى يەڭگىدىڭ، خۇدايىم بۇ قىزىمنىڭ بەختىنى زىيادە قىلغاي.

— بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئايخېنىم قويسىلا جۇمۇ، — دېدى بۇمەريەم خېنىم قىزنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قارىۋېتىپ، — مۇشۇ ئىسىم بۇ قىزغا ماس كېلىدۇ. قاراپ تۇرسىلا، بۇ قىزلىرى چوڭ بولسا پەرىشتىدەك چىرايلىق قىز بولىدۇ.

بۇمەريەم خېنىم خاتالاشمىغان ئىكەن، ئاي - يىللار ئايخېنىمغا ھەقىقەتەن چىرايلىق رۇخسار بىلەن ئەۋرىشىم بوي ئاتا قىلدى، دېمەك ئايخېنىم ھەقىقەتەن بۇمەريەم خېنىم تەرىپلىگەندەك ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئايخېنىم بولۇپ يېتىلگەندى، ئۇنىڭ گىرىمسىز يۈزى چىلاندەك تاۋلىنىپ، لەۋلىرى ئالۇچىدەك قىزىرىپ، قاشلىرى ياساپ قويغاندەك قىرلىق ئىدى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىمىدىنمىكىن، بۇ قىز شۇنچە

چىرايلىق بولغىنىغا قارىماي بەكلا ئەدەپلىك، شەرم ـ ھايالىق چوڭ بولغانىدى، قىزلىق يېشىغا يەتكىنىدە ئۇ خىيالچان بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇ سەھرادا قىز ـ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆزئارا كېلىشىپلا باللىرىنىڭ توينى قىلىۋېتەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە تاللايدىغان يىگىتىنىڭ ئىنسابلىق، دىيانەتلىك يىگىت بولۇشىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى، بولۇپمۇ مۇشۇ توختىيازنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىش بىلەنلا يۈركى ئىللىق بىر سېزىم ئىلكىدە سىلكىنىپ خىياللىرى ئاللىقانداق بىر خىيالىي دۇنياغا سەپەر قىلاتتى ـ دە، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭمۇ توختاپ قالغىنىنى سەزمەي قالاتتى.

مەن كېلىپ تامدىن ماراپ،
سەن ئۆيۈڭدە چاچ تاراپ.
چىقمىدىڭغۇ ئايخېنىم، ئاللا يارىمەي،
مېنى تالادا ئىت تالاپ.
ئايخېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي؟
ئاخشىمى ئايدىڭدا چىقىپ، ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي.

ئايخېنىم يېنىك تولغىناتتى، يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى كۆرۈۋالغۇسى، ناخشىسىنى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىغۇسى كېلەتتى ـ يۇ، لېكىن قىزلىق غۇرۇرى ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى تۇتقان قولىنى پەسكە چۈشۈرەتتى. «بۇ ناخشىنى توختىياز مەن ئۈچۈنلا ئىجاد

قىلغانمىدۇ ياكى بۇ بۇرۇن بار ناخشىمىدۇ، ئەجەب يېقىملىق ناخشىكەن، مۇنداق سېھىرلىك ناخشىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق قىزنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ كەتمەمدۇ...»

مەن كېتەرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ.
ئامرىقىم يىغلاپ قالۇر، ئاللا يارىمەي،
قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ.
ئايخېنىم سۆزۈك چىراي،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي،
ئاخشىمى ئايدىڭدا چىقىپ، ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي.

ئايخېنىم ئۆزىنىڭ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى، لېكىن نېمە ئىلاج. شەرم ـ ھايا بىلەن چوڭ بولۇۋاتقان قىز يۈرىكىدە ۋازبىلداپ تۇرغان ئوتنى بېسىۋېلىشنىمۇ بىلىدۇ ـ دە! ئۆزىنىڭ ناخشىسى بىلەنلا ئۇنى مۇھەببەتنىڭ سىرلىق كوچىسىغا باشلاپ كىرىۋاتقان بۇ يىگىت نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى بىمالال تۆكۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغاندۇ... ئۇچراپ قالغانلىرىدا چاقچاق ئارىلاش دەپ قويغان گەپلىرىنى تەلەپ قويدى دېگىلى بولامدۇ زادى...
ئايخېنىمنى مۇڭلۇق ناخشىسى بىلەن ئۆزىگە رام قىلغان يىگىتنىڭ سەۋر قاچىسى توشقان بولسا كېرەك، يۈرەك سۆزىنى ئاخىرى دېيىشكە جۈرئەت قىلدى.
ئۇ كۈنى ئايخېنىم ئۆزىگە تەقسىملەنگەن

قوناقلىقتىكى ئىشىنى توگىتىپ ماللىرىغا ئالغاچ كېتىش ئۈچۈن چۆپ يۇلۇۋاتاتتى، ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغان بىلەن قوناقلىقتا ئادەمنىڭ دېمىنى سىققۇچى هارارەت گۇپۇلدەپ تۇراتتى. ئۇ بىر سېۋەت چۆپ يۇلۇپ بولغاندا چىپ - چىپ تەرلەپ كەتتى، ئېغىر بىر سېۋەت چۆپنى كۆتۈرۈپ قوناقلىقتىن يولغا چىقىپ بولغۇچە ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ هاسىرىدى، ئۇ يول ياقىسىدىكى كىچىك ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ سېۋەتنى قويدى - دە، ياپىېشىل قىياقنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك تاغ سۈيىدە يۈز - قولىنى يۇيۇپ قول ياغلىقىدا يۈزىنى ئېرتىۋىدى، هاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولدى. لېكىن، قول ياغلىقى بىلەن ئىلىنىشىپلا چىققان بىر ۋاراق قەغەز ئۇنىڭ دىلىنى غەش قىلىپ قويدى، چۈنكى بۇ قەغەز ئەترەت باشلىقى مەتتۇرسۇننىڭ ئوغلى غەيرەتنىڭ ئەتىگەن ئۇنىڭغا بەرگەن مۇهەببەت خېتى ئىدى، مانا مۇشۇ خەت ئۇنىڭ باشقا بىر نەرسىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىنى چالما تاشلىغان دەريا سۈيىدەك داۋالغۇتۇۋەتتى. ئۇ بۇ خەتنى يىرتىپ ئۇششاقلاپ ئېرىققا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن كۆڭلى سەل ئارام تېپىپ قالدى - دە، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ ئاپىسىغا دېگەن مۇنۇ گېپىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى هېس قىلدى.

— ئاپىسى، — دېدى هېسامىدىن كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاشقىرىقى ئۆينىڭ سۇپىسىدا ئارام ئېلىپ ياتقان ئايىسخاننىڭ يېنىغا قىيسايغان هالدا، — مەتتۇرسۇنئاخۇن ئايخېنىمنى كېلىن قىلىۋالسام دەۋاتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىدىلا، — دېدى ئايىسخان ئورنىدىن

لىككىدە تۇرغان ھالدا ھېسامىدىنغا قاراپ، — قايسى مەتتۇرسۇن ئۇ؟

— قايسى بولاتتى، — دېدى ئۇ ئايىسخاننىڭ تەئەججۇپ ئارىلاش قىزارغان چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئەترەت باشلىقى مەتتۇرسۇنچۇ.

— ئايخېنىمنى ئاشۇ لامزەللە غەيرەتكە بېرەمدىكەنمىز؟!

— ۋارقىرىماي گەپ قىل دەيمەن، باللار ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دېدى ھېسامىدىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ، — سەنلا ئەمەس، مەنمۇ، ھەتتا ئايخېنىممۇ ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا سىلى نېمە دېدىلە ئۇنىڭغا؟

— مەنمۇ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بىرنەرسە دەي، ئەڭ ياخشىسى باللار ئۆزلىرى بىرنېمە دېيىشكىنى ياخشىمىكىن دەپ باللارغا ئىتتىرىپ قويدۇم شۇ.

— ياخشى دەپلا، مېنىڭچە ئايخېنىمنىڭ توخنىيازغا كۆڭلى باردەك قىلىدۇ، توخنىياز ھەقىقىي دېھقان بالىسى جۇمۇ! مۇنداق ئەرگە تەگكەن قىز بالا بەختلىك ياشايدۇ.

— مەنمۇ بۇ بالىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ھېسامىدىن ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ، — ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلمەمدىغاندۇ بۇ باللارنىڭ ئىشىنى... بولسا ئەلچى كىرگۈزۈپ قويغان بولسا ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا مەنمۇ مەتتۇرسۇنغا قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق دەپ قويسamla ئىش تۈگەيتتى.

ئايخېنىم ئۇلارنىڭ گېپىدىن سۆيۈنگەنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى توخنىيازغا تارتىپ تۇرۇۋاتقىلى بىر يىلچە

بولۇپ قالغانىدى. ئارىلىقتا توختىماي ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزهار قىلىۋىدى، تۇيۇقسىز قويۇلغان تەلەپتىن تەمتىرىگەن قىز يۈزىنى قولى بىلەن ئەتىكىنىچە هېچنېمە دېمەيلا كېتىپ قالدى. گەرچە ئۇ جاۋاب بەرمىگىنى بىلەن كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردا كۆڭلىنىڭ مايىللىقىنى ئويناق كۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بولغانىدى. مانا ئەمدى غەيرەت مۇنۇ مۇھەببەت تەلپىنى يېزىپ كەپتۇ، بۇ خەتنىمۇ ئۇ ئۆزى يازمىغاندەك تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا مۇشۇنچىلىك خەت يازغۇدەك سەۋىيەمۇ يوق... چوڭ بالىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، دەرس ۋاقتىدا تولا ئۇخلاپ قالىدىغان بۇ بايقۇش باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالماي جەمئىيەتكە چىقىپ كەتكەنىكەن. دادىسىنىڭ سايىسىدە نەدە ئوڭاي ئىش بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرىدىغان، تېخى نەشىكەشلەر بىلەن دەرەخ سايىسىدا دۈت مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالىدىغان غەيرەت ئۇنىڭ نەزىرىدە توختىمايدەك تۇرگۈن، گېپى ئوچۇق يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ھەتتا يېمۇ ئېشىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ دېھقان بالىسى بولغىنىغا قارىماي ئېتىز ئىشىغا پەقەتلا يارىمايدىغان ناكەس ئىدى، ئۇ دادىسىنىڭ سايىسىدە يېنىك ئىشلارنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ يۈرۈپ پېشانىسى تەرلىگۈدەك ئىشلەپ باقمىغان بولغاچقىمىكىن چىرايى دائىم كۆزدىكى غازاڭدەك سارغىيىپ تۇراتتى، مانا مۇشۇنداق يارىماس بىر بالىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل ئىزهار قىلىشىنى ئايخېنىم ئويلىمىغانىدى.ئۇنىڭ تەلەپنى بۇ شەكىلدە قويۇشىدىن ئۇنىڭ يۈرەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان ئايخېنىم تۇمارچە قاتلانغان خەتنى بېرىپ ھۇپپىدە قىزارغان ھالدا ئۆزىدىن

يىراقلاشقان غەيرەتكە قاراپ يىسىڭگىدە كۈلگەنىدى.

يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللە قۇم بارخانلىرىنىڭ يېنىدا گويا تۇمان ئىچىدە قالغان قولۋاقتەك گىرىمسەن كۆرۈنەتتى، ئەزالار ئاللىقاچان ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشكەن بولۇپ، قۇمساڭغۇ يول چۆلدەرەپ قالغانىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئېتىز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن ئايخېنىمنىڭ چىرايى ھازىر ئاپتاپتا تاۋلىنىپ قىزىللىقىنى يوقاتقان بىلەن گۈزەللىكىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى... ئايخېنىمنىڭ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇش ئارزۇسى بار ئىدى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىنىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. ئايخېنىم تەقدىرگە تەن بېرىپ دېھقانچىلىقنى تاللىدى، ئۇ باللارنىڭ كەنجىسى بولغان بىلەن ئاكا ـ ئاچىلىرى تۇرمۇشلۇق بولۇپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۆينىڭ يۈكى ئۇنىڭغا ئارتىلغانىدى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تونۇش ناخشا ئاۋازى ئايخېنىمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ئورنىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دەس تۇرۇپ كەتتى. توپىلىق مەھەللە يولىدا توختىياز شەپكىسىنى يانتۇ كىيىپ ئېشەك ھارۋىسىغا لىققىدە چۆپ باسقان ھالدا كېلىۋاتاتتى.

ئىشىك ئالدى چوڭ كۆلچەك،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرىمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئىشىك ئالدى كۆلچەكتە،
شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ،
بىزنىڭ ياردا ھال يوقتى،
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

مەن بارايمىكىن مۇندا،
سەن...

توخنىياز يول ياقىسىدا تۇرغان ئايخېنىمنى كۆرۈپ ناخشىسىنى توختاتتى ـ دە، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېشىكنىڭ نوختىسىدىن تارتتى.

ــ بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسىزغۇ، ئايخېنىم،ــ دېدى توخنىياز ئېشىكنىڭ چۆلۋۈرىنى يان تەرەپكە تارتىپ ئۇنى قاڭتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئېرىق بويىغا كېلىپ.

ــ مالغا ئازراق چۆپ ئالغاچ كېتەي دەپ شۇ،ــ دېدى ئايخېنىم يېنىدىكى سېۋەتنى كۆرسىتىپ،ــ ھېرىپ قاپتىمەن، ئازراق ئارام ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرغان.

ــ جېنىڭىزغا تۇشلۇق ئالماي نىمانچىۋالا يۈلدىڭىز بۇ چۆپنى، ئەمدى بولغاندا شۇنچىۋالا چۆپنى قانداق ئەكىتەرمەن دەپ تۇرغانسىز تايىنلىق،ــ دېدى توخنىياز سەكرەپلا ئېرىقنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ،ــ چۆپ كۆتۈرگەن ئايخېنىم، مالنى بوداڭ باي خېنىم، مەن كۆتۈرەي سېۋەتنى، سىزگە ئۇۋال ئايخېنىم،ــ دەپ قوشاق قوشۇپمۇ قويدى.

ــ بولدى، ئۆزۈم ئەكېتەلەيمەن.

توخنىياز قوشاق ئېيتقاچ سېۋەتكە قول ئۇزاتقىنىدا ئايخېنىم ئۇنىڭدىن سېۋەتنى تالىشىپ قولىنى

ئۇزىتىۋىدى، بىلەكلىرى توخنىيازنىڭ بىلىكىگە تېگىپ يىگىتلىكنىڭ ئوتلۇق تەپتى گۇپۇلدەپ تۇرغان بىر خىل ھارارەت ئۇنى بىھوشلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ قولىنى دەرھال تارتىپ ئۇنىڭدىن سەل يىراقلاشتى - يۇ، لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمايدىغان بىر خىل سېزىم تەسىرىدىن يېنىك تىترەپ كەتتى.

— ئايخېنىم،— دېدى توخنىياز سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ،— بۇنىڭدىن كېيىن كوللېكتىپنىڭ ئىشى تۈگىگەندە ئۆيىڭىزگە كېتىۋېرىڭ، چۆپ دېگەننى بىز دەك ئەركەكلەرگە تاشلاپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟— دېدى ئايخېنىم ھۇپپىدە قىزارغان ھالدا ئېرىق بويىدىكى كۆك تېرەككە يۆلىنىپ تۇرۇپ،— سىز بىزنىڭ ئۆيگە كۈندە چۆپ توشۇپ يۈرسىڭىز خەقلەر گەپ تاپىدۇ.

— ۋاي شۇ گەپمىدى،— دېدى توخنىياز قولىدىكى سېۋەتنى ھارۋىسىدىكى چۆپنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن ئېرىق بويىغا قايتىپ كېلىپ،— ئۆيىڭىزدىن چىقماي ئولتۇرسىڭىزمۇ ئۈستىڭىزدىن گەپ توقۇۋېرىدۇ. جاھاندا شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى چۇخچىلاپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىۋالمىسا يېگەن تامىقى تاماق بولمايدىغان، ھەتتا ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيدىغان بولىدۇ، پەرۋا قىلماسلىق ئۇلارغا بېرىلگەن ئەجەللىك زەربە ، مۇنۇ شېئىرغا قۇلاق سېلىڭ:

يىگىنى ئاش ئەمەس پىتنىخورنىڭ،
ئىچكىنى سۇ ئەمەس پىتنىخورنىڭ.

مەيدىسى قاينايدۇ زەرداب سۇ بىلەن،
ئۆيقۇسى ئۇيقۇ ئەمەس پىتنىخورنىڭ.

ئايخېنىم ئۇنىڭ بىردەمدىلا پىتنىخورغا ئاتاپ بىر كۇپلېت شېئىر توقۇۋەتكەنلىكىگە قاراپ ئۇ ئېيتقان ناخشىلارنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ «ئايخېنىم سۆزلۈك چىراي» دېگەن ناخشىنى ئاجايىپ بىر خىل ھاياجان بىلەن ئېيتاتتى، ئاشۇ ھاياجاننىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، ئۇ بەزى چاغلاردا بۇ ناخشىنى ئەسلىي تېكىستتىن باشقا يەنە بىرنەچچە كۇپلېتنى ئارتۇق ئېيتىۋېتەتتى، بۇ ئايخېنىمغا بولغان چىن سۆيگۈسىنىڭ كۈچىدىن بولغاچقىمىكىن، بۇ خەلق ناخشىسىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتەتتى، شۇڭا ئايخېنىم بۇ ناخشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
ئايغا تەڭداش بار ئىكەن.
كۈندە كۆرمىسەم ئاينى ئاللا يارىمەي،
جاھان ماڭا تار ئىكەن.
ئايخېنىم سۆزلۈك چىراي،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي.
ئاخشىمى ئايدىڭدا چىقىپ، ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي.

ئايخېنىم توختىيازنىڭ ناخشىسىدىن يېنىك تولغىنىپ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان

ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن كائىنات توخنىيازغا ياردەم قىلىپ سىرلىق تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مۆزىكىلىرىنى ناخشىسىغا يۇغۇرۇپ بەرگۈسى كەلگەندەك، ئۈستەڭ بويىدىكى شىۋاقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تومۇزغىلار چىرىلداپ كېتەتتى، قۇشلارمۇ يېقىملىق سايراپ ئايخېنىمنى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي تۇيغۇغا باشلاپ كېتەتتى.

— ئەمدى بۇ ناخشىنى ئېيتمىسىڭىز قانداق؟!— دېدى ئايخېنىم كەكرە پۇراپ تۇرغان چاپىنىنىڭ پېشىنى مىجىپ تۇرۇپ،— بۇنىڭدىن باشقا ناخشا ئېيتالمايدىغاندەك مۇشۇ ناخشىنىلا توۋلايدىكەنسىز ئادەمنى خىجىل قىلىپ...

— بۇ ناخشا مېنىڭ يۈرەك قېتىمدىكى چاپچىپ تۇرغان ئوتلۇق ھېسلىرىمنىڭ بالىخانىسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، ئايخېنىم،— دېدى توخنىياز ئايخېنىمنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقتا ئالمىدەك قىزارغان چىرايىغا تىكىلىپ،— شۇڭلاشقا ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تومۇزدا چاڭقىغان ئادەم بىر پىيالە قاپاق چاي ئىچكەندەك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

— ھۇزۇرمۇ لايىقىدا بولغىنى ياخشىمىكىن،— دېدى ئايخېنىم باش ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى يىمىرىپ تۇرۇپ،— ھۇزۇرلاندۇردۇم دەپ ناخشىنى توۋلاپ يۈرۈۋەرگەن بىلەن ئۇچۇرما بولغان قۇش باشقا ياقىقا ئۇچۇپ كېتىپ داغدا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن دەيمىنا.

— نېمە دېدىڭىز؟— دېدى توخنىياز دىڭگىدە چۆچۈگەن ھالدا ئايخېنىمغا قاراپ،— ئۇچۇرما بولغان قۇش دەيسىزغۇ، ئۆيىڭىزدىكىلەر بىرەر گەپ قىلغان ئوخشىمامدۇ؟!

— شۇنداقـراق گەپ بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايخېنىم بېشىنى يان تەرەپكە بۇراپ.

— كىمكەن ئۇ مېنىڭ ئېشىمغا چاڭ سېلىۋاتقان؟

— ئەترەت باشلىقى مەتتۇرسۇن دادامغا بىر نەرسە دېگەن ئوخشايدۇ.

— نېمە دەپتۇ ئۇ پالكۆز؟

— ئوغلىغا...

— ئاشۇ تەييارتاپ غەيرەتكىما؟

— شۇنداق.

— سىزنىڭ رازىلىقىڭىز بارما؟

— قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇشقا رازىمەنكى ئۇنىڭغا قەتئىي تەگمەيمەن.

— بولدىغۇ مانا، — دېدى توختىياز چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىزنىچۇ مەن ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن باشقىلار چاققان چىقسا ئۆيگە ئادەم ئەۋەتسە قالسا...

— ۋاي بىلدىم، — دېدى توختىياز پېشانىسىگە ياققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — مەن ئۆيىڭىزگە ئەتىلا ئەلچى كىرگۈزۈۋېتەي.

ئايخېنىمنىڭ خىيالى ئاشۇ كۈنگە كەلگەندە يېنىك تىترەپ كەتتى، چۈنكى ئۇ شۇ كۈندىن تارتىپ بەختىنىڭ، مۇھەببەتلىك ھاياتىنىڭ پەيزىنى رەسمىي ھېس قىلغانىدى. ئۆي، ئېتىز، ئىشقىلىپ توختىياز بىلەن بىللە يۈرگەن كۈنلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى، كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - قوشاق ئۈزۈلمەيدىغان بۇ ئائىلە ھەممىلا ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك ئىنتايىن بەختىيار ئىدى.

كۆز تەگكەندەك قۇۋناق هايات ئاران ئون يىللا داۋام قىلدى، بىر قېتىملىق قاتناش هادىسىسى بازارغا كۆكتات ساتقىلى ماڭغان توخنىيازنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتتى. مانا مۇشۇ كېلىشمەسلىك ئايخېنىمنى تۇل، ئۈچ بالىنى يېتىم قىلىپ قويدى، كۈنىگە ناخشا - قوشاق ئۈزۈلمەيدىغان، كۈلكە - چاقچاق قايناپ تۇرىدىغان ئۆي بىردىنلا گۆرىستان جىمجىتلىقىغا پېتىپ يىغا - زار ئۆكسۈمەيدىغان ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى...

— قىزىم، جېنىم قىزىم، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، قىزىم،— ئانىسى ئايسىخاننىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى، چۈۋۇلغان چاچلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ مېهىر بىلەن يۈزىنى سىلاشلىرى ئايخېنىمنى خىيالدىن سەگىتىپ كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا،— ئايخېنىم سەل ئۆرىدەپ ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلاندى،— بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى، نېمىشقىمۇ قايتا ياتلىق قىلغانسىلەر مېنى...

— جېنىم قىزىم، هەممىگە بىز ئەيىبلىك، بىزنى كەچۈر...— ئانا ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى،— سېنى بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ياشىسۇن، ياش تۇرۇپ تۇل قالدى، بىزدىن كېيىن قالسا هەرەج تارتىپ قالمىسۇن دەپتۇق، سېنى ئوت ئىچىگە تاشلاپ قويغىنىمىزنى بىلمەپتۇق، قىزىم، بىزنى كەچۈر، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، ماۋۇ ئىككى بالاڭنى ئويلا، قىزىم...

ئايخېنىم ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ يېتىپ ئۇنىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ

كۆزىنى يۇمدى. ئەمدى يادىغا بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇنقى بىر قىيتمىلىق سۆھبەت كەلگەنىدى، ئەنە شۇ سۆھبەت ئۇنىڭ بوگۇنكىدەك تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىگە پىلتا بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت بولغانىدى.

ئۇ كۈنى ئايخېنىم يولدىشى توختىيازنىڭ يىل ئەزىرىنى بېرىۋەتكەن بولسىمۇ يەنىلا كۆڭلى ئۇنىماي سىراجىدىن ئىمام باشلىق بىرنەچچە قارىمنى چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتقانىدى، قۇرئان ئوقۇشقا سىراجىدىن ئىمام ئاراقۇمدىكى ئۈچ قارىمدىن باشقا قۇمتۇرادىن كەلگەن نىياز قارىمنىمۇ ئەكەلگەنىدى، ئۇنى داۋۇت چوقۇر دەيدىغان كىشى ئېشەك هارۋىسىدا ئېلىپ كەلگەنىدى، داۋۇت چوقۇر جامائەت بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىپ بولۇپ قارىملار قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغاندا هويلىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپلا يازلىق ئوچاقتا قۇرئان ئوقۇۋاتقانلارغا شويلا ئېتىۋاتقان ئايخېنىمنى كۆرۈپ جايىدا چىپپىدە توختىدى ـ دە، ئايخېنىمغا تىكىلگىنىچە بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئايخېنىمنى يەنىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن موخوركا يۆگەپ ئۇنى تۇتاشتۇرۇش باهانىسىدا يازلىق ئوچاقنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ تاماكامنى تۇتاشتۇرۇۋالاي،ــ دېدى ئۇ دىققىتىدە چۆچۈپ كەتكەن ئايخېنىمغا سارغايغان چىشلىرىنى سۇۋارى كۆرسەتكەن هالدا هىجىيىپ تۇرۇپ،ــ سەرەڭگەم تۈگەپ قاپتىكەن.

ــ ئەنە ئوت، تۇتاشتۇرسىلا،ــ دېدى ئايخېنىم ئۆزىنى سەل چەتكە ئالغان هالدا.

داۋۇت چوقۇر كۆيۈۋاتقان تەمەچتىن بىر تال ئېلىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، ئاندىن تەمەچنى ئوچاقتا تاشلىغاندىن كېيىن ئايخېنىمغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىۋالدى ـ دە، ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى چەككەچ ئايخېنىمنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئولتۇردى. ئايخېنىم بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى ـ دە، بەدىنى يېنىك تىترەپ كەتتى.

«ماۋۇ ئادەم قۇرئان ئوقۇۋاتقانلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرماي نېمانداق بۇ يەردە ئولتۇرىدىغاندۇ سەتلىشىپ. قېرىغىنىنى تۇيمىغىنىنى بۇ ئادەمنىڭ» دەپ ئويلىدى ئايخېنىم سەل بىئارام بولغان ھالدا.

ــ داۋۇتئاخۇن، ھاي داۋۇتئاخۇن،ــ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەلگەن ھېسامىدىن يازلىق ئوچاق ئالدىدا شويلىنى قوچۇپ تۇرغان ئايخېنىمغا بۇتتەك تىكىلىپ ئولتۇرغان داۋۇتنى چاقىردى،ــ نېمە بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىلا، ئۆيگە كىرسىلە، ئۆيدە قۇرئان ئوقۇلۇۋاتسا بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالسىلا بولمايدۇ جۇمۇ.

ــ مەن... مەن بەك ئىسسىپ كېتىپ شۇ... بۇ يەردە بىردەم شامالداپ ئولتۇراي دەپ چىققان،ــ داۋۇت چوقۇر ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ سەل دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى،ــ قارىسامىلا بولۇۋاتقان ماۋۇ تىنچىقنى... ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويماي دەۋاتىدۇ... شۇڭا...

ــ ئۆي ھەرقانچە ئىسسىپ كەتسىمۇ قۇرئان ئوقۇغان جايدا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىمىساق بولمايدۇ،ــ دېدى ھېسامىدىن ئۇ ئادەمنى ئۆي تەرەپكە تارتىپ،ــ

قايسىبىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ئۆيدە قۇرئان ئوقۇماق سۈننەت، قۇرئان ئوقۇلغان ئۆيدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماق پەرز.» قېنى، يۇرسىلە، بىزگە پەرز دەپ بۇيرۇلغان ئىشنى ئادا قىلمىساق زادى بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئايخېنىمنىڭ باياتىن داۋالغۇپ كەتكەن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشۈپ قالدى، لېكىن ئايخېنىم مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئېرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

قۇرئان ئوقۇلۇپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن ئايخېنىم تۇجۇپىلەپ تەييارلىغان شويلا تارتىلدى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قايتىشقا ئالدىرىمىدى، چۈنكى نىياز قارىم ئاراقۇملۇق ئۆلىما سىراجىدىن ئىمامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىرنەرسە دېگەچكە ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ھېسامىدىن ھارۋىكەشكە يۈزلەندى.

— ھېسامىدىنئاخۇن، — دېدى سىراجىدىن ئىمام گېپىنى قىرىپ ئولتۇرۇپ، — مەزلۇم كىشىلەر بىردەملىككە تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ تۇرغان بولسا، ئۆزلىرى بىلەن قىلىشىدىغان ئازراق مەسلىھەتىمىز بار ئىدى.

بۇ گەپ بىلەن تاپىسىدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا قىستىلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان ئايسىخان ۋە ئۇنىڭ قوشنىسى مەرەمنىساخان بىلەن ئايخېنىم ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى. ھېسامىدىن ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ

ئولتۇردى ـ دە، «نېمە ئىش ئىدى مەسلىھەت قىلىشىدىغان» دېگەن مەنىدە سىراجىدىن ئىمامغا تىكىلدى.

ـــ ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا بارلىق مەخلۇق ـ مەخلۇقاتلارنى ئۆز جۈپتى بىلەن ياراتقاندۇر، ـــ دېدى سىراجىدىن ئىمام ئادىتى بويىچە گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ـــ لېكىن تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ جۈپلىرىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قېلىپ ئەرلەر بويتاق، ئاياللار تۇل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلاردۇر، چۈنكى ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا پەقەت سەۋر قىلىش كېرەككى، غەزەپ قىلىدىغان، نارازى بولىدىغان، ھەتتا زار ـ زار قاقشاپ مەرھۇمنىڭ روھىنى قورۇندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىمدۇر، ئاللا مانا مۇشۇنداق سەۋر قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ساخاۋەت ئالىقىنىنى ھەر ۋاقىت كەڭرى ئېچىپ تۇرىدۇ، بىزدە مانا مۇشۇنداق ۋاقىتسىز ئۆلۈملەردە ئەر ـ ئايالغا بېرىلىدىغان ئىددەت ۋاقتى بولىدۇ، يەنى ئايالى ئۆلگەن ئەرگە ئالتە ئاي، ئېرى ئۆلگەن ئايالغا بىر يىل ئىددەت، يەنى قارىلىق تۇتۇش ۋاقتى بولىدۇ، مۇشۇ ئىددەت ۋاقتى توشقان ئەر ياكى ئايال ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىر جورا تېپىپ، ياكى تېپىشتۇرۇپ بىر ئۆيگە ئەكىرسە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۇلۇغ ئاللا بېرىدۇ.

ھېسامىدىن ھارۋىكەش سىراجىدىن ئىمامنىڭ گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاياللارنى چىقىرىۋېتىپ ئىددەت ۋاقتىنى نەقىل قىلىپ سۆزلەشلىرىدىن ئۇنىڭ بۇگۇن قىزىغا

مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ئۈستىدە گەپ ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئۈلگۈردى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قۇرئان ئوقۇش باھانىسىدا قىزنى بىرەرسىگە ياتلىق قىلىشنى پىلانلاپ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان سىراجىدىن ئىمامنىڭ ئاغزىغا قاراپ قىزنى زادى قانداقراق بىر كىشىگە سايە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماق بولۇپ ئولتۇردى.

— مۇنۇ داۋۇتئاخۇن بىزنىڭ قوشنا مەھەللىدىكى مەرھۇم ساۋۇت قارىينىڭ كەنجى ئوغلى، — دېدى سىراجىدىن ئىمام گېلىنى قىرىپ تاپسىدىلا كاڭنىڭ قىرىغا سۆڭگىچىنى چاپلاپ ئولتۇرغان داۋۇت چوقۇرنى كۆرسىتىپ، — بىچارە بايقۇشنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بىر ئوغلى بىلەن جاھاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆيگە كىرسە كۆلگە مىلىنىپ، تالاغا چىقسا بېشىغا توپا سورۇپ يۈرۈۋاتىدۇ، بىر ئۆي دېگەندە ئايال كىشى بولمىسا ئۇ ئۆينى ئۆي دېگىلى بولامدۇ، ئەر كىشى دېگەن تالانىڭ ئىشىغا يارىغان بىلەن ئۆي ئىشى دېگەنگە چالا كېلىدىغان گەپكەن، ئايخېنىممۇ ياشلا تۇل قېلىپ ئۈچ بالا بىلەن ئالەمنىڭ جاپاسىنى تارتىۋاتىدۇ، داۋۇتئاخۇن بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئۆز باغرىغا بېسىپ بىر ئائىلە قۇرماقنى نىيەت قىپتىكەن، شۇڭا نىياز قارىم مۇشۇ قۇرئان ئوقۇش باھانىسىدا ئەلچىلىكنىمۇ قىلىۋېتىش ئۈچۈن داۋۇتئاخۇننى بىللە ئالغاچ كەپتۇ،

قىنى ئەمسە، نىياز قارىم، مەن گەپنىڭ بېشىنى دەپ بەردىم.ئاخىرىنى ئۆزلىرى چىقىرىۋەتسىلە.

— سىراجىدىن ئىمام ھەزرەتلىرى ئاساسىي گەپنى قىلىپ بولدى،— دېدى نىياز قارىم ئالدىغا قويۇلغان چايدىن بىر ئوتلام ئىچىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلاپ،— بىزدە «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار، شۇڭا يوغان بېشىمىزنى كىچىكلىتىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىغا قىز سوراپ كەلدۇق، «خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان» دېگەندەك داۋۇتئاخۇن مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان تارتمىغان جاپاسى قالمىغان ئادەم، بۇ ئادەم خۇدانىڭ مۆمىن، ياۋاش بىر بەندىسى، چىۋىنغا ئازار بەرمەيدىغان ناھايىتى رايىش بىر ئادەم. مانا ھەممىلىرى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋاتىدىلا، كىممۇ بۇ ئادەمنى ئەمدىلا قىرىقتىن ھالقىغان ئادەم دېيەلىسۇن، ئۇنى مۇشۇ بەش يىلدىكى بويتاقچىلىق مانا مۇشۇنداق قېرىتىۋەتتى، شۇڭا بىز ئۆزلىرىنىڭ ئايخېنىملىرىنى سوراپ ئالدىلىرىغا كەلدۇق، رازىلىق بېرىش ئۆزلىرىدىن، ياق دېسىلە خاپىلاپ كەتمەيمىز، لېكىن قىزلىرىنىمۇ ئويلىمىسىلا بولمايدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئۈچ بالا بىلەن تۇل قالغان بىر ئايالغا ئۆي ئىشى ئېغىر كەلمىگەن بىلەن تالانىڭ ئىشى ئېغىر كېلىدۇ. ھازىر يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەچكە بۇرۇنقىدەك كوللېكتىپ ئىشلەيدىغان ئىشلار كەلمەسكە كەتتى، ئايخېنىمغا بۆلۈنگەن يەرلەرگە ئىشلەشكىمۇ ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ، بىز دېگەن دېھقان خەق، يەردىن باشقا مەشغۇلاتىمىز ھەم ئايدا ئېلىپ تۇرىدىغان شەھەرلىكلەرنىڭكىدەك مائاشىمىزمۇ يوق خەق. گەپنى

ئۇزارتماي، ھېسامىددىنئاخۇن، قېنى مۇشۇ ئەلچىلىكىمىزگە لايىقىدا جاۋاب بېرىپ بىزنى يولغا سالسىلا.

ھېسامىددىن باياتىن سىراجىددىن ئىمام گەپنى باشلىغاندىلا قىزنى بىرسىگە سايە قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. داۋۇتئاخۇننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئادەمگە ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، خۇددى ئاتمىشتىن ھالقىغان بوۋاي سىياق، ۋىجىككىنە كەلگەن بەستىگە ياراشمىغان بىر خىل خۇلق بىلەن ئولتۇرغان بۇ قارىمۇتۇق ئادەمنى قىزى قانداقمۇ ياراتسۇن، نىياز قارىمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا بۇ ئادەم ئەمدىلا قىرىقتىن ھالقىغان ئادەممىش، چارلاشقان قوغۇندەك يول - يول قورۇق چۈشكەن چىرايى، دانخورەكنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە قېپقالغان چوقۇر يۈزى... مۇشۇ ئادەمگە ئەمدىلا ئوتتۇزغا ئۇلاشقان ئارزۇلۇق قىزىنى سايە قىلىشسا بۇ خۇددى تېزەككە گۈل سانجىپ قويغاندەكلا كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ. لېكىن، بايا نىياز قارىم ئېيتتىغۇ «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ، قىزلىق كۆۋرۈكىدىن راستتىنلا ھەرقانداق بىر كىشى ئۆتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا لىللا جاۋاب بىلەن قايتۇرماق ئەقەللىي بىر ساۋاتقۇ، لېكىن مۇشۇ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا تىل چايناشنىڭ تەسلىكى...

— ھە، ھېسامىددىنئاخۇن، — دېدى سىراجىددىن ئىمام گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ، — ئىچىمىزگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇققۇ، بولمايدىغان يەرلىرى بولسا نەق گەپنى قىلمامىلا... بايا نىياز قارىم دېدىغۇ، ياق دېيىشلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرى، لېكىنزە بۇ ئىشنى ئوبدان

ئويلىشاي دەپ كەينىگە سۈرسىلە قىزلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىلا، ئۈچ بالىسى بىلەن تۇل قالغان ئايال دېگەنگە ئالدىراپلا باشقىچە ھۆكۈم چىقارساق ياخشى بولمايدۇ، سىلى بىلەن بىز بالىلارغا بىر ئۆمۈر تۈۋرۈك بولالمايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىرى بەكلا ياش تۇل قالدى، رەھمەتلىك توخنىياز بەكمۇ ئوڭلۇق ئادەم ئىدى، ئاللا ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادىكى جايىنى مۇرۇۋۋەتلىك قىلغاي، ئەگەر ئۇ بۇ دۇنيادا يالغۇز قالغان ئايالىنىڭ جاپا چېكىپ ياشاۋاتقانلىقىنى بىلسە روھى قورۇنمامدۇ، ئۆزلىرى ئوبدان بىلىلا، تۇل چوكان دېگەننىڭ ئېتى يامان، ئېتىكى ئوتلۇق بولىدۇ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ بەزى پىتنىخورلارنىڭ تىلىغا چىقىپلا قالسا ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپ بولماق تېخىمۇ تەس، شۇڭا ياق دېگەن گەپنى قىلماي بۇ نىكاھقا رازىلىق بەرگەنلىرى تۈزۈكمىكىن، ئايال كىشى ھەرقانچە بەقۇۋۋەت بولسىمۇ يەنىلا بەزى ئىشلاردا ئاجىز، ئۇ بىرەر ئەرگە بېقىنىپ ياشىمىسا زادى بولمايدۇ، بالىلار تېخى كىچىك، ئۇلار ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپلا قالسا ئانىسىنىڭ ئىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟! شۇڭا تىللىرىنى چايىنىمىغانلىرى ياخشىمىكىن.

ھېسامىدىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدى، لېكىن قىزىنىڭ بۇ ئىشقا رايى بارارمىكىن. «بۇ ئادەمنى قىرىقتىن ئەمدىلا ھالقىدى دېگەن بىلەن ئاتمىش ياشلىق بوۋايلاردەك سالپىيىپ ئولتۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى قوشقاندا تۆت بالا بىلەن بىر ئائىلىنى بېقىپ كېتەلىسۇن، ھەرھالدا قىزىمنىڭ رايىنى بىلىپ بېقىپراق ئاندىن جاۋابىنى بەرگىنىم تۈزۈكمىكىن»

دېگەن خىيالغا كەلگەن ھېسامىدىن ئۆزىگە ئۈمىدلىك تىكىلىپ ئولتۇرغان داۋۇتقا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ سىراجىدىن ئىمامغا:

— ئەمدى، — دېدى ھېسامىدىن بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، — ناھايىتى ياخشى، ساخاۋەتلىك بىر ئىشنى تەخمىن قىلىشىپ كەپلا، دېمىسىمۇ ئۈچ بالا بىلەن قالغان مەزلۇمنىڭ ھالىمۇ يېتەرلىك بار، لېكىنزە بۇ ئۆمۈرلۈك ئىشقا تاقىشىدىغان بىر ئىش بولغاندىكىن ھازىرلا جاۋاب بەر دېسىلە مەن سەل تىل قىسىقلىق قىلىپ قالىمەن، شۇڭا ھەرقايسىلىرى بۇگۈنچە قايتىپ تۇرۇشسىلا، مەن بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىز بالىنىڭ رايىنى بىلىپ بېقىپ ئاندىن جاۋابىنى بەرسەممىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم تېخىچە قارىلىق كىيىملىرىنى سالغىنى يوق، بۈگۈن مەرھۇم توخنىيازئاخۇننىڭ يىلى توشتى، مۇنداق چاغدا بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرساق ئۇنىڭغا تويۇقسىز بولۇپ قالارمىكىن دەيمىنا.

— ئا... نېمانداق گەپ چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئۆزلىرى، — دېدى سىراجىدىن ئىمام قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مەن باياتىن تامغا گەپ قىلىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئىددەت ۋاقتى توشتى، ئەمدى ئۆلۈپ كەتكىلى بىر يىل بولغان ئادەمگە يەنە قارىلىق تۇتۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، بۇنداق ئىشنى جانابىي ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاۋابىنى بېرىدىغان ئىشمۇ ئەمەس بۇ... سىلىچۇ ھازىر رەسمىدە بولغان قىزلىرىنى ئەمەس، ئېرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ ئۈچ بالا بىلەن جاھاننىڭ

جاپاسىنى تارتىپ ئولتۇرغان قىزلىرى ئۇچۇن گەپ قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، مۇنداق ئىش دېگەننى ۋاقتىدا قىلىۋەتكەنلىرى تۈزۈك، مۇنۇ داۋۇتئاخۇنمۇ يامان ئادەمنىڭ بالىلىرى ئەمەس، ئۇ ئېتىقادلىق بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى، ھە، داۋۇتئاخۇن، تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، قېيىنئاتىلىرىغا سالام بېرىپ رازىلىقىنى ئالسىلا.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، — خۇددى سىراجىدىن ئىمامنىڭ مۇشۇ سۆزىنى قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەن داۋۇت چوقۇر ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى، — مەن قىزلىرىنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئېلىشقا رازى، ماڭا رازىلىق بەرسىلە.

— بۇ... بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى، — كاڭنىڭ بۇرجىكىدىلا ئولتۇرغان ھېسامىدىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى، — ئىمام ئاخۇنۇم، بۇنداق تۇيۇقسىز بىر ئىش قىلسىلا قانداق بولىدۇ... ماڭا ئازراق پۇرسەت...

— بولدى، بولدى، — دېدى سىراجىدىن ئىمام قولىنى سىلكىپ ھېسامىدىننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئەمدى نازى بار خوتۇنلاردەك ئۇنداق ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرمىسىلا، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىلىمۇ ماۋۇ ئولتۇرغان يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ يۈزىنى قىلمامىلا... ئەمدى تارتىشماي ئاۋۇ سىلىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان داۋۇتئاخۇننىڭ قولىنى تۇتۇپ جاۋابىنى بەرسىلە.

ھېسامىدىن تەڭقىسلىقتا قالغان ئادەمدەك يەنە

بىشىنى قاشلاپ تۇرۇپ قالدى، داۋۇت چوقۇر يىرىم
ئېگىلگەن ھالەتتە ھېساممىدىننىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى
كۈتۈپ تۇراتتى، سورۇندىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمدى
نېمە گەپ چىقاركىن دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ
ئولتۇرۇشاتتى. تاشقىرىقى ئۆيدە بولارنىڭ سۆزلىرىگە
دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان ئۈچ ئايال ھەر خىل تەشۋىش
ئىچىدە ھېساممىدىننى قىيىن سوئالغا دۇچار قىلىپ
قويغان سىراجىدىن ئىمامغا قانداق جاۋاب بېرەركىن دەپ
قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشاتتى.

بولارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئازابلىق بىر تەشۋىش ئىچىدە
تىترەپ ئولتۇرغىنى يەنىلا ئايخېنىم ئىدى، چۈنكى ئۇ
بايا ھويلىدا ئۆزىگە مولۇندەك تىكىلىپ ئولتۇرغان بۇ
كۆرۈمسىز ئادەمنىڭ ئەسلىي نىياز قارىمغا ھارۋا ھەيدەپ
كەلگەن ھارۋىكەش بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە ئىشتەي
باغلاپ كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە بەدىنى
كۈزدىكى يوپۇرماقتەك يېنىك تىترەپ كەتتى. بۇ ئادەم
ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە زادىلا خىل كەلمەيتتى، ئۇنىڭ
رايىچە بولغاندا ئۇ ئادەمگە تەگكۈچە بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتۈپ
كېتىشكىمۇ رازى ئىدى، لېكىن «مەن رازى ئەمەس» دەپ
جامائەتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىرگىلى بولمايدۇ. بۇ
يەردىكى تويلار مانا مۇشۇنداق ئۆلىمالارنىڭ ئەلچى
بولۇشى بىلەنلا روياپقا چىقىدۇ، رازىلىقىنى دادا بېرىدۇ،
باللار دادىسىنىڭ رازىلىقىغا كۆنمەي ئىلاجى يوق.

بۇ يۇرتنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
قائىدىسى شۇ، قىزلىق كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن مانا
مۇشۇنداق قىز تەرەپنى ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قويىدىغان
گەپدان ئاقساقاللار ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇلىدۇ، ئادەتتە

بىرەر ئائىلە ئۆز ئوغلىغا قىز تاللىغاندا «ئانىسىغا بېقىپ قىزىنى ئال، قازىنىغا بېقىپ ئېشىنى ئال» دېگەندەك قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى، قىزنىڭ قانداق سۈپەتتە چوڭ بولغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىنى توختاتقاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئاقساقاللارغا مۇراجىئەت قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇ ئۆيگە خەۋەرمۇ بەرمەستىن ئۇلار ئۆيدە بار چاغنى نىشانلاپ يېتىپ كېلىشىدۇ ـ دە، كىم تەرەپتىن ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشىپ ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇشىدۇ، ئەگەر قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى ياقتۇرمىسا «باللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېيىنرەك جاۋابىنى بېرەي» ياكى «قىزىمىز تېخى كىچىك، يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز» دېگەندەك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇشىدۇ، ياقتۇرسا ماقۇل جاۋابىنى بېرىدۇ ھەمدە توي كۈنلىرىنى بېكىتىشىدۇ. قىز ـ يىگىت توي خېتى ئالىدىغان چاغدا بىر ـ بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا قىزنى گەپدان خوتۇندىن بىرى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، يىگىت بىرەر دوستىنى ئەگەشتۈرۈۋالىدۇ، ئۇلار يول بويى ھېلىقى گەپدان خوتۇننىڭ سىلىق گەپلىرىنى، بەزى بىزەپ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ توي خېتى ئالىدىغان جايغا يېتىپ بارغۇچە ئاساسەن چىقىشىپ قالىدۇ. توي بولغان كۈنى كەچتە ھېلىقى گەپدان خوتۇن قىز تەرەپنىڭ يەڭگىسى بولۇپ ئوغۇل تەرەپنىڭ يەڭگىسى بىلەن بىرلىكتە ھۇجرا ئۆيدە ئورۇن سېلىپ قىز ـ يىگىتنى ھۇجرىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ھۇجرىنىڭ بېقىنىدىكى

ئۆيدە ياتىدۇ. ئەتىسى سەھەر ئۇلارنىڭ غۇسۇل تاھارەت سۈيىنى تەييارلىغاندىن باشقا ئورنىنى يىغىپ قىزلىق ئامانەتنىڭ ساق تاپشۇرۇلغان - تاپشۇرۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ خەۋەرنى يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ئادەتتە قىز تويىدا بولىدىغان ئىشلار. ئەمدى جۇۋان تويىغا كەلسەك، بۇنىڭ رەسمىيەتلىرى بەك ئاددىي، توي قىلغۇچى ئۆزئارا كېلىشىپ نىكاھ قىلىۋالسىمۇ ياكى ئەلچى ئەۋەتىپ دادىسىنىڭ، ئەگەر دادىسى بولمىسا ئانىسىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپلا تۆت ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ كۆچى يەتكەن يېرىگىچە ئاشۇ جۇۋاننىڭ ئەتىۋارىنى قىلىپ نىكاھ قىلدۇرۇپ ئېلىپ كەتسە بولۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئايخېنىمنىڭ يېنىك تىترەپ كېتىشى، ھەتتا ساراسىمىگە چۈشۈپ دادىسىنىڭ تىل چاينىمايلا ياق دەۋېتىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇۋاتاتتى.

— بوپتۇ. مۇشۇ يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ يۈزىنى قىلاي، — دېدى ھېسامىدىن تۆردە ئولتۇرغان مويسىپىتلارغا قاراپ، — قىزىم ياخشىراق كۈن كۆرسە، بالىلىرى خارلىنىپ قالمىسىلا مەن بۇ تويغا رازى.

تاشقىرىقى ئۆيدىن ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، دېمەك ئايخېنىم يىغىنى باشلىغاندى. ھېسامىدىن بۇنىڭ خۇشاللىق ياكى خاپىلىقتىنمۇ، ياكى قايتا توي قىلىش بوسۇغىسىدا بالىلىرىنىڭ دادىسى توختىيازنى ئەسلەپ يىغلاۋاتقىنىمۇ، تازا ئاڭقىرالماي قالدى.

— ھەببەللى، ئەركەكتەك گەپ قىلدىڭلا، — دېدى نىياز قارىم ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت سالىمىنى بېرىپ، — جانابىي ئاللا سىلىنىڭ مۇشۇ ئىككى يەكتانىڭ

بېشىنى بىر قىلىپ ئاتىلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى يەتكۈچە بېرەر، رەھمەت سىلىگە.

— رەھمەت، قېيىنئاتا، ۋاي دادا، — دېدى داۋۇت چوقۇر ھېسامىدىننىڭ قاداقلاشقان قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — مەن ئايخېنىمغا ياخشى قارايمەن، ئۇنىڭ بالىلىرى مېنىڭ بالىلىرىم، خاتىرجەم بولسىلا، دادا.

— ئاللا خالىسا بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى، — دېدى سىراجىدىن ئىمام ساقىلىنى يېنىك سىيرىپ ئولتۇرۇپ، — بۇ قىز تويى بولمىغاندىكىن ئارتۇقچە ھەشەم - دەرەم قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، شۇڭا داۋۇتئاخۇن ئازراق تەييارلىق قىلىپ تۆت ئادەم بىلەن كېلىپ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ يۆتكەپ كەتسۇن، شۇنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىپ قويساق.

— تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان ياخشى، — دېدى نىياز قارىم سىراجىدىن ئىمامنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا گەپ قىستۇرۇپ، — بۈگۈنلا نىكاھىنى ئوقۇتۇپ كېلىن بالىنى يۆتكەپ كەتسەك ياخشى بولامدۇ، نېمە قىلىمىز بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرۈپ.

— ئۇنداق قىلساق ياخشى بولماسمىكىن، — دېدى ھېسامىدىن ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ، — قىزىم بۈگۈن مەرھۇم يولدىشىنىڭ يەرلىكتە ياتقان يىل نەزىرىنى بېرىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس، بۇنداق چاغدا نىكاھ قىلىمىز دېسەك تازا توغرا كەلمەسمىكىن.

— ھېسامىدىنئاخۇن توغرا گەپ قىلدى، — دېدى سىراجىدىن ئىمام گېلىنى قىرىپ ئولتۇرۇپ، — بۈگۈن

ئۇ ئېرىنىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇتقان كۈن، بۇنداق چاغدا نىكاھ قىلىپ باشقا بىر ئەرنىڭ ئۆيىگە مېڭىشىمۇ تازا بىئەپ، يەنە تېخى ئۇلار خەت ئالماي تۇرۇپلا نىكاھ قىلساقمۇ تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ، شۇڭا بىز ھەپتە ئون كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن نىكاھ قىلىشنى ئويلاشساق.

— مەيلى ئەمىسە،— دېدى نىياز قارىم سىراجىدىن ئىمامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ،— ئەمىسە ئون كۈن دەپ ئۇزارتىۋەتمەي كېلەر ھەپتىنىڭ نەق مۇشۇ كۈنى نىكاھ قىلساق، خەتنى ئۇلار كېلىشىپ ئېلىۋالار.

— مېنىڭچە بۇ بولىدىغان پىكىر،— دېدى سىراجىدىن ئىمام ھېسامىدىننىغا قاراپ،— قانداق، ھېسامىدىنئاخۇن؟ بۇ ئىش شۇنداق مۇقىملاشتى، كېلەر ھەپتىنىڭ مۇشۇ كۈنىدە نىكاھ قىلساق بولامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋەتسىلە.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى،— دېدى ھېسامىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ،— يۇرت چوڭلىرى گەپ قىلىۋاتسا مەن تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسام بولماس.

— مانا ئىش پۈتتى،— دېدى سىراجىدىن ئىمام ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ،— بۈگۈن ساۋابلىق ئىشتىن بىرنى قىلدۇق، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنىڭ ياخشى ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، ئامىن.

— ئايخېنىم، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ، قىزىم،— ئانىسى ئايىسخاننىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ گەپ قىلىشلىرىدىن خىيالى ئۈزۈلگەن ئايخېنىم كۆزىنى ئاچتى. ئانىسى شۇ

تاپتا مىنىڭ يىرىدىن تۆكۈلگەن ھالەتتە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇراتتى، ئۇ ئانىسىنىڭ يۈلىشىدە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. قوشنىلار چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆيدە دادىسى بىلەن ئاپىسىدىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى، ئىككى بالا مەكتەپكە كەتتىمۇ ئەتىمالىم، ئۇلارمۇ ئۆيدە يوق ئىدى. ھېسامىدىن قىزىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا گۇناھكارلارچە قارىدى ـ يۇ، يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

ــ ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، قىزىم، ــ دېدى ئۇ يىغلامسىرىغان ھالدا، ــ مەن سېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمىغان بولسام بۇ كۈنلەرمۇ بولماس ئىدى، سېنىڭ ئۇنىمىغىنىڭغا قويماي نىكاھ قىلدۇرغان مەن، بالام، مېنى كەچۈر، جېنىم قىزىم. شۇ چاغدا ئەقلى قىسقىلىق قىپتىمەن، قارىينىڭ بالىسىكەن دەپلا ماقۇل دەپتىمەن. جىق دەرد تارتىۋالدىڭ، مانا نەۋرەمنىمۇ ھەپسىگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇ خۇنپەرنىڭ ئۇنچىۋالا ئەسكىلىك قىلىشىنى نەدىن بىلەي، بالام، مەن ئاش ئەمەس، پوق يەپتىمەن...

ــ بولدى، دادا، ئۇنداق قىلما، ــ ئايخېنىم ئۆزىنى كاچاتلاشقا ئۆتكەن دادىسىنىڭ يېنىغا ئىتتىك كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، ــ سەن مۇنداق قىلساڭ مەن قانداق قىلىمەن، ئەمدى مېنى قىينىماڭلار، دادا، بولمىسا مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ تاياقچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىكىن ئاجرىشىپ يېنىپلا كەلسەم بوپتىكەن، لېكىن ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا سەت

بولمىسۇن دەپلا چىداپ كەتمىكەنمەن، دادا، مۇنداق ئىشنىڭ چىقىشىنى بىلگەن بولسام جەۋھەرنى سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەتكۈزۈۋەتسەم بولماسمىدى...

ئايخېنىم ئەمدى رەسمىي هازىدارلىق دادىسىغا ئېسىلىپ يىغىسىنى باشلىۋەتكەنىدى. بايا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان دادىسىمۇ ئەمدى قىزىنىڭ يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈنىڭغا قوشۇلۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى. ئايسىخان ئانا دادا ـ بالا ئىككىسىنىڭ يىغىسىغا جور بولۇپ هۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلىغان پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتى. يەنىلا دادا بەرداشلىق ئىكەن، قىزىنىڭ تولا يىغلاپ كېسەل بولۇشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ئەيتاۋۇر، يىغىسىنى توختىتىپ قىزىنى بەزلەپ، بايا ياتقان ئورنىغا ئەكىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى ـ دە، ئېسەدەۋاتقان قىزىنى ئۆز هالىدا تاشلاپ تالاغا ماڭدى، چۈنكى بايا هۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلاپ چىقىپ كەتكەن ئايسىخاننى تېزلىكتە ئەكىرىۋالمىسا ئاشۇ ماڭغىنىچە ئۇرۇمچىگە چىقىپ تۇرمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يېتىۋېلىپ: «ماڭا نەۋرەمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئانىسىنىڭ يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىمەن، مەندەك بىر قېرى مەزلۇمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن» دېيىشتىن يانمايدىغاندەك تۇراتتى.

ئايخېنىم دادىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىرپەس ئېسەدەپ يەنىلا خىيالغا پاتتى. دادىسى راست دەيدۇ، شۇ كۈنى قۇرئان ئوقۇغانلار قايتقاندىن كېيىن ئايخېنىم دادىسىغا ئېسىلىپ يىغلىغان هالدا:

— دادا، مېنىڭ هازىرچە توي قىلغۇم يوق، ئامال

بولسا ئۇلارغا ئېيتىپ بۇ ئىشنى توختىتىپ قويۇڭ، — دېگەنىدى.

— قىزىم، — دېدى ھېسامىدىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەن تېخى ياش، باللىرىڭ كىچىك، ۋاقتىدا بېشىڭنى ئوڭلاپ ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك، بىز ساڭا مەڭگۈ تىرەك بولالمايمىز. ئۇنداق دىلى قاتتىقلىق قىلما، باللىرىڭ سەل چوڭ بولۇۋالسىلا توي قىلىشىڭغا كاشىلا قىلىدۇ. بالاڭ بىر بولسا مەيلىتتى، ئۈچ بالا بىلەن يالغۇز قالدىڭ، جاپا تارتىپ قالىسەن، ئۆزۈڭنى ئويلىمىساڭمۇ باللارنى ئويلا، قىزىم.

— باللىرىمنى تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتماي يالغۇز ياشاپ كېتەلەيمەن، دادا.

— ئۇنداق دېمە، قىزىم، — دېدى ھېسامىدىن قىزىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى قولى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئايال كىشى دېگەن ئاجىز نېمە، ھازىر بىلىنمىگەن بىلەن باللار چوڭ بولغانچە يالغۇزلۇق تارتىپ قالىسەن، ئېتىز ئىشىمۇ سېنى ھارغۇزىدۇ. ھازىرغۇ بىز بار، بىزدىن كېيىن قالساڭ راستتىنلا جاپا تارتىپ قالىسەن، قىزىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا مەيدەمگە مۇشتلاپ ماقۇل جاۋابىنى بېرىپ سايتىمەن، ۋاقتىمۇ بېكىتىلىپ بولدى، ئەمدى مېنى ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتما.

نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى ئايخېنىم ئانىسىغا ئېسىلىپ ھۆڭگۈرەك تارتىپ بولۇشىغا يىغلىدى. يېڭى تويى بولىدىغان قىزلار مۇشۇ ياشقىچە بىللە ياشىغان ئاتا - ئانىسىدىن ھەمدە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىش ئازابىغا چىدىماي مانا مۇشۇنداق يىغلايتتى. لېكىن، جۇۋان

تويلاردا مۇنداق ئەھۋال پەقەتلا كۆرۈلمەيتتى. يىغىنى جامائەت باشقىچە چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى، شۇنداقلا بۇ يىغىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ تويغا پەقەتلا رازىلىقى يوق ئىدى.

ــ داۋۇتئاخۇن،ــ دېدى ھېسامىدىن ھارۋىسىدىكى كۆرپىنى رەتلەۋاتقان داۋۇت چوقۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ،ــ بۈگۈن ئەل ـ جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن قىزىمنى بالىلىرى بىلەن سىلىگە تاپشۇردۇم، ئۇنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى توختىيازئاخۇن قىزىمنى تاك قىلىپ چېكىپ باقمىغان، ئېتىز ئىشلىرىغىمۇ بەك سېلىپ كەتمىگەن، سىلىمۇ قىزىمنى ئەنە شۇنداق ئاسراپ ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ ئۆتكەيلا، قىزىمنىڭ كۆزىدىن تامچە ياش تۆكۈلگەننى ئۇقۇپلا قالسام شۇ ھامان ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، ئۇقتۇلىمۇ؟

ــ ئۇقتۇم، دادا،ــ دېدى داۋۇت چوقۇر غۇچچىدە ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىدەك ھىڭگايغان ھالدا،ــ خاتىرجەم بولسىلا، مەن قىزلىرىنى، ياق، ئايالىمنى پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئاسرايمەن، بالىلىرىنىمۇ ئۆز بالامدەك ياخشى قارايمەن.

ئايخېنىم بۇ ئۆيگە كېلىپلا ئۆزىنى بىر پارچە ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلىغانلىقىنى بىلدى، ئۇنىڭ ئون سەككىز ياشتىن ئاشقان ئوغلى جاپپار شۇ كۈنىلا دادىسىغا يېنىپ:

ــ داداڭزا،ــ دېدى ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقانلارغا بىر خىل مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ،ــ سەن خوتۇن ئالدىڭمۇ ياكى مۇشۇنداق يېتىم بالىلارنى

بىقىۋالىدىغان ساناتورىيە ئاچتىڭمۇ؟ نىمانداق جىق بالا بۇ! مۇنۇ تېخى سېنىڭ خوتۇنۇڭكەندە، ھالىڭغا بېقىپراق ئالساڭ بولمامدۇ خوتۇن دېگەننى ھەي. قارىغىنە، بۇنى بىر نەچچە ياشلا كىچىكلەتسەك ماڭا خوتۇن بولغۇدەك بىر نىمىكەنغۇ بۇ! مۇشۇنداق بىر ئايالنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىۋالساڭ مېنى تەڭقىسلىقتا قويىسەنغۇ، مەن ئەمدى ئۇنى قانداقمۇ ئاپا دەيمەن...

— زوۋانىڭنى يىغ ھەي توڭگۇز پوقىنى يەۋالغان جوھۇت،— دېدى داۋۇت چوقۇر قولىدىكى قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇرىدىغاندەك شىلتىپ تۇرۇپ،— بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ سېنىڭ ئاپاڭ، بولار ئۇكىلىرىڭ، بىلىپ قوي، ئەمدى يەنە مۇشۇنداق قالايمىقان كاڭشىيدىغان بولساڭ مەندىن يەيسەن ماۋۇ تاياقنى.

— ۋاھ، بۇگۇنزە ياش خوتۇن ئېلىۋېلىپ بەك نوچى بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن، قېنى ئۇرۇپ باقە،— ئۇ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى قامچىنى تارتىپ ئېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى،— بۇ جاھاندىچۇ ماڭا كۆز ئالايتقۇدەك بىرەر ئادەم چىقىپ باقمىدى ئۇقۇپ قوي، مېنى ئۇرغۇدەك ھالىڭ بولسىچۇ سەن بۇ يەردە تۇرمايسەن، تېخى قامچا كۆتۈرۈپ ۋالاقشىپ كەتكىنىڭنى نېمە دېسەم بولار. بوپتۇ، بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ بولغان قۇتلۇق كۈن، خۇشاللىقىڭغا سۇ سەپمەي تۇراي، بۈگۈنچە ئىشىڭغىمۇ ئارىلىشىپ قالماي، ئۆينى ئوڭچە قالدۇراي، مۇنۇ ياش خوتۇنۇڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى ئېچىۋال، ئەتىگىچە كۆرۈشەرمىز، خوش.

— ھەي جوھۇت، ئىتنىڭ قارنىدىن تۆرەلگەن

مۇناپىق، توختا دەيمەن،ــ ئۇ يەردىكى جاپپار تاشلىۋەتكەن قامچىنى قولىغا ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئازراق يۈگۈرۈپ توختاپ قالدى،ــ سېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن جۇمۇ... خەپ، ئۆلمەيدىغان گۈينىڭ بالىسى، ئەتىلەرگىچە ئۆيگىمۇ كېلەرسەن، بۈگۈن قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن بۇرنۇڭدىن بۇلاق چىقارمىسام ھېساب ئەمەسقۇ...

داۋۇت چوقۇر تالاغا چىقىپ بىردەم ھېچنېمىگە قارىماي كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ تىللاپ قويۇپ ئاچچىقلىغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئايخېنىم جاپپارنىڭ بايا دادىسىغا قىلىۋاتقان ئاشۇ تېتىقسىز گەپلىرىدىنلا بۇ بالىنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغانىدى، ئۇ ھەتتا ئاتىسىغا مۇشۇنداق ئورۇنسىز گەپلەرنى قورقماي قىلالىغان يەردە ئۆزگە قانچىلىك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۇششۇكتە قالغان غازاڭدەك تىترەپ كەتتى.

ــ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز خاپا بولماڭ،ــ دېدى داۋۇت چوقۇر ھارۋىنىڭ يېنىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي بالىلىرىنى يېنىغا تارتىپ تۇرۇپ قالغان ئايخېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ،ــ ئانىسى رەھمەتلىك تۈگەپ كەتكەندىن بېرى ئۇنى بەكرەك ئەركىلىتىپ نېمە دېسە شۇنى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ چوڭ قىپتىمەن، شۇڭىزە ماڭا مۇشۇنداق ئەركىلەپ پەلىپەتىش سۆزلەپمۇ قويىدۇ، لېكىنزە كۆڭلىدە قىلچە يامانلىقى يوق بالا. ئۇ ئەسلىي مېنىڭ قايتا توي قىلىشىمغا تازا رازى ئەمەس ئىدى، بايا ئۇ شۇ

ئاچچىقىدا قالايمىقان سۆزلەپ قويدى، ھەرگىز خاپا بولماڭ، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە.

«توۋا، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بىر بالىنىڭ دادىسىغا يېنىپ ئاشۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى قىلالىشى نورمال ئەمەسقۇ، ئۇ بىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسىتەر ئەمدى... كېلىشەلمىگۈدەكمىز دەپ كېتىپ قالسام قانداق بولار...»

ئايخېنىم ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن ئىشىك بوسۇغىسىدا تۇرۇپ قالدى.

— بۇ يەردە خىيال بېسىپ تۇرۇۋەرمەي ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە، — داۋۇت چوقۇرنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىياللىرىدىن ئايرىپ ھويلىغا قايتۇرۇپ كەلدى، — بالىلىرىم، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار جۇمۇ.

داۋۇت چوقۇرنىڭ بۇ ئۆيىدىن، شۇنداقلا بايىقى گەپلەردىن ئۇركۈپ ياتسىراپ ئاپىسىنىڭ كەينىگە تىقىلىۋالغان بالىلارنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ئۆيگە تەكلىپ قىلغىنىدىن ئايخېنىم بىر ئاز خاتىرجەم بولدى، چۈنكى ئۇ بالىلىرىنى دەپ بۇ ئەرنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە رازىلىق بەرگەنىدى.

«مەن رىيازەت چەكسەممۇ مەيلى، لېكىن بالىلىرىم خوۋلۇق كۆرمەي قالسا بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا زادى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بۇ مېھرىبانلىقى زادى نەگىچە، كۆرۈپ باقمايمەنمۇ...» ئايخېنىم ئاشۇنداق خىياللار بىلەن داۋۇت چوقۇرنىڭ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى.

# ئۈچىنچى باب

## مېنى ئېتىۋېتىڭلار!

جەۋھەرنى تۈرمىگە ئېلىپ ماڭغان ماشىنا چۈشكە يېقىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، ماشىنا شەھەرگە كىرىشى ھامان چىرقىرايدىغان سىگنالىنى چالغىنىچە قاسقانغا تىزىلغان مانتىدەك جىپسىلاشقان ماشىنىلار تۈركۈمىگە قوشۇلۇپ كەتتى، سىگنالنى ئاڭلىغان شوپۇرلار ئامال بار ماشىنىغا يول بوشىتىپ بېرەتتى ھەم «ئىچىدە زادى قانداق جىنايەتچى بار بولغىيتتى» دېگەندەك دېرىزىلىرى رېشاتكىلانغان بۇ ماشىنىغا قىزىقىش نەزىرىدە قارىشىپ قوياتتى.

جەۋھەر دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، قويۇق بۇلۇت بىلەن قاپلانغان ئۈرۈمچى ئاسمىنى يىغلاڭغۇ بالىنىڭ چىرايىدەك تۇتۇلغانىدى. بىر ــ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كۆككە باش سوزغان بىنالار بارلىق يېشىللىقنى يەپ كەتكەندەك خىرە تۇمان ئىچىدە ئۆھسىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. جەۋھەر ھازىر ئۈرۈمچىگە بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى، چۈنكى ئۇ بۇ شەھەرگە ساياھەتكە ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمنى كۈتۈش ئۈچۈن چىقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇ شەھەردە ئاخىرلىشىدۇ، بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم كۈنىنىڭ

يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك، بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ساۋاقدىشى مەريەم يازلىق تەتىلدە ئاپىسى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەندە ئۇرۇمچىنى بىر خىل سىرلىق جەننەت سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا:

— ۋاھ، ۋاھ، ۋاھ، ئادەم ياشىسا ئاشۇنداق شەھەردە ياشىسا نېمە ئارمان قالىدۇ ـ ھە! بىنالار دېگەن ئالامەت ئېگىز، چوققىسىغا كۆزۈڭمۇ يەتمەيدىكەن. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئۇ بىنانىڭ ئالدىدا يىپمۇ ئېشەلمەيدىكەن قارا. لىفىت دەيدىغان بىر نەرسە باركەن، ئىچىگە كىرىپ نەچچىنچى قەۋەتكە چىقماقچى بولساڭلار شۇ كۇنۇپكىنى بېسىپلا قويساڭ بىردەمدىلا ئاشۇ قەۋەتكە چىقىپ بولىدىكەنسەن. ماگىزىنلىرىچۇ تېخى، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، كىيىم دېگەننىڭ سەرخىللىقىدىن كۆزۈڭ قامىشىدۇ، ماگىزىنىنىڭ پەلەمپەيلىرى ئاجايىپكەن، ئۆزى ماڭىدۇ دېسە. ئۇنىڭغا چىقساڭ سېنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلەرگە ماڭدۇرمايلا ئاچىقىپ قويىدۇ، مەنغۇ پەلەمپەيدە قەۋەتلەرگە چىقىشنى بىردەمدە ئۆگىنىۋالدىم. ئاپام ئۆگىنەلمەي پەلەمپەيدە نەچچە يىقىلىپ سەھرالىقلىقىمىزنى تازا چاندۇردى. شەھەر كىشىلىرىنىڭ كىيگەن كىيىملىرىنى بىز بىرەر قېتىم كۆزىمىزگە سۈرۈۋالغان بولساق دەپ كەتتىم جۇمۇ! كىيىملەرنىڭ باھاسىنىڭ قىممەتلىكىگە باقماي ئېلىۋېرىدىكەن ئۇ شەھەرلىكلەر، شۇنىڭغا قاراپ ئۇلار پۇلنى يولدىن تېرىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدىكەنسەن. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ جاپاكەش، ئەڭ تۆۋەن

قاتلامدىكى ئادەملەر دەل بىزدەك سەھرالىقلاركەن، ــ دەپ سۆزلەپ كەتسە، جەۋھەر ۋە باشقا قىزلار بۇ خىيالىي جەننەتنى كۆرۈش بىزگىمۇ نېسىپ بولارمۇ، دەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

جەۋھەر مانا ھازىر مۇشۇ خىيالىي جەننەتنى رېشاتكىلىق دېرىزىنىڭ يېنىدا قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ھالەتتە ئولتۇرۇپ كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمدى دوستى مەريەمدەك مۇشۇ ئاۋات گۇزەل شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ئەركىن مېڭىپ ھۇزۇرلىنىش، ھېلىقى كۇنۇپكىسىنى بېسىپلا قويسا ئېگىز بىناغا بىردەمدىلا چىقىپ بولىدىغان لىفىت، ماگىزىنلاردىكى ئۆزى ماڭىدىغان پەلەمپەيلەرگە چىقىش، ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان سەرخىل كىيىملەرنى كۆرۈش دېگەنلەر بىر خىيالىي چۈش بولۇپ قالىدۇ دېگەن گەپ. مەريەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان كونسۇل كوچىسى، يەنئەن يولى، بۇلاقبېشى كوچىسى، دۆڭكۆۋرۈكتىكى ناھايىتى سىرلىق ئاۋات بازارنى، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىكى ئۇششاق سېتىمچىلارنى بىرەر قېتىم كۆرۈپ بېقىشمۇ ئۇنىڭغا مەڭگۇ نېسىپ بولمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر جىنايەتچىگە مۇنداق تەلەي نەدە تۇرۇپتۇ...

جەۋھەرنىڭ خىيالى مۇشۇ سۆزگە باغلانغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن قايلىنىپ كەلگەن ئاچچىق بىر يىغا دىمىقىنى ئېچىشتۇرۇپ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. توۋا، بۇ ئاجايىپ زامانكىنە، جاھاننىڭ دىشۋارچىلىقلىرىغا بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدىكەنغۇ زادى! تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا ئەركىن يايراپ يۈرگەن بىر قىز بىردەمدىلا

قاتىلغا ئايلىنىپ پۈتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنىپ مەھبۇس ماشىنىسىدا تۈرمىگە كېتىۋاتىدۇ. دېرىزىلىرى سۈۋارى رېشاتكىلانغان ماشىنىغا سېلىنغانىنى ئاز دەپ ئىتنى باغلىغاندەك كىشەنىنىڭ بىر ئۇچىنى تۆمۈر بالداققا ئۆتكۈزۈپ قويغىنى نېمىسى ئەمدى. كابىنىكىدا ئولتۇرغانلار تېخى ئۇنى ھازىرلا ئاچچىقىپ ئېتىۋېتىدىغاندەك مىلتىقلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى جاھاندىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتچى ئوخشىمامدۇ؟!

جەۋھەر مەريەم تەسۋىرلىگەن ئۈرۈمچى توغرىسىدىكى شېرىن خىيالىغا ئارىلاشقان ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئازابلىق كەچمىشىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇمانلاشقان ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا تىكىلگىنىچە بىرپەس ئولتۇردى، كوچىلاردا لىققىدە كېتىۋاتقان ماشىنىلاردىن باشقا ئىنتايىن غەمسىز شەھەرلىكلەر قىستا ـ قىستاڭ كوچىلاردا بەخىرامان مېڭىشىپ يۈرەتتى. يول ياقىسىدىكى ماگىزىن، ئاشخانىلاردا يۈرگەن ئەركىن ئادەملەر ئېقىمى ئۇنى يەنىلا خىيال دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيالى ئاپىسى ئايخېنىم بىلەن ئىنىلىرى ئۈستىگە يۆتكەلگەنىدى.

ئاپىسى ئايخېنىمنىڭ دەردىنى جەۋھەر مۇشۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلالىدى، چۈنكى ئۇ ئۆگەي دادىسى داۋۇتنىڭ داۋاملىق يوق ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئاپىسىنى خورلاپ ئۇرۇۋالىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. بۇ ئاپىسىنىڭ ئالتۇن ھالقا بىلەن ئالتۇن زەنجىرىنى ئۆگەي ئاكىسى

جاپپار ئوغرىلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن چاغلار ئىدى. ئاپىسىنىڭ بۇ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى جەۋھەرنىڭ دادىسى توختىياز ئېلىپ بەرگەن بولغاچقىمىكىن، ئايخېنىم خېلى كۆڭلەرگىچە چىۋىن يەۋالغاندەك خامۇشلا يۈردى. جاپپار ئاشۇ ئالتۇن جابدۇقلارنى ئەپقاچقانچە بۇ ئۆيگە كەلمەيلا قويغانىدى. دوستلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىر دوستى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ قايسىبىر شەھىرىدە كاۋاپچىلىق قىلىپ يۈرەرمىش.

— سەن بالامنى پاتۇرماي ئۆيدىن چىقىرىۋەتتىڭ، ئۆگەيلىكىڭ بەك قاتتىقكەن سېنىڭ، — دەپ ئايخېنىم بىلەن تولا ئۇرۇشىدىغان داۋۇت تولا ھاللاردا غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قالاتتى.

— ئاپا، — دەيتتى جەۋھەر تاياق زەربىسىدە يۇز - كۆزلىرى كۆكەرگەن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۇنىڭ تايىقىنى يەپ ياشىغىچە بىز بوۋاملارنىڭ يېنىغا — ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەتسەك بولمامدۇ؟

— بالام، سەن ھازىر چۈشەنمەيسەن، — دەيتتى ئايخېنىم قىزىنىڭ چېچىنى مېھرى بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ، — ئايال كىشى دېگەن ئەرگە تېگىپ ئەردىن چىقىپ يۈرسە ياخشى بولمايدۇ. مەن بىر ئايال كىشى، سىلەر ئۈچ بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشماق ماڭا راستتىنلا تەس كېلىدۇ. جاپپار ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەچكە شۇنىڭ دەردىنى مەندىن ئېلىۋاتىدۇ. بوپتۇ، بالام، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، بالىسى قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئوڭشىلىپ قالار.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن سەن تاياق يېسەڭ مەن چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن، — دېدى جەۋھەر ئاپىسىنىڭ

كۆزىدىكى ياش يۇقىنى ئېرتىپ، ــ بولمىسا بوۋامغا دەيمۇ بۇ ئىشنى، ئۇ كېلىپ بۇ ئادەمنىڭ تانابىنى تارتىپ قويسۇن.

ــ ياق، ياق، بۇ ئىشلارنى بوۋاڭغا ھەرگىز دېگۈچى بولما، بالام،ــ دېدى ئايخېنىم قىزىنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ،ــ بوۋاڭنىڭ ئاچچىقى بەك يامان، ئۇ كېلىپ بۇ ئادەمگە قاتتىق ـ يىرىك بىرنەرسە دەپ قالسا بوۋاڭ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى يەنە مەندىن چىقىرىدۇ، بالام. سەن خاتىرجەم بول، مەن ھەممىگە چىداپ كېتەلەيمەن.

ماشىنىنىڭ تورمۇزلىنىپ توختىشى بىلەن جەۋھەرنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى، دېمەك ماشىنا ئىككىنچى تورمىگە، يەنى ئاياللار تۈرمىسىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى ـ يۇ، لېكىن قولىدىكى كويزىنىڭ بىر ئۇچى بالداققا سېلىنغانلىقىنى ئويلاپ جىممىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ماشىنىغا بىر ئايال ساقچى چىقىپ ئۇنىڭ پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىۋەتتى ھەمدە بالداققا سېلىنغان كويزىنى ئېچىپ ئۇنى جەۋھەرنىڭ يەنە بىر قولىغا سالدى ـ دە، مەھبۇسنى تاپشۇرۇۋالغانلىق توغرىسىدا جەدۋەلگە قول قويۇپ بېرىپ جەۋھەرنىڭ سومكىسى بىلەن يوتقان ـ كۆرپىسىنى ئۇنىڭغا كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدىلا ئۇ خۇددى شەھەر سېپىللىرىدەك ناھايىتى ئېگىز قوپۇرۇلغان بەھەيۋەت تامنى، تامنىڭ ئۈستىگە نەچچە قۇر تارتىلغان تىكەنلىك سىمنى كۆردى. ئۇلار

ئازراق مېڭىپلا بىر قارا دەرۋازا ئالدىدىكى سېرىق سىزىق تارتىلغان يەرگە كېلىپ توختىدى.

— بۇ سىزىق چەكلەنگەن رايونغا كىرىشكە ئىجازەت ئالىدىغان سىزىق، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ سىزىقتىن رۇخسەتسىز ئۆتۈشۈڭگە بولمايدۇ، بۇ يەردىن كىرىش ئۈچۈن «دوكلات! يېڭى جىنايەتچى جەۋھەر كەلدى» دەپ ۋارقىرايسەن، قېنى كىرىشكە ئىجازەت ئال.

جەۋھەر ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا مۇنداق ساۋاقلارنى جىق ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇنىڭ شۇنداق بىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە قارا دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇلخانىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— دوكلات! يېڭى جىنايەتچى جەۋھەر يېتىپ كەلدى، كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ!

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى ھامان قارا دەرۋازا غارىلداپ بىر ياققا سۇرۇلۇپ ئېچىلىشقا باشلىدى، ئالاھازەل بىر ئادەم پاتقۇدەك ئېچىلغان دەرۋازا شىپپىدە توختىدى. ئۇ ئايال ساقچىنىڭ يول باشلىشىدا سېرىق سىزىقتىن ئۆتۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. «تووۋا، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — نېمىگە ئۆچ بولساڭ شۇنى ئالدىڭغا ئەكېلىدىكەن دېسە، مەن قارا رەڭ بىلەن سېرىق رەڭگە ئۆچ ئىدىم. مانا ئەمدى سېرىق رەڭ چەكلەشكە، قارا رەڭ مېنى بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىپتۇ، بۇ جاھاننىڭ ماڭا كۆرسەتكەن دىشۋارچىلىقلىرى ئاز كەلگەندەك ئەمدى قارا دەرۋازا ئىچىگە بەند قىلىنغىنىم

نېمىسى؟! ماڭا ئۆلۈم جازاسى بەرگەندىكىن ئاچقىپ ئېتىۋەتسىلا بولمىدىمۇ ـ ھە!»

ــ توختا!ــ دېدى ھېلىقى ئايال ساقچى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، ــ ماۋۇ يەردە تىزىملاپ ئاندىن كىرىسەن.

تىزىملاش رەسمىيىتى تېزلا ئاخىرلاشتى، جەۋھەر يەنە ھېلىقى ئايال ساقچىغا ئەگىشىپ ئىككىنچى قارا دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. «توۋا! قاتمۇقات قارا ئىشىكتىن كىرىدىكەنمىز، بۇنىڭدىن قارا گۆرگىلا كىرىپ كەتسەم بولماسمىدى.» ئۇ يەنە ئىجازەت سوراپ قارا ئىشىكنى ئاچقۇزغاندىن كېيىن كەڭرى مەيدانغا چىقىپ قالدى. بۇ ھويلا شۇنداق كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى بوك ـ باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر يان تەرەپتىكى ئۈچ قەۋەتلىك ياتاق بىناسىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئۇنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئايال ساقچى ئۇنىڭغا بەزىبىر زۆرۈر ئىشلارنى تاپىلىغىنىچە جەۋھەرنى باشلاپ ياتاق بىناسىغا كىردى. بىنا كارىدورى پاكىز تازىلانغان بولۇپ، يېرىم ئوچۇق ياتاقلاردىن قارا مەھبۇس كىيىمى كىيگەن ھەر خىل ياشتىكى قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەيرانلىق نەزەردە قاراشلىرى جەۋھەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئىشىك ـ ئىشىكلەردىن چىققانلار جەۋھەرگە قارىشىپ تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ قويۇشتى.

ــ ئەجەب چىرايلىق نېمىكەنا بۇ!

ــ كىچىكلا نېمىكەن، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەندۇ؟!

ــ قاتىلكەن، ئادەم ئۆلتۈرگەنكەن.

ــ ئادەم ئۆلتۈرمەي چوشقا ئۆلتۈرسە بولامتى ئەمىسە.

— جانغا پاتقۇدەك بىر ئىش بولغان - دە، بولمىسا ۋىجىككىنە بىرنېمىكەن، ئۇنى ئادەم ئۆلتۈردى دېسە مەن ئىشەنمەيمەن جۇمۇ.

جەۋھەرنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. «توۋا! بىر ئادەم كېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ خەۋىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ بولىدىكەندە بۇ يەرگە.» ئۇ ئۆزى تۇرىدىغان ياتاققا تېزرەك كىرىپ كېتىشنى، شۇ يەردە بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ يېتىپ تازا يۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋېلىشنى ئويلاپ قالدى. قارا دەرۋازىدىن كىرىپ قارا مەھبۇس كىيىمى كىيىش ئۇنىڭغا قاتتىق روھىي بېسىم ئېلىپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قاراڭغۇدىن قورققاچقىمۇ قارا رەڭگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. «قارا رەڭگە ئۆچ ئىدىم، مانا ئەمدى مەن ئۆچ نەرسە ئۇچامغا چىقىدىغان بولدى، بۇ يەردە ئايال جىنايەتچىلەر نېمىدېگەن كۆپ، ھەممىسىلا قارا كىيىملىك، چوڭلارمۇ، ياشلارمۇ، ھەتتا مەن بىلەن تەڭ قۇراملىق ياش قىزلارمۇ خېلى باردەك قىلىدۇ، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئايال جىنايەت ئۆتكۈزگەنمىدۇ؟ ئۇلار زادى قانداق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ كىرگەندۇ بۇ يەرگە؟» جەۋھەر ئۆزىگە ھەر خىل غەرەزدە قارىشىپ تۇرغان مەھبۇسلارغا قاراپ يۈرىكىنى خۇددى بىر پارچە تاغ بېسىۋالغاندەك دېمى سىقىلىپ يەرنى ئارانلا دەسسەپ كېلىۋاتاتتى.

— يېتىپ كەلدۇق، توختا، — ئايال ساقچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەۋھەر توختىدى. ئۇلار بىر ياتاقنىڭ ئالدىدا توختىغانىدى، ئىشىك ئالدىدا چىرايى سەپكۈن بېسىپ كەتكەن ئوتتۇرا بوي، تەخمىنەن ئوتتۇز ياشلار

چامىسىدىكى بىر ئايال پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرغانىكەن. ئۇ دەرھال ئايال ساقچىنى كۆرۈپ قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن بىردە ھېلىقى ساقچىغا، بىردە جەۋھەرگە قاراپ بويىنىنى ھەييارلىق بىلەن قىسىپ قويدى.

— گۇرۇپپا باشلىقىڭلار بارمۇ؟— دېدى ئايال ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ.

— دوكلات، يېتەكچى! ئۇ بايىلا ھويلىغا چىقىپ كەتكەن،— دېدى ئۇ تىككىدە تۇرۇپ.

— بۇنىڭ ئىسمى جەۋھەر،— دېدى ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ،— بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ سىلەرنىڭ ئەزايىڭلار، مۇشۇ ياتاقتا ياتىدۇ، ئۇنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار.

— خوپ!— دېدى ئۇ ئايال ساقچىغا قاراپ،— چوقۇم ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز، خاتىرجەم بولسىلا، يېتەكچى.

— سەن ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ ياتاقنىڭ ئەزاسى، بۇ يەرنىڭ تۈزۈمىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ ئىدىيەڭنى ياخشى ئۆزگەرتىپ يارامىلىق بىر ئەزا بولۇشقا تىرىشقىن، قالغان گەپنى گۇرۇپپا باشلىقىڭلار ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ،— ئايال ساقچى گېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى.

— قېنى ئەمىسە يېڭى كېلىنچەك، ھۇجرىغا مەرھەمەت،— دېدى سەپكۈن يۈزلۈك ئايال جەۋھەرگە قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۆز قىسىپ.

جەۋھەر ئۆزىنىڭ بولغۇسى ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ياتاق خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئاستى ـ ئۈستى ياتىدىغان سەككىز كارىۋات قويۇلغانىكەن. بۇ ياتاق پاكىز تازىلىنىپ، ياخشى سەرەمجانلانغان بولغاچقا ئۇنىڭ

دىلىغۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان كۆڭلى سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. يېڭى بىر مېھماننىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن بىر نەچچە ئاياللار ياتقان ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇشۇپ جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— ۋاھ، قاراڭلار ھەي، بىزنىڭ ياتاقتا ناھايىتى ئوماق پەرىدىن بىرسى كەپتىغۇ، — دېدى چاچلىرى چۇۋۇلغان ئاقپىشما كەلگەن يۇمىلاق يۈزلۈك بىر چوكان تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، — ھە، رىزۋان، بۇ پەرىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟

ئۇ جەۋھەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن تېخىچە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئىشىكتىن كىرىپلا تۇرۇپ قالغان جەۋھەرنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

— رىزۋان، — دېدى ئۇ سەپكۈن يۈزلۈككە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بايا سەن بۇ پەرىنى يېڭى كېلىنچەك دېگەندەك قىلىۋىدىڭ، ئۇنى كىمگە توغرىلىدىڭ، مېنىڭچە بۇ يېڭى كېلىنچەك ماڭا لايىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ مېنىڭ تېگىمدە ياتسۇن.

— ۋاھ، ئەجەب كۆزۈڭ ئۆتكۈر جۇمۇ سىېنىڭ! — دېدى ھېلىقى رىزۋان ئىسىملىك سەپكۈن يۈزلۈك قىز ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ، — ھېلى خان ئاچىمىز كەلسە سەندىن تارتىۋالارمىكىن. توختا، بىز ئاۋۋال كېلىنچەكنىڭ تويلۇق كىيىملىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

رىزۋان ئاقپىشماقنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ سىيرىتمىسىنى سىيرىپ ئاچتى ـ دە، قىزىل رەڭلىك پوپايكىنى قولىغا ئالدى.

— مانا ماۋۇسى قىزىمىزنىڭ تويلۇق پوپايكىسىكەن، تۆركىيەنىڭ.

— مانا ماۋۇ كۆڭلەك رۇسىيەنىڭكىكەن، — دېدى ئاقپىشماق ناۋات رەڭلىك كۆڭلەكنى ئىگىز كۆتۈرۈپ.

— مانا ماۋۇ ۋال - ۋال پارقىراپ كۆزنىڭ يېغىنى يەۋاتقىنى، — دېدى رىزۋان خورما رەڭ ئىچ كۆڭلەكنى قولىغا ئېلىپ، — كوربىيەنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردۇن ياغلىقىكەن.

— ھەي ساراڭ، بۇ ياغلىق ئەمەس، ئىچ كۆڭلەككەنغۇ، — دېدى ئاقپىشماق ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى تارتىۋېلىپ.

— مانا ماۋۇسى ئامېرىكىنىڭ كالتە ئىشتىنى، قاراڭلار سىيرىتمىسى باركەن، — دېدى رىزۋان كىچىكرەك كەلگەن بىر سىيرىتمىلىق لاتا سومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — كېلىنچەك تاسادىپىي خاپا بولۇپ قالسا ماۋۇ سىيرىتمىسنى ئېتىپلا قۇلۇپ سالىدۇ، ئۇ چاغدا ئىشنىڭ چاتاق. ئۇنىڭغا باش قويۇپ بولۇشقا يالۋۇرماقتىن باشقا ئامالىڭ يوق، ئۇ چاغدا گىلىڭ قۇرۇپ كەتكۇچە يالۋۇرۇپمۇ ئاچقۇچنى ئالالماي ساراڭ بولىسەندە ئەمدى.

جەۋھەر ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان چاقچاقلىرىدىن بىر خىل يېقىنچىلىقنى سەزگەن بولسىمۇ، بۇ چاقچاقلارنىڭ بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى - دە، سومكىغا ئېسىلدى.

— بولدى قىلساڭلارچۇ سادىغاڭ كېتەيلەر، — دېدى جەۋھەر ھۇپپىدە قىزارغان ھالدا، — ھەممىمىز ئايال كىشىغۇ، گەپلىرىمىز چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ۋوي، قاراڭلار بىزنىڭ كېلىنچەكنى! — دېدى ئاقپىشماق جەۋھەرنى كۆرسىتىپ، — خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەكلا قىزىرىپ كېتىۋاتىدۇ، مانا ئىپپەتنى بىلەن

ياشايدىغان قىز دېگەن. قىز بالا دېگەن مۇشۇنداق نومۇسچان، تارتىنچاق بولغىنى ياخشى جۇمۇ، بولمىسا ئەر كىشى دېگەن يۈزى قېلىنلار مۇشۇنداق پەيتنى تاپقاندا هاپ ئېتىپ يەۋېتىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ. بەللى، مەن ئۆزۈمگە ناھايىتى ياخشى جورا تاللاپتىمەن، مانا مۇشۇنداق قىزلارلا ئەڭ ئىشەنچلىك خوتۇن بولىدۇ. تارتىنماڭ، خېنىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادەملىرى... ھازىرچە تويلۇق كىيىملەر شۇنچىلىك بولسۇن، قالغىنىنى سىز ھاملىدار بولغاندا ئالىمەن، بۆشۈك تويىڭىزدا ئۈزۈك، ھالقا، ئوغلىمىزنىڭ خەتنە تويىدا ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن جانان قاچا ئېلىپ رازى قىلىمەنغۇ سىزنى جېنىم قوزام.

— قوزام دەپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي، — دېدى رىزۋان ئۇنىڭغا قاراپ، — ئاغزىڭدىن سۆيۈملۈكۈم، قەدىرلىكىم دېگەندەك گەپلەر چىقمامدۇ، شۇنداق چىرايلىق بىر پەرىنى ھايۋانغا ئوخشىتىپ كەتكىنىنى...

جەۋھەر تېرىككەنچە ئۇلار كۈلۈشۈپ ياتاقنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك داۋراڭ سېلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك تاراقشىدە ئېچىلىپ چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆككە مايىل قارا بولۇپ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئالاھازەل ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئايالنىڭ ئىككى مەڭزى توقاچتەك قىزارغان، ئۆزى بەك سېمىز بولمىسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن ھاملىدار ئاياللارنىڭكىدەك كىچىككىنە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورسىقى ماڭغاندا ئىككى ياققا سىلكىنەتتى. چىلگىدەك كۆتۈرۈلگەن كۆكسى لېپىلدەك تاقالمىغان

بولغاچقا قورسىقى ئۇستىدە لىغىلداپ بۇ ئايالنى خۇددى ياپونىيەنىڭ رۇداۋ چېلىشچىلىرىدەك بەھەيۋەت كۆرسىتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەر كىشىنىڭكىدەك بۇغدىيىكى پۇلتىيىپ چىققان بولغاچقا گەپ قىلغاندا تىترەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە، بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — بۇ يەر خۇددى كېچىلىك دىسكوخانىدەكلا قايناپ كېتىپتىغۇ - ھە، ماۋۇ يېڭى كەلگۈندىنى قارشى ئېلىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر؟

— ھە، شۇنداق، خان ئاچا، — دېدى رىزۋان ئىتتىكلا ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، — بۇياق بىزنىڭ گۇرۇپپىغا يېڭىدىن تەقسىملەنگەن قىزكەن، شۇنى قارشى ئېلىۋاتىمىز، قېنى، خان ئاچا، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرسىلا.

رىزۋان ئۇنى يان تەرەپتىكى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قىستۇردى - دە، چاقماق چىقىرىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن يانغا ئۆتۈپ تۇردى.

بۇ ئايال تۇتاشتۇرۇلغان تاماكىنى تازا قاتتىق شوراپ ئىچىگە - بۇرۇنلىرىدىن ئىس چىقىرىپ جەۋھەرنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قۇر قارىۋەتتى - دە، يان تەرەپكە قارىتىپ چىرتتىدە تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قاپىقىنى تۈرۈپ جەۋھەرنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— ھە، ئېيتە، ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ؟ — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— جەۋھەر.
— داداڭنىڭ ئىسمىچۇ؟
— دادام ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى جەۋھەر بۇ يەردىمۇ يەنە شۇنداق سوراقلا دوچ كېلىشۋاتقانلىقىدىن خورسىنىپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە رەھمەتلىك دادامنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭ روھىنى قورۇندۇرغۇم يوق.
— بەللى، — دېدى ئۇ ئايال جەۋھەرگە قاراپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ، — ئىنتايىن ياخشى گەپتىن بىرنى قىلدىڭ، ئۆلگەنلەرنى ئەسلىسەك بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىنى قورۇندۇرساق زادى بولمايدۇ، ھە، ئېيتە، نېمە جىنايەت بىلەن كىردىڭ؟
— ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ...
— نېمە؟ — دېدى ئۇ تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەن تېخى ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ھەي، ئېغى يوق ئىشتاندىن ئەمدىلا قۇتۇلغان بىر شۇمتەك ئادەم ئۆلتۈردۇم دېسە كىم ئىشىنىدۇ، سىلەر ئىشىنەمسىلەر.
يان تەرەپتە خان ئاچىسىنىڭ جەۋھەرنى سوراق قىلىشىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ھېلىقى ئايال يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ ئولتۇرۇپ جەۋھەرگە قايتا نەزەر تاشلىدى.
— ھە، ئېيتە، ئادەم ئۆلتۈردۈم دەيسەن، زادى كىمنى ئۆلتۈردۈڭ؟
— ئۆگەي دادامنى ئۆلتۈردۈم.
— ۋاھ، ئۆزى مۇشتەك بولغىنى بىلەن يۈرىكى قاپتەك باركەنغۇ بۇنىڭ، — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ ماۋۇ يىڭناغۇچ.

بىلىپ قوي، سەن ئۆگەي داداڭنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ مەنچۇ قوينۇمدا ياتقان ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە پارچە قىلىۋەتكەن.

جەۋھەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەدىنىگە يېنىك تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى، دېمىسىمۇ ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە پارچە قىلىشقا قولى بارغان بۇ ئايال ئۇنىڭغا چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز مومايىنى ئەسلەتكەندى: «تۇۋا! مۇشۇنداق بىر ۋەھشىي ئايال بىلەن بىر ياتاقتا يېتىش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش ـ ھە!»

جەۋھەر ئۇنىڭغا قارىغانچە بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ ئىشىكنى تارتتى، لېكىن ئىشىك تاقاق ئىدى، ئۇ ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــ ئادەم بارمۇ؟ كېلىڭلار، مېنى ھازىرلا ئېتىۋېتىڭلار، مېنىڭ ياشىغۇم يوق.

ــ نېمىگە ۋارقىرايسەن؟ ــ دېدى بىر ئايال ساقچى ئىشىكنى ئېچىپ.

ــ مېنى ھازىرلا ئېتىۋېتىڭلار، ــ دېدى ئۇ ساقچىغا قاراپ.

ــ سېنى ھازىرلا ئاچىقىپ ئېتىۋەتكىلى قوشقاچ بولمىساڭ، ــ دېدى ھېلىقى ساقچى ئۇنىڭغا سەت ئالايغان ھالدا، ــ ئەجىلىڭ تېخى توشمىدى، تولا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماي ئورنۇڭغا قايت! قالايمىقانچىلىق چىقارماي ياخشى ئۆزگىرىشكە تىرىش، ھەي جېنەستەم، قېنى سەن، ماۋۇ ئادىمىڭنى باشقۇرمامسەن؟

ــ مانا مەن، يېتەكچى، ــ دېدى باياتىن جەۋھەرنى سوراق قىلىۋاتقان ھېلىقى ئايال ئىتتىك يېتىپ

كېلىپ، — بۇنىڭغا ياتاقنىڭ تۈزۈملىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتقانىدىم، توساتتىنلا ساراڭدەك ۋارقىراپ كېتىۋاتىدىغۇ تالڭ.

— ياخشىراق باشقۇر بۇنى، بۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلگەن قاتىل، ياخشى ئىشلەپ ئىپادىسى ئوبدان بولسا ئېتىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قوي بۇنىڭغا.

— چۈشەندىم، يولداش يېتەكچى، — دېدى ئۇ ئايال ساقچىغا يۈزلىنىپ، — مەن ئۇنىڭغا ياخشى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

ئايال ساقچى ئىشىكنى يېپىپ كېتىپ قالدى، جەۋھەر ئىشىكنىڭ يېنىدا مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق سوغۇقتا دالادا قالغان مالچىدەك دىر - دىر تىترەپ كەتكەنىدى. ياتاقتىكىلەر ۋە ھېلىقى ئىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە پارچە قىلىۋەتكەن ئايالنىڭ ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قاراپ تاماكا چېكىشلىرى تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتكەنىدى.

— بۇياققا كەل! — دېدى ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا بۇيرۇق نەزىرىدە قاراپ، — ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدى دېسىلا شۇ ھامان ئاچىقىپ ئېتىۋېتىدىغان ئىش يوق جاھاندا، ئېتىۋەتسىلا ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن دېگەنىمىدىڭ، بۇياققا كەل دەۋاتىمەن ساڭا.

جەۋھەر ئۇنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىدىن چۆچۈپ يېنىغا كەلدى، چۈنكى بۇ ئايالنىڭ گەپلىرى قوپاللاشقىلى تۇردى.

— ماۋۇ يەردە ئولتۇر، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتنى كۆرسىتىپ.

جەۋھەر ئىستائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.

— مەن ساڭا بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن جەۋھەرگە يۈزلىنىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بىز مۇشۇ ياتاقتا ئولتۇرغان يەتتە ئايال ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتىمىز، قالغانلىرى باشقا مىللەتنىڭ ئادەملىرى، ئۇلار بەربىر سەن بىلەن يېقىن تۇرمايدۇ، چۈنكى بۇلار بۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن خۇددى كۆندۈرۈلگەن ئۆي مۇشۇكىدەك ياۋاشلىشىپ تۈرمىدىن بېرىلگەن تامىقىنى جىم ئولتۇرۇپ يەپ، بۇيرۇغان ئىشنى جايىدا قىلىپ يېتەكچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ تېززەك چىقىپ كېتىشنى ئويلىشىدۇ. بىز ئويلىمامدۇق، ئەلۋەتتە ئويلايمىز، كىمنىڭ كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ئەركىن ياشىغۇسى يوق دەيسەن، لېكىننزە بىزنىڭ چاچى ـ پاچى ئىشلىرىمىز تولا، بەزىدە كۆنمىگەن تايدەك چاچراپمۇ قويىمىز.

جەۋھەر بۇ ئايالنىڭ سۆزلىگەنچە يىپ يومزىكىدەك ئۈزىراپ كېتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەمدى ئۇنىڭغا ئانچە قورقۇنچلۇق بىلىنمىدى. لېكىن، ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە پارچە قىلىۋەتكەنلىكى ئېسىگە كەلسىلا بەدىنى يېنىك تىترەپ كېتەتتى. ئۇ ئايال سۆزلەۋاتقاندا گېپىگە لوقما تاشلىغان ھەرقانداق ئادەمنى بوغۇپلا قويىدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇرغاچقىمىكىن، جەۋھەر ئەنسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇراتتى.

— خان ئاچا، — دېدى رىزۋان تۇيۇقسىزلا جەۋھەرنىڭ

خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك ئۇنىڭ گېپىگە لوقما تاشلاپ، — بايا سىز بىز ئاچا - سىڭىللارنى تونۇشتۇرىمەن دەۋاتاتتىڭىز، گېپىڭىز ئەجەب شاخلاپ كېتىۋاتىدىغۇ.

— گەپكە قوشۇق سالما، — دېدى ئۇ ئايال رىزۋانغا قاراپ سەت ئالىيىپ، — قېنى ھېلىقى سېسىق تاماكاڭدىن بىرنى تۇتاشتۇر، مۇنۇ قىزچاق ئىش كۆرمىگەن قىزكەن، ئۇنى ئاستا - ئاستا كۆندۈرمىسەك ھېلى بېشىنى تامغا سوقۇپ ئۆلۈپ بەرمىسۇن بىزگە.

رىزۋان دەرھال يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا چىقىرىپ ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ ئايالغا تۇتقۇزدى، ئۇ ئايال تاماكىنى قاتتىق شوراپ ئىسىنى جەۋھەرگە قارىتىپ پۈۋلىگەندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئەتراپىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىدە ئىككىسىگە قاراپ تۇرۇشاتتى، ئاچچىق تاماكا ئىسى جەۋھەرنى بىردىنلا ئېغىر زۇكام بولغان كىشىدەك ئاۋۋال چۈشكۈرتۈپ، ئاندىن يۆتەلدۈرۈشكە باشلىدى.

— ھا - ھا - ھا! — ئۇ ئايال خۇددى ئەر كىشىلەردەك پۈتۈن بەدىنىنى سىلكىپ تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، — مانا دېمىدىممۇ، بۇ تېخى ئەمدى ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك جانسىز، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاكىز، ئايىغى چىقمىغان بالىدەك قورقۇنچاق، سوغۇق كۆرمىگەن تايدەك ئاجىز نېمىكەن. قاراڭلار، تاماكامنىڭ ئىسىنى مۇنداقلا پۈۋلەپ قويسام زۇكام بولۇپ قالدى بۇ بايقۇش، قارىغاندا ئاتا - ئاناڭ سېنى پارنىكتا باققان ئوخشىمامدۇ؟

— مەن... مەن... — دېدى جەۋھەر دۇدۇقلىغان ھالدا، — مۇشۇ تاماكا ئىسىدىن بەك قورقىمەن.

— قورقما، بۇمۇ يامان نەرسە ئەمەس، بىزمۇ بۇنى چېكىپ كۆرمىگەن، مانا مۇشۇ يەرگە سولانغاندىن بۇيان ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىمىز دەپ چېكىپ ئۆگىنىپ قالدۇق،— دېدى ھېلىقى ئايال تاماكىسىنى خۇددى ئەر كىشىلەردەك قاتتىق شوراپ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپ،— بولدى، گەپنى ئۇزارتماي، ئەمدى ماۋۇ ئاچىلىرىڭنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياتاقتا سەندىن كىچىكى يوق ئوخشايدۇ، ھە راست، نەچچىگە كىردىڭ ئۆزۈڭ؟

— بۇ يىل ئون سەككىزگە كىردىم، ئاچا،— دېدى جەۋھەر ئەمدى ئۆزىگە سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندەك ئېغىر ئۇھ تارتىۋېتىپ،— ئون سەككىز يېشىمدا قاتىل بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم.

— خان ئاچا دېگىن،— دېدى رىزۋان ئۇنىڭغا قاراپ،— بولمىسا خان ئاچىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىسەن.

— كەچۈرۈڭ، خان ئاچا،— دېدى جەۋھەر ئېرىنى يەتتە پارچە قىلىۋەتكەن ئايالنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ.

— كېرەك يوق،— دېدى ئۇ ئايال قولىنى سىلكىپ،— بۇ قېرىندىشىمىز تېخى ئەمدىلا كىردى بۇ يەرگە، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ بەزى ناشايان گەپلىرىنى كەچۈرۈۋېتىمىز، ئەمدى مەن تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن. مۇنۇ سەپكۈن يۈزلۈك قىزىمىزنىڭ ئىسمى رىزۋان، كېچىسى ئەرلەرگە ھەمراھ بولىدىغان ئىشنى قىلىۋېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان، نېمە ئۈچۈن تۇتۇلغىنىڭنى دەيمۇ - يە؟

— بولدىلا، خان ئاچا،— دېدى رىزۋان ئۇنىڭغا قاراپ،— قالغان قىسىملىرىنى بىز ئالدىرىماي دېيىشىۋالىمىز، باشقىلارنى تونۇشتۇرۇڭ ئەمدى.
— بوپتۇ، سەنمۇ ھازىر خىجىل بولۇشنى ئۆگىنىپسەن، ياخشى. ئۇ ئون يىللىق كېسەلگەن، يەنە بەش يىلى قالدى،— دېدى ئۇ ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— مۇنۇ ئوماققىنە ھېجىيىپ تۇرغان ئاقپىشماقنىڭ ئىسمى ئايگۈل، زەھەر سودىسىغا ئارىلىشىپ قېلىپ يۈز گىرام زەھەر بىلەن قولغا چۈشكەن، بۇمۇ ئون يىللىق كېسىلگەن، يەنە يەتتە يىل ياتىدۇ بۇ ياتاقتا، مۇنۇ بىزگە مولۇندەك تىكىلىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ ئىشى بەك ئېغىر، ئۇ نارەسىدىلەرنى ئالداپ ئىچكىرىگە توشۇپ سودا قىلىپ پۇل تاپقان مەككارلارنىڭ بىرى، ئىسمى قۇربانىسا، يىگىرمە يىللىق كېسىلگەن، يەنە ئون سەككىز يىل ياتىدۇ بۇ بىچارە بايقۇش، ئۇنى بالىسى يوقالغان ئانىلارنىڭ قارغىشى تۇتقانمىكىن تۇيۇقسىزلا بىر پۇتى نىمجان بولۇپ قېلىپ ئاقساپ ماڭىدىغان...
— ھۇ- ھۇ،— قۇربانىسا ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ھۆڭگۈرەك تارتىپ يىغلاپ كەتتى،— جېنىم خان ئاچا، بولدى قىلسىلا، مېنىڭ يۈرەك يارامنى تاتىلىمىسىلا، مەن ھازىر ئاشۇ قىلغانلىرىم ئۈچۈن نەچچە مىڭ قېتىم تووۋا دەپ، بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلماي ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەۋاتىمەن، ئۇلۇغ ئاللا چىن دىلىدىن توۋا قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈۋېتىدىكەن، توۋا ـ ئىستىغپارنى مەن كۈنىگە نەچچە مىڭ قېتىم ئوقۇۋاتىمەن، قارىسىلا، شۇڭا مېنى تونۇشتۇرغاندا

ئۇنداق قاتتىق گەپ بىلەن تونۇشتۇرمىسىلا جىنىم خان ئاچا.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئۇ ئايال قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلاپ بەرمەي نامىزىڭنى ئوقۇ. لېكىنىزە ناماز ئوقۇۋاتقىنىڭنى يېتەكچىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن، گۇناھ قىلغاندىكىن ئۇنىڭ جازاسىنى مۇشۇنداق تارتىدىغان گەپ، چىن دىلىڭدىن چىقىرىپ ئوقۇغىن ناماز دېگەننى، ياسالمىلىق قىلما.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن نامىزىمنى ئوقۇۋېرەي، — ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ كەينىگە يېنىپ دىڭگۇسلىغان پېتى بۇلۇڭدىكى كارىۋات تەرەپكە كەتتى.

— ئەمدى ماۋۇ ئىككى بايقۇشنى تونۇشتۇرۇۋېتەي، — ھېلىقى ئايال سۆزىنى قايتا باشلىدى، ئۇ رىزۋاننىڭ يېنىدا تۇرغان پاكار بويلۇق بۇغداي ئۆڭ، قىرقىم چاچلىق ئىككى قىزنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئىككىسى شېرىك جىنايەتچى، ماۋۇ كۆزى كىچىكرەك قوشۇما قاشنىڭ ئىسمى دىلرەبا، ئۇ توردا قىلتاق قۇرىدىغىنى، ماۋۇ يېنىدىكىسىنىڭ ئىسمى گۈلزىبا، ئۇ قىلتاققا چۈشكەن ئەرلەرنى بابلايدىغىنى. ئۇلار توردىكى ھېلىقى كوت - كوت دېگەن نەرسە بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەھۋانىي نەپسى كۈچلۈكرەك، پۇلدار ئەرلەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك ئاۋازلىرى، ناز - كەرەشمە پاراڭلىرى بىلەن گول ئەرلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش ھېسابىغا بېيىش يولىنى تاللىۋالغان.

«ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىرتۇتام» دېگەندەك ئۇلار ئۇقۇشماستىنلا توردىكى مۇشۇنداق جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىدىغان بىر ساقچىغا قىلتاق قويغانىكەن، ئاخىرى ئۆزى قۇرغان قاپقانغا ئۆزى چۈشۈپ قېلىپ بەش يىللىقتىن كېسىلىپ مۇشۇ يەردە يېتىۋاتقىلى ئەمدى ئىككى ئاي بولدى. بۇ ئىككىسىنىڭ بۇ يەردە يەنە تۆت يىل ئون ئايلىق ۋاقتى بار. ئەمدى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرسام، مېنىڭ ئىسمىم جېنەستەم، مۇشۇ ياتاقنىڭ، ياق، مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، شۇڭا ئۇلار مېنى خان ئاچا دەپ ئاتىشىدۇ، دېمىسىمۇ مەن بۇ جاينىڭ ئاش ـ تۇزىنى يەۋاتقىلى نەق ئون يىل بولدى، ئوتتۇز بەش يېشىمدا كىرگەن بۇ يەرگە، مانا قىرىق بەشكە كەلدىم، لېكىن زە ئاتمىشقا كىرگەن مومايدەك چاچلىرىمغا ئاق كىرىپ چىرايلىرىم كۆزلۈك قوغۇندەك تورلىشىپ كەتتى، مەن ساڭا بايا دېگىنىمدەك مېنى ھارغۇچە ئازابلاپ ھېچ ئارامىمنى قويمىغان، ئۆيىمىزگە چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئاشۇ قىمارۋاز، ھاراقكەش ئېرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يەتتە پارچە قىلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈش ھۆكۈمى چىقىرىلغانىدى، يەنە سەككىز يىل ياتسام ئاللا خالىسا چىقىپ كېتىمەن بۇ جايدىن.

ــ ئۇنداق بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈش دېگەن ھۆكۈم ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتىدۇ دېگەن گەپ ئەمەسكەندە، ــ دېدى جەۋھەر ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ــ ئەمىسە ئون سەككىز يىلدىلا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىكەنسىزغۇ؟!

— ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلدى دېگەن ھۆكۈم سېنىڭ جېنىڭنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دېدى جېنەستەم ئۇنىڭغا قاراپ ئېغىر خورسىنغان ھالدا، — لېكىن سەن ئاشۇ ئىككى يىل جەريانىدا ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ ھۆكۈمنى مەڭگۈلۈككە ياكى يىگىرمە يىللىقىا چۈشۈرۈشۈڭ كېرەك، شۇنداق قىلالىساڭلا سەن يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيسەن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى دېسىلا ئاچىقىپ ئاتىدۇ دېگەن خىيال بىلەن كىرىپ سەندە بۇ يەرگە، شۇنىڭدىن قارىغاندا قانۇندىن پەقەت ساۋاتىڭ يوق چوڭ بولغان نېمىكەنسەن - ھە، مەكتەپتە قانچە يىل ئوقۇدۇڭ سەن؟

— باشلانغۇچنى پۈتكۈزگەن، — دېدى جەۋھەر ھۆپپىدە قىزىرىپ.

— نېمىشقا تولۇقسىز ياكى تولۇقىچە بولسىمۇ ئوقۇمىدىڭ؟

— ئۆگەي دادام ئوقۇغىلى قويمىدى، — دېدى جەۋھەر بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، — مېنىڭغۇ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغۇم بار ئىدى، لېكىن ئۇ: «قىز بالىغا ئۇنچىۋالا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ، ئىشلىسۇن، بىكار نان يەپ ياتىدىغان بۇنداق ئاقنانچىلارنى بېقىۋېرەمدىم» دەپ مەكتەپكە بارغىلى قويمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدەك نامرات دېھقانلارغا بۇ پۇرسەت كەلمەيدىكەن، پۇرسەتنى كەلتۇرسەكمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىكەن، شۇڭا ئون ئىككى يېشىمدىن باشلاپلا ئېتىزدا ئەمگەك قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ دادىسى بولغان بولسا مېنى ھەرگىز ئېتىز ئىشىغا سالمىغان

بولاتتى، ئۇ: «قىزىم ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ شائىر بولىدۇ، مەن قىزىمنى خۇدايىم بۇيرۇسا ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ كادىر قىلىمەن» دەپ ماختىنىپلا يۈرىدىغان، ئەگەر ئۇ قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ قالمىغان بولسا مەن چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولاتتىم.

جەۋھەر بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

ـــ بولدى، يىغلىما، ـــ دېدى جېنەستەم خۇددى ئانىسىدەك ئۇنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ، ـــ ئۆلگەن ئادەم قايتا تىرىلمەيدۇ، يىغا بىلەن بىرەر ئادەمنى تىرىلدۈرگىلى بولسا بۇ دۇنيا ئۈنچىلىك زىددىيەتكە توشۇپ كەتمىگەن بولاتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن تېخى ئاز ـ تولا بىرنەرسە يازىدىغان ئوخشايسەن ـ ھە؟

ـــ دادام ھازىر جاۋاب بېيىتچى ئادەم ئىدى، ـــ دېدى جەۋھەر مۇڭلانغان ھالدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ـــ گەپ قىلىسمۇ قاپىيەلىك سۆزلەپ ھەممىلا كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، شۇڭا مەنمۇ دادامنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاق مۇللىسى بولۇپ قالغانلىقتىن بەزىدە باللار قوشاقلىرىنى يېزىپ مەكتەپنىڭ قارا تاختىسىغا چىقىراتتىم، دادام تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشلىرىممۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

ـــ سەن بۈگۈن يىغاڭ ۋە مىسكىنلىكىڭ بىلەن قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتتۇڭ. مانا قارا، ماۋۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەر باللىرى، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن باللار، سېنىڭدەك كىچىك تۇرۇپلا ئېتىزنىڭ جاپاسىنى، ئۆگەي دادىنىڭ خورلۇقلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تولۇق ئوتتۇرىغىچە، يەنە

بىر قىسمى ئالىي تېخنىكومغىچە ئوقۇغان، لېكىن ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ بۇ يەردە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ ياتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ پۇل تېپىش ئۈچۈن، شەھەر بالىلىرى دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاچ كۆز كېلىدۇ، ئۇلار پۇل تاپقانچە تاپقۇسى كېلىدىغان، پۇل خەجلىگەنچە خەجلىگۈسى كېلىدىغانلار تىپىدىن. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلار چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ چوڭ بولغان، سەندەك جاپا تارتمىغاچقا جاپانىڭ نېمىلىكىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇل ھەممىگە قادىر، ئۇلار «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دېگەن سۆزگە ئېتىقاد قىلىشىدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ جاھاندا ئېگەك تەرەپ ياشاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن ھەممىلا نەرسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدىغۇ، پۇل تېپىشتىمۇ ھالاللىق بولمىسا مۇشۇنداق كۈنگە قالىدىغان گەپ، لېكىنزە پۇل مېھرى ئىسسىق نېمە، شۇڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىرادىسى ئاجىز، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، قانۇن ئېڭى يوق كىشىلەر پۇل تاپىمەن دەپلا ناشايان يوللاردا مېڭىپ ئاخىرى بۇ يەرگە كىرىپ قالىدۇ ـ دە، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئولتۇرۇپ قالىدۇ، مۇنداق دېسەم ئۆزۈڭنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ سۆزلەۋاتىسەنغۇ دېمە، مەن مۇنداق گەپلەرنى مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان ئۆگەندىم. گېپىم شاخلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى قارا، ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلسام ئىككى بالام بار، چوڭى ئوغۇل، كىچىكى قىز، ئۇلار مەن قولغا ئېلىنغاندا چوڭى ئون ياشتا، كىچىكى سەككىز ياشتا ئىدى، بالىلىرىمنى ئېرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇرتقا ئېلىپ كەتكەن، قىزىم ئادەمنىڭ

مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى، بەلكىم ئۇ سەندەكلا چىرايلىق قىز بولغاندۇ دەيمەن، لېكىنزە ئۇلار مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان مەن بىلەن كۆرۈشكىلى بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باققىنى يوق، ئەمما مېنىڭ ئەڭ خۇش بولىدىغىنىم، ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ، ئاڭلىسام چوڭى ھازىر ئىچكىرىدىكى قايسىبىر ئالىي مەكتەپتە قانۇن ئوقۇۋاتقۇدەك، ئەگەر ئۇ ئادۋوكات بولۇپ تاسادىپىي دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ دادىسىنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمنى ئۇقسا دېگەن ئۈمىدتە ياشاۋاتىمەن، بەلكىم شۇ چاغدا ئۇ مەندەك قاتىل ئانىسىنىڭ سەۋەبسىزلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكىمنى بىلىپ مېنى كەچۈرەر دېگەن ئارزۇدا تۇرۇۋاتىمەن. كىچىكى بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈدەك، ئاڭلىسام ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا قانۇن كەسپىنى تاللاپتىمىش. توۋا! ئانىسى جىنايەتچى بولسا بالىلىرى قانۇننى ئۆگىنىپ ئادۋوكات ياكى سوتچى بولۇشنى تاللامدۇ نېمە... ئىشقىلىپ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بالىلىرىمنىڭ مۇشۇنداق خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ ياشاۋاتىمەن، لېكىنزە ئىككى بالامنىڭ ماڭا مەڭگۈ قارىماسلىقىدىن بەكلا ئەنسىرەيمەن.

جېنەستەم سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى، دەل شۇ چاغدا كارىدوردىكى قوڭغۇراق چېلىندى.

— ۋوي، تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتىغۇ،— دېدى جېنەستەم كۆزىدىكى ياشنى ئېرتىۋېتىپ،— بۈگۈن قايسىڭ دىجورنىتىڭ؟

— مەن دىجورنى، خان ئاچا،— دېدى رىزۋان ئورنىدىن

دەس تۇرۇپ، — سىز باياتىن بىزگە ئاجايىپ تەسىرلىك بولغان بىر قېتىملىق ئىدىيە ئۆزگەرتىش دەرسى ئۆتتىڭىز جۇمۇ، خېلى بولغان سىز مۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەپ باقمىغىلى، مانا بۈگۈن جەۋھەرنىڭ ئايىغى يارىشىپ خېلىلا ئېچىلىپ قالدىڭىز.

— بولدى، بولدى، مېنى لەگلەكتەك ئۇچۇرماي تېزرەك تامىقىڭنى ئەكىر، — دېدى جېنەستەم ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئايگۈل، دىلرەبا، سىلەر ئىككىڭلار جەۋھەرنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى مېنىڭ يېنىمدىكى ماۋۇ كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، گۈلزىبا، سەن چىقىپ جەۋھەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن تاماق قاچىسىنى ئەكىر.

— خان ئاچا، — دېدى ئايگۈل جېنەستەمگە قاراپ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — مەن ئەسلى جەۋھەرنى مېنىڭ ئاستىمدىكى كارىۋاتتا ياتسۇنمىكىن دېگەنىدىم.

— ئالدىرىما، ئاستىڭدا ياتىدىغان بىرەر شور پېشانە ئەتە - ئۆگۈنگىچە كېلىپ قالار، تولا شېتىلىلىك قىلماي مەن دېگەندەك قىل، بىلىپ قوي، جەۋھەر بىلەن ئىككىمىز ئىككى پۈتۈن - سۇرۇك ئەرنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋەتكەن قاتىللار جۇمۇ، گەپ - سۆزلىرىڭگە دىققەت قىلمىساڭ سېنىمۇ بوغۇپ قويمايلى يەنە...

رىزۋان ئىشىك كەينىدىكى تاختىغا رەتلىك تىزىلغان چىنە - قاچىلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى چېلەكنى ئالدى - دە، ئايگۈلگە قاراپ «يېڭى كېلىنچەكنى ئاستىمدا ياتقۇزىمەن دېگەنگە تويدۇڭمۇ» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئايگۈل بىلەن دىلرەبا جەۋھەرگە ياردەملىشىپ ئۇنىڭ ئورۇنلىرىنى رەتلەشكە كىرىشتى.

— تەلىيىمنىڭ باركەن، جەۋھەر، — دېدى ئايگۈل جەۋھەرگە قاراپ پىچىرلاپ، — خان ئاچىمىزنىڭ بەكلا ئاچچىقى يامان ئىدى، سەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپلا ياۋاشلىشىپ كەتتى، بىرەر سېھرىي جادۇ قىلمىغانسەن - ھە؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟ — دېدى جەۋھەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مۇنداق قارىسام خان ئاچىمىزنىڭ قىزىنى بەكلا كۆرگۈسى كەلگەندەك تۇرىدۇ، قارىغاندا ئۇ مېنى قىزىغا ئوخشىتىپ ياخشى كۆرۈپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ قىزىمۇ ئۇن سەككىزگە كىرىپتۇ ئەمەسمۇ... نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ خان ئاچىمىزنىڭ يۈرەك پارىسى - دە، ئەمما ئىككى بالىنىڭ ئون يىلدىن بۇيان ئۆز ئانىسىنى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىگىنى تازا ياخشى بولماپتۇ.

— توغرا، — دېدى دىلرەبا جەۋھەرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ بالىلىرى توغرىسىدا بىزگە بىر ئېغىزمۇ تىنىپ باقمىغانتى، بۇگۈن دېدى مانا.

— سىلەر كىرگىلى ئەمدىلا ئىككى ئاي بولدى، — دېدى ئايگۈل ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ، — ئۇ بەزىدە بالىلىرى يادىغا يېتىپ قالسا يوتقانغا بېشىنى پۈركەپ يىغلاپ كېتەتتى، بالىنىڭ ئوتىغا چىدىماق راستتىنلا تەسكەن. مانا مەنمۇ بوۋا - مومىسىنىڭ قولىدا قالغان ئوغلۇمنى سېغىنىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك ياش تۆكۈپ چىقىمەن، چۈنكى ئېرىم بىلەن ئىككىمىز ئاشۇ نىجىس سودىغا ئارىلىشىپ قېلىپ تەڭ تۇتۇلغان، ئۇ ئون يىللىق كېسىلدى، ھازىر بىرىنچى تۈرمىدە. بىز تۇتۇلغاندا

ئوغلۇم تېخى بىر ياشقا كىرگەن ئەمەسمۇ، هازىر تۆت ياشقا كىردى، رەسىمىنى كۆرگىنىم بىلەن ئۆزىنى كۆرگىنىم يوق.

— كىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى جېنەستەم ۋارقىراپ، — پاراڭنى قويۇپ چىنە ـ قاچىلارنى تەييارلاڭلار، رىزۋان هازىرلا تاماقنى ئېلىپ كىرىدۇ.

دىلرەبا بىلەن ئايگۈل چىنە ـ قاچىلارنى تەييارلاۋاتقاندا گۈلزىبا بىر دانە سىرلانغان تۇنىكە قاچا بىلەن بىر يۇرۇش مەھبۇس كىيىمىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— قېنى، جەۋهەر، يېڭى كىيىملىرىڭنى كىيىپ باقە، — دېدى ئايگۈل گۈلزىبانىڭ قولىدىن بۇ قارا مەھبۇس كىيىمىنى ئېلىپ.

— بولدىلا، — دېدى جەۋهەر ئۇنىڭ قولىدىن كىيىملەرنى ئېلىپ كارىۋىتىغا تاشلاپ قويۇپ، — ئەتە كىيەرمەن بۇنى.

— هېلى يېتەكچىلەر تەكشۈرۈپ كەلسە بىكار تىل ئاڭلايسەن، كىيىۋال، — دېدى جېنەستەم.

جەۋهەر قارا رەڭگە ئۆچ بولغاچقا بۇ كىيىمنى پەقەت كىيگۈسى يوق ئىدى، لېكىن ئامال قانچە، مەھبۇس بولغاندىكىن كىيىش كېرەك ـ تە... ئۇ بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، هەددىدىن زىيادە چوڭ تىكىلگەن بۇ كىيىملەر خۇددى كىچىك بالىغا چوڭ ئادەمنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالدى، ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— نېمانداق چوڭ كىيىم ئەكەلدىڭ؟ — دېدى ئايگۈل گۈلزىباغا قاراپ، — شۇنداق چىرايلىق نازۇك بىر قىزغا

مۇنداق كىلەڭسىز كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويسا خۇددى ئوسما ياراشمايدىغان خوتۇنلار ئوسما قويۇۋالغاندەك سەتلىشىپ كەتمەمدۇ.

— بويىغا قاراپ بىرىدىكەن بۇ كىيىمنى، جەۋھەر ئۆزى ئورۇق بولغىنى بىلەن بويى ئېگىزكەن ئەمەسمۇ، قاراڭلار، چاپىنى چوڭ كەلگىنى بىلەن ئىشتىنى دەل كەپتۇ مانا.

— ئىشتانمۇ شۇ، — دېدى ئايگۈل جەۋھەرنىڭ خۇددى خالتا كىيدۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنگەن ئىشتىنىنى تارتىپ قويۇپ، — بويى توغرا كەلگەن بىلەن كەڭلىكى توغرا ئەمەس، يۆتكەپ كەل بۇ كىيىمنى.

— بولدى، تالاشماڭلار، — دېدى جېنەستەم ئۇلارغا قاراپ، — بىز تىككۈچىلىك سېخىدا ئىشلىگەندىكىن ئۇنچىلىك ئىشنى ئۆزىمىز جۆندەپ كېتىمىز، دېمىسىمۇ بۇ كىيىملەرنى ئۇنىڭ بويىغا قاراپ تارقاتقان نېمە، باشقىسىغا يۆتكىسەك بويى توغرا كەلمەيدۇ.

— مانا تاماق كەلدى، — دېدى رىزۋان ئىككى چېلەكنى كۆتۈرگەن هالدا كىرىپ، — يەنە يېسىۋېلەك شورپىسى بىلەن هورنانكەن.

— يوشۇرۇپ قويغان تاماق بېلەتلىرىڭ بولسا كادىرلار ئاشخانىسىدىن ياخشىراق تاماقتىن بىرەر - ئىككى قاچا ئەكىرسەڭ ئۆلەمسەن، — دېدى جېنەستەم رىزۋانغا هۇرپىيىپ، — يېڭى مېهمان كەلگەندىكىن ئۇنى ياخشىراق كۈتۈۋالساق بولماسمىدى.

— بىر ئايدىن ئاشتىغۇ ماڭا پۇل كەلمىگىلى، خان ئاچا، — دېدى رىزۋان بويىنىنى قىسىپ، — شۇڭا يوشۇرغۇدەك بىرنېمىمۇ يوق، ماڭا كۆيدۈم، ئۆچتۈم

دەيدىغانلارنىڭ قارىسىمۇ يوق ھازىر، شۇڭا مۇشۇنداق غورىگىلەرەك ياشاۋاتىمەن.

رىزۋان جىنەستەمنىڭ قاچىسىغا ئاۋۋال يېسىۋېلەك شورپىسىنىڭ يۈزىدىنىرەك ئۇسۇپ، ھورناندىن ئىككىنى تەخسىسىگە قويدى. ئاندىن باشقىلارغا تەقسىملەپ بەرگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان شورپا بىلەن ھورناننى قاچىسىغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. جەۋھەر ئۇلارنىڭ تاماقنى ئالدىراش يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىرقىسما بولدى، چۈنكى ئۇ تاماقنى ئالدىرىماي، ئاۋاز چىقارماي يېيىشكە ئادەتلەنگەنىدى.

— ھە، نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى جىنەستەم يوغانراق چىشلىۋالغان ھورناننى چايناپ تۇرۇپ، — تېزرەك يېمىسەڭ بۇ يەردە ئاچ قالىسەن جۇمۇ، مۇشۇنداقلا ئولتۇرساڭ بىزنىڭ ماۋۇ ئاچ پاقىلار سېنىڭ رىزقىڭغا چاڭ سالىدۇ، تېز يە نازلىنىپ ئولتۇرماي.

ئۇلار تاماقتىن كېيىن قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يۇيۇپ كىردى ـ دە، تاختىغا رەتلىك تىزىپ قويۇپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. رىزۋان جىنەستەم بىلەن جەۋھەرنىڭ قاچىسىنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي يۇيۇپ كىرىپ تاختىغا تىزىپ قويدى، ئاندىن جىنەستەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىرەر تالدىن چېكىشىمىز ھەرقاچان، — دېدى رىزۋان جىنەستەمگە قاراپ قويۇپ يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ، — تاماقتىن كېيىنكى بىر تال تاماكىنىڭ ھۇزۇرىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدىغۇ زادى.

— جەۋھەر تاماكا ئىسىدىن قورقىدىكەن، — دېدى جىنەستەم رىزۋاننىڭ قولىدىكى تاماكىنى تارتىپ ئېلىپ، — چېكىش توغرا كەلسە زالدا چېكەيلى.

— بولدى، مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ چىكىۋېرىڭلار، — دېدى جەۋھەر، — سىلەرنى قىيناپ قويسام بولمايدۇ، بايا مەن كۆز يېشى قىلغاچقا كانىيىم سەل قىمىلداپ قاپتىكەن، شۇڭا يۆتىلىپ كەتكەن.

— كۆردۈڭمۇ بۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، — دېدى جېنەستەم رىزۋانغا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، ساددا بىر قىزنى ئادەم ئۆلتۈردى دېسە كىم ئىشىنىدۇ، مېنىڭ قارىشىمچە جەۋھەر ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، ئۇ بىرەرسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بۇ قاتىللىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغان.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى جەۋھەر جىددىيلىشىپ، — ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەن، بۇ قاتىللىق بىلەن ھېچقانداق كىشىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.

— جەۋھەر، سەن بايا مېنىڭ ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ يەتتە پارچە قىلىۋەتكەنلىكىمنى ئاڭلاپلا دىڭگىدە چۆچۈدۈڭ، بىردەمدىلا تىترەپ چىرايىڭ سارغىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن سېنىڭ قورقۇنچاق، ئۆمرۈڭدە ئادەم ئەمەس، بىرەر چۈمۈلىنىمۇ يۈرەكلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ باقمىغانلىقىڭنى بىلگىلى بولىدۇ، سەن ئۆگەي داداڭنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە پىچاق سالمىدىڭ، پەقەت ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈنلا پىچاق كۆتۈردۈڭ. ئۆگەي داداڭ سېنىڭ ئۆزىگە پىچاق سالالمايدىغانلىقىڭنى، پەقەت ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈنلا پىچاق كۆتۈرۈۋالغانلىقىڭنى پەملەپ ساڭا ئېتىلغان، شۇنىڭ بىلەن پىچاق ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە كىرىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان، شۇنداقمۇ؟ ياكى ئۇ ئادەم ساڭا پوخورلۇق قىلماقچى بولغان، لېكىن سەن ئىپپىتىڭنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن

قولۇڭغا پىچاق ئىلىنغان، نەتىجىدە سەن قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا مۇشۇنداق ئىشنى سادىر قىلىپ قويدۇڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى جىنەستەم تەھلىل قىلىپ.

جەۋھەر جىنەستەمگە قاراپ قېتىپلا قالدى، ئۇ خۇددى نەق مەيداندا باردەك شۇ چاغدىكى قاتىللىق دېلوسىنىڭ جەريانىنى مۇكەممەل ۋە ئىنتايىن توغرا تەھلىل قىلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى سوراق قىلغان ساقچىلار قاتىللىقنىڭ جەريانىنى مانا مۇشۇنداق تەھلىل قىلغان بولسا، ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەينەن دەپ بەرگەن بولاتتىغۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ قاراپ ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى سۈزلەشكە ئىمكانىمۇ قالدۇرۇشمىدى، تۈنجى سوراق قانداق بولسا ئاخىرغىچە شۇنى دېيىش كېرەككەن، بولمىسا ئالدامچىلىق جىنايىتى دېگەن يەنە بىر جىنايەت قوشۇلۇپ قالىدىكەن، شۇڭا ئۇ دەسلەپكى سوراقتا نېمە دېگەن بولسا ئاخىرغىچە شۇنى تەكرارلىدى. چۈنكى، ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالدىن تۈرمىنى بىخەتەر جاي دەپ ئويلاپ قالغانىدى، راست گەپنى قىلىپ جازاسى يېنىكلىتىلىپ تۈرمىدە ئون - يىگىرمە يىل يېتىپ چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ جاپپار ئۇنى ئارام تاپقۇزارمۇ... ئۇنىڭ تەھدىتلىك كۆزلىرىدىن ئۈركۈپ ياشىغاندىن كۆرە، كۆزىدىن يىراقتىراق تۇرۇش ئاقىلانىلىك ئەمەسمۇ، مانا ئاشۇ ۋەسۋەسىلىك خىياللار ئۇنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

— جىمىپ كەتكىنىڭگە قارىغاندا توغرا تاپقان ئوخشايمەن - ھە،— دېدى جىنەستەم ئۇنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ،— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا سەن قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن

بولمايسەن، بەلكى ئۆزۈڭنى قوغداش ئۈچۈن پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم زەخىملەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان جىنايەتچى بولىسەن. بۇ ئىككى خىل جىنايەت بولۇپ، بېرىلىدىغان ھۆكۈمدىمۇ پەرق بولىدۇ، ئىككىسىدىلا ئوخشاش ئادەم ئۆلىدۇ، لېكىن بىرىنچىسىدە ساڭا بېرىلگەن ھازىرقى جازا ئىجرا قىلىنىدۇ، ئىككىنچىسىدە يېنىكرەك بولىدۇ، چۈنكى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ، ئېغىرراق بولسا مۇددەتسىز، بولمىسا يىگىرمە يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ئىپادەڭ ياخشى بولۇپ، ئوبدان ئىشلەپ خىزمەت كۆرسەتسەڭ ئون نەچچە يىلدىلا چىقىپ كېتەلەيسەن.

جەۋھەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى، دېمەك قانۇننىڭ مىڭ پۈتمىقى بار دېگەن راست گەپكەن، ئادۋوكاتمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى ئۇنىڭغا خۇددى سۇ ئىچۈرگەندەك مېڭىسىگە قۇيۇۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەچكە دەسلەپكى سوراقتا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، كېيىنمۇ شۇ گەپنى تەكرارلاۋەرگەچكە ئۇ دەسلەپكى سوراقتا دېيىلگەن سۆزلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىمەن دېسە سوتنى ئالداش جىنايىتى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرراق جازالىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ساقچىلار ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئىچۈرۈۋەتكەنىدى.

— ئەگەر ئەھۋال راستتىنلا مەن دېگەندەك بولسا قايتا دەۋا قىلساڭمۇ ئۇلگۇرىسەن، — دېدى جىنەستەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ياخشىراق ئويلان.

— بولدى، خان ئاچا، — دېدى جەۋھەر بېشىنى

ساڭگىلىتىپ،— تەقدىرگە تەن بېرەي، ئەمدى دەۋا قىلىمەن دېسەممۇ پايدىسى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپامنىڭ ھالىمۇ بەك پەس، ئۇ مۇشۇ قىلغانلىرىم ئۇچۇن ئۆكۈنۈۋاتامدۇ ياكى ئاچچىقلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. بۇ يەردە سىزگە ئوخشاش ياخشى ئىشلەپ ئون نەچچە يىلدا چىقىپ كېتىشكە تىرىشسامىلا بولمىدىمۇ. مەن تېخى ياش، سىزگە ئوخشاش ئون سەككىز يىلدا چىقىپ كېتەلىسەم ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرىدىكەنمەن، مەن رازى بۇ ھۆكۈمگە.

— سەن ئەخمەقلىق قىلما، جەۋھەر،— دېدى رىزۋان قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا،— خان ئاچامنىڭ گەپلىرىنى ياخشى ئويلان، كىممۇ بۇ جايدا ئۇزۇنراق تۇرۇشنى ئويلايدۇ، ئەركىن ئادەم بولۇپ ياشاشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ.

شۇ ئارىدا قوڭغۇراق چېلىندى.

— بۇ ئۇخلاشقا بۇيرۇق قىلىنىۋاتقان سىگنال،— دېدى جېنەستەم ئورنىدىن تۇرۇپ،— يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن توك ئۆچىدۇ، ئورنۇڭنى راسلاپ بالدۇرراق ئۇخلا، ئەتە بىز بىلەن بىللە ئىشقا چىقىسەن.

چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا كىرىپ ياتقان جەۋھەرنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، چۈنكى جېنەستەمنىڭ بايا دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ تىنچلىنىپ قالغان مېڭىسىنى قوچۇپ ئۇماچ قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ جەۋھەرنىڭ قاتىللىق قىلىش مۇددىئاسى توغرىسىدىكى تەھلىللىرى، ھۆكۈم ئېلان قىلىشتا، بولۇپمۇ بۇنداق دېلولارغا جازا بېكىتىشتىكى بەزى قائىدىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى، ياتاقداشلارنىڭ

ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەندى. بۇلۇڭ تەرەپتىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تارتىۋاتقان بوش خورەك بىلەن جېنەستەمنىڭ گۈلدۈرمامىدەك تارتىۋاتقان خورىكى قوشۇلۇپ ياتاق ئىچىدىكى يېنىك پۇشۇلداشلارنى بېسىپ كەتكەنىدى.

جەۋھەر خورەكتىن بەكمۇ قورقاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى داۋۇت ئۆزى ئورۇق ئادەم بولغىنىغا باقماي، خورىكى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ياتقان ئۆي بىلەن جەۋھەرلەر ياتىدىغان ئۆينى بىر تام ئايرىپ تۇرسىمۇ خورىكى تاملارنى تىترىتىپ ئۇنىڭ ئاجىز يۈرىكىنىمۇ بىر ۋەھىمە ئىچىدە تىترىتىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ بالدۇرلا يېتىۋالاتتى. مانا ئەمدى بىقىنىدىلا بىر ئايال ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ خۇددى مېيى تۈگەپ قالغان تىراكتوردەك تاتاتلاپ خورەك تارتماقتا.

جەۋھەر چوڭ ـ كىچىك ئىككى خورەكنىڭ قىسىلچىقىدا بىردەم قىينىلىپ ياتقاندىن كېيىن جېنەستەمنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ بايىقى قاتىللىقلا ئائىت تەھلىلىنى خۇددى ئاشۇ مەيداندا ئۆزى قاراپ تۇرغاندەك ئېنىق ئوتتۇرىغا تاشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بايا چۆچۈگەن بولسىمۇ چاندۇرمىغانىدى، مانا ئەمدى ئاشۇ ئىشلار يادىغا يېتىپ قالدى ـ دە، خىيال كېمىسى ئۆزىمۇ سەزمەستىنلا قۇمتۇراغا كېتىپ قالدى...

جەۋھەرنىڭ بۇ ئادەمگە ئۆچ بولۇشى ئۇنى مەكتەپتىن توختاتقان ئاشۇ كۈنى باشلانغانىدى. ئۇ كۈنى جەۋھەر مەكتەپتىن خۇشال قايتقانىدى. چۈنكى، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، يېزا مەركىزىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل

قىلىنغانىدى. بۇ خەۋەر ئايخېنىمنى خۇش قىلغان بىلەن، داۋۇت چوقۇرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كوتۇلداشلىرى مۇشۇ ئۈچ بالىنىڭ ئوقۇش ئىشى توغرىسىدىلا بولۇۋاتاتتى. جاپپار ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەچكە بۇ ئۆيدىكى ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى داۋۇت چوقۇر بىلەن ئايخېنىمنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىپ قالغانىدى. داۋۇت چوقۇر ئۆزىمۇ ئىشچان ئادەم بولمىغاچقىمىكىن، «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۈر توقۇمنى» دېگەندەك پات ـ پات كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئايخېنىمنى ئۇرۇۋالىدىغان بولدى. شۇڭا، ئايخېنىم قىزىنىڭ ئوقۇشتىكى ئۈتتەك قىزغىنلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن داۋۇت چوقۇرنىڭ ئۇنىماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە قىزىنىڭ ئوقۇش ئىشىدا دادىل پىكرىنى دېيەلمىگەنىدى.

— قىزىم، — دېدى ئايخېنىم جەۋھەرنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — بۇ ئىشتا مەن قارار چىقىرالمايمەن. كەچتە داداڭغا دەپ باقاي، ئامال بار ئۇنى كۆندۈرىمەن، لېكىنزە تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

— مېنى ئوقۇشتىن توسىمىسۇن، ئاپا، — دېدى جەۋھەر يىغلامسىراپ، — مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇيمەن، رەھمەتلىك دادام: «قىزىمنى چوقۇم ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتىمەن، ئۇ ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ داڭلىق شائىر، ئىقتىدارلىق كادىر بولىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان. دادامنىڭ روھىنى قورۇندۇرماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋالاي، ئاپا. ئالىمادىس ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسام

سىلەرگە ئېغىر ىمنى سالماي، شەنبە، يەكشەنبىلەردە ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ خىراجىتىنى ئۆزۈم قىلىپ ئوقۇيمەن، شۇڭا ئامال بار مېنى ئوقۇشتىن توسمىساڭلار.

ــ مەن بۇنى بىلمەمدىمەن، بالام،ــ دېدى ئايخېنىم كۆڭلى بۇزۇلۇپ،ــ داداڭ بولغان بولسا بىزمۇ مۇنداق كۈنلەرگە قالماس ئىدۇق، بۇ گەپلەرنى قىلىپ كۆڭۈل ئارامىمنى بۇزما. «ئاناڭنى كىم ئالسا ماشايىقىڭ شۇ»دېگەن گەپ بار، بالام، بېشىمىزغا مۇنداق ئېغىر كۈنلەر كەلمىگەن بولسا مۇنداق تىل قىسىنچىلىقتا ئۆتمەيتتۇق.

ــ ئاپا، ئۇ بەكلا زومىگەر ئادەمكەن، نېمىشقىمۇ تەگكەنسەن ئۇنىڭغا؟

ــ ئۇنداق دېمە، ئايال كىشى دېگەن بىرەر ئەر كىشىگە بېقىنىپ ياشايدىغان گەپكەن، نېمىلا بولمىسۇن، سىلەرنى مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتقىنىمنىڭ ئۆزىلا ياخشى بىر ئىش. كەينىڭدە ئىككى ئۇكاڭ بار، ئۇلارمۇ ئوقۇۋاتىدۇ، شۇ ئۇكىلىرىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ جېدەل قىلىدىغان ئىشنى قىلما. مەن ئامال بار ئوقۇشۇڭنى داۋام قىلىشىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالۇۋۇرىمەن، پەقەت بولمىسا سەنمۇ ئۇنداق باغرى قاتتىقلىق قىلماي تەقدىرگە تەن بەر، جېنىم بالام.

ئايخېنىم قىزىغا ئىككى تايىن گەپ قىلغان بىلەن ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇش تەرەپدارى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا توخنىيازمۇ قىزىدىكى تالانتنى بايقاپ ئۇنى چوقۇم ياخشى ئوقۇتۇشنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ تۇراتتى، مانا هازىر قىزى ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

ئايخېنىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن باللىرىنى تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ دەرسلەرگە قاراشنى تاپىلاپ ئۇلارنى چىقىرىۋەتتى. جەۋھەر يازلىق ئوچاق ئالدىدا چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى، ئايخېنىم بىلىدىكى پەشتامىسىنى يېشىپ كاڭ ئۈستىدە بىقىنىغا بىر سامان تەكىيەنى قىستۇرۇپ يانپاشلاپ يېتىپ تاماكا چېكىۋاتقان داۋۇت چوقۇرغا قارىدى.

— دادىسى، — دېدى ئايخېنىم سەل دىلغۇل بولۇپ، — قىزىمىز يېزا مەركىزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپتۇ. ھەممە پەندە نەتىجىسى ئەلاكەن، ئۇنىڭ ئوقۇشى بەك ياخشى بولغاچقا تېخى تەقدىرنامىمۇ ئاپتۇ.

— ئەلا بولسا نېمە بوپتۇ، — دېدى داۋۇت چوقۇر ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئايخېنىمغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئۇنداق تەقدىرنامىلەر ئادەم ئالدايدىغان نەرسىلەر، مەن ساڭا دېسەمچۇ قىز بالا دېگەن شۇنچىلىكلا ئوقۇسا بولىدى. گېپىڭنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا سەن تېخى ئۇنى يېزا مەركىزىدە ئوقۇتماقچى بولۇۋېتىپسەن ـ دە، ئۇن ئىككىدىن ئاشقان بىر قىز بالا يېزا مەركىزىدە بەش كۈن ئۆيگە كەلمەي ياتسا بولامدا، مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇرۇنلاردا قىز بالىنىڭ بېشىغا تۇماق بىلەن بىرنى سالسا يىقىلىپ چۈشمىسىلا ئۇنى ياتلىق قىلىۋېتەتتىكەن، ھازىرچۇ بۇ قىزىڭنى تۇماق، ئۇنىڭدىنمۇ يوغانراق نەرسە بىلەن سالساڭمۇ يىقىلىپ چۈشمىگۈدەك ئادەم بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئوقۇيمەن دېمەي ئەتىدىن باشلاپ ئېتىزدا ئىشلىسۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، دادىسى، — دېدى ئايخېنىم يىغلامسىرىغان هالدا، — بۇ قىز بالىنىڭ ئوقۇشى مەكتەپ بويىچە ئەڭ ياخشىكەن، ئۇنى ئوقۇتماي ئېتىز ئىشىغا سالساق نابۇت قىلىۋېتىمىز. شۇڭا، گەپنى مۇنداق كېسىپلا قىلماي ئويلىشىپراق بىر ئىش قىلايلى، بىزگە ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقى چۈشمەيدۇ، ئۇ دېگەن ياتاقلىق مەكتەپ. ياتاق، تاماقنى مەكتەپ كۆتۈرىدىكەن، بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزنى بىلسە ئوقۇش پۇلىمۇ ھەقسىز بولىدىكەن. بۇنىڭدا ھېچقانداق غېمىمىز قالمايدىغۇ، شۇڭا بالىنىڭ كۆڭلىنى قىلىپ بولسىمۇ ياق دېمىسىلە، — ئايخېنىم سۆزلەۋېتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى، ئۇ باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ داۋاملىق يالۋۇردى، — ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بەكلا ئوقۇغۇسى بار، ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ يۇقىرى، ئون ئىككى ياشلىق قىز بالىنى ئېتىز ئىشىغا سالساقمۇ بىزگە قانچىلىك كۈچ بېرىدۇ، مەن ئېتىزدا ئىككى كىشىلىك ئىشلىسەممۇ مەيلى، ئاشۇ بالىنىڭ قىزغىنلىقىغا سۇ سەپمىسەك، ئۇنداق قاتتىقلىق قىلماي ماقۇل دەۋەتسىلە.

— يۇنداڭنى ئېيتىپ ماڭا داقاق سالماي چىقىپ قىزىڭغا دە، — دېدى داۋۇت چوقۇر قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ قالدۇقىنى يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، — ئەتىدىن باشلاپ ئېتىزغا چىقسۇن، تاماق ئېتىشكە ياردەملەشسۇن، قىز بالىنى ئۇنداق چوڭ ئوقۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟ يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن لايىقىدا بىر جايدىن لايىق چىقسا ياتلىق قىلىۋېتىمىز ئۇنى. مانا تەييارغا ھەيياردىن يەنە ئىككىسى بار تېخى،

ئۇلارنىمۇ ئوقۇتۇۋاتىمەنغۇ، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەي مەن دېگەندەك قىل!

جەۋھەر شۇ كۈنى بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركەپ يېتىپ بولۇشقا يىغلىدى، لېكىن يىغا بىلەن بۇ قارار ئۆزگىرىپ قالمايتتى. داۋۇت چوقۇرغا كەنت كادىرلىرىنىڭ نەسىھەتى، يېزا كادىرلىرىنىڭ پوپوزىسىمۇ كار قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنى كېسەلمەن كۆرسىتىپ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋېلىپ جەۋھەرنى ئوقۇشىسىز قويۇش مەقسىتىگە يېتىۋالغانىدى...

ئاجايىپ كۈچلۈك تارتىلغان خورەك ئاۋازى جەۋھەرنى بۇ رەھىمسىز خىياللار قوينىدىن ئەتراپى قېلىن سوقما تاملار بىلەن قورشالغان تۈرمىنىڭ ئىچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ يېنىدىكى كارىۋاتتا ياتقان جىنەستەمگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئۇ ھازىر ئويغىدىشقا يېتىۋالغان بولۇپ خورىكى تۇرۇپلا پەسىيىپ قالغانىدى، بەزىدە تېخى خورەك يوقاپ كېتىپ خۇددى تىنىقى توختاپ قالغاندەك جىمىپ كېتىپ بىردەملەرگىچە يەنە كۈچلۈك سەت خورىكىنى باشلايتتى. بىر چاغلاردا ئاپىسى ئۇنىڭغا: «خورەك تارتقان ئادەم ئەگەر ئويغىدىشقا يېتىپ قالسا خورىكى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، بەزىدە تىنىقىمۇ توختاپ قالىدۇ، بۇنداق چاغدا ئۇنى ئويغىتىپ يانتو يېتىشقا ئۈندىمىسەڭ جېنى چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن» دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ ھازىرغىچە ئويغىدىشقا يېتىپ خورەك تارتقان ئادەمنىڭ يېنىدا يېتىپ باقمىغاچقا جىنەستەمنىڭ بۇ ھالەتتە قىينىلىپ خورەك تارتىشى ئۇنى راستىنلا قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ قولىنى جىنەستەمگە

سوْنوْۋېتىپ كىمدوْر بىرىنىڭ: «خورەك يوْقوْملوْق كېسەلگە ئوخشايدوْ، شوْڭا خورەك تارتقان ئادەمنى ئويغاتقان كىشى يوْقوْملىنىپ ئۆزىموْ خورەك تارتىدىغان بولوْپ قالىدوْ» دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى ـ يوْ، لېكىن ئوْنىڭ قىيىنىلىپ خورەك تارتىشى بوْ نىيىتىدىن ياندوْردى. ئوْ قولىنى سوزوْپ جېنەستەمنىڭ بىلىكىدىن توْتتى ـ دە، ئاستا سىلكىدى.

ــ ئاچا، خان ئاچا،ــ دېدى ئوْ سەل مىدىرلىغان جېنەستەمدىن قولىنى ئاجرىتىپ،ــ بەك خورەك تارتىۋاتىسىز، يېنىچە يېتىۋېلىڭ.

ــ تېخىچە ئوْخلىمىدىڭموْ؟ــ دېدى جېنەستەم يان تەرەپكە ئۆروْلوْپ،ــ سەھەر ئىشقا چىقىسىز، ئوْخلا.

ئوْ شوْ گەپنى قىلىپلا يەنە ئوْيقوْغا كەتتى، يان تەرەپكە قاراپ ياتقاچقىمىكىن خورىكىموْ سەل پەسكويغا چوْشكەندى. جەۋھەر جېنەستەمگە كەينىنى قىلىپ ياتتى، ئەمما يەنىلا ئوْيقوْسى قاچقاندى. ئوْنىڭ خىيالى يەنىلا توْرمىنىڭ ئىگىز تاملىرىدىن ھالقىپ چىقىپ ئاشوْ كۆجوْم مەھەللىسىگە كەتكەندى...

ئوْنىڭ قاتىللىق قىلىشىغا ئاشوْ ئۆگەي دادىسىنىڭ ئوغلى جاپپار سەۋەب بولغانىدى. جاپپار دادىسى ئايخېنىمنى ئەمرىگە ئېلىپ ئوْنىڭ ئۆچ بالىسىنى ھارۋىغا سېلىپ ئەكەلگەن چېغىدىلا بوْلارغا ئۆچ بولوْپ قالغانىدى. شوْڭا، ئوْ بوْلار كېلىپ ئوْزاق ئۆتمەيلا ئايخېنىمنىڭ ئالتوْن زىبوْ ـ زىننەتلىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەندى. شوْ چاغدا ئوْنىڭ يېشى ئون سەككىزدىن ھالقىغان بولوْپ، يىگىتلىك

يېشىغا يېتىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ يوقالغانچە ئۇچ يىل قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. داۋۇت چوقۇر ئوغلى تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەچكە بۇنى ئايخېنىمدىن كۆرۈپ: «سەن ئۆگەيلىگەچكە ئوغلۇم ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى» دەپ ئايخېنىمنى ھەم بالىلارنىمۇ خالىغانچە ئەدەپلەيدىغان، ھەتتا ئۇرۇۋالىدىغان قىلىقنى چىقىرىۋالدى. ئاچچىقىدا جەۋھەرنىمۇ ئوقۇشتىن توختاتتى.

ئارىدىن ئۇچ يېرىم يىل ئۆتكەندە جاپپار چىرايى قارىداپ، ئوك كۆزى قىيسايغان، ئېڭەكلىرىنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن بىر تاتۇقى بار ھالەتتە قايتىپ كەلدى.ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ يىغلاشقان، ئۇزۇن يىللىق دەردىنى تۆكۈشكەنمۇ بولدى. ئۇ بۇ قېتىم كىشىنى بىزار قىلىدىغان، ئۇچىغا چىققان قەبىھ لۈكچەك سىياقىدا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆي ئىچىدە خالىغانچە زوراۋانلىق قىلاتتى. ئۇ كەلگەندىن بېرى بۇ ئائىلىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەھەللىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى.

«جاپپار تۇل خوتۇن مايسەمنىڭ قوناقلىقىدا ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن جاپپارنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىشتى. ئاز كۈن ئۆتمەيلا مايسەمنىڭ چېك تۇرۇۋېلىشى بىلەن جاپپارغا «باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن» دېگەن ھۆكۈمنامە چۈشۈپ، ئۇچ يىللىق كېسىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كېتىشى بىلەن بۇ ئائىلە ھەم مەھەللە خېلىلا تىنچىپ قالغانىدى.

ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا جەۋھەر بويىغا يېتىپ ناھايىتى نازاكەتلىك بىر قىز سۈرىتىدە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. جاپپار شۇ كۈندىن باشلاپ جەۋھەرنى ئۆزىگە

خوتۇن قىلىش ۋەسۋەسىسىدە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئارامچىلىقىنى يەنە بۇزدى. ئۇ ھە دېسىلا جەۋھەرگە تېتىقسىز چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى، ھەتتا ئانىسىغىمۇ تەھدىت سېلىپ ۋارقىراپ قوياتتى.

— قىزىڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرمىسەڭ ھەر قايسىڭغا ياخشى كۈن يوق، — دېدى بىر كۈنى ئايخېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، — سەنلەرنى مۇشۇ كۈنگە ئولاشتۇرغان بىز ئۇقۇپ قوي، بولمىسا نەلەردە سۆرىلىپ ئەسكى مازغا يۆگىلىپ يۈرەتتىڭلار.

— مەن دېگەن سىزنىڭ ئانىڭىز، — دېدى ئايخېنىم ئۇنىڭدىن چۆچۈگەن ھالدا، — قانداقلا ئىش بولسۇن سىلىقراق بىر گەپ قىلىڭ ماڭا، قىزىم تېخى كىچىك، ئۇنىڭ توي قىلىش يېشىغا يەنە بىرنەچچە يىل بار. سىزنى ياخشىراق بىر قىز تېپىپ ئۆيلەپ قويايلى، بولامدۇ؟

— كۆتۈر ئۇنداق گېپىڭنى! — دېدى جاپپار قولىنى سىلكىپ، — مەن جەۋھەردىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايخېنىمنىڭ، ھەتتا جەۋھەرنىڭمۇ كۈنلىرى تىنچ ئۆتمىدى، پات ـ پات مۇشۇ توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ھەم جېدەل ـ ماجىرا ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. جەۋھەر بۇ لۈكچەكنىڭ ئۆزىگە بىرەر زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆيدە يالغۇز ياتالمايتتى.

— قىزىڭغا دېگىن، — دېدى داۋۇت چوقۇر بىر كۈنى كەچتە يېتىش ئالدىدا ئورۇن راسلاۋاتقان ئايخېنىمنىڭ بىلىكىدىن مۇجۇپ تۇرۇپ، — جاپپارغا ماقۇل كەلسۇن، ئۇنىڭ يېشى يىگىرمە بەشتىن ئاشتى، ئەمدى ئىتتىكرەك

توي قىلىۋالمىسا قېرى يىگىت بولۇپ قالىدۇ. قىزىڭنىڭ يېشىمۇ توي قىلىش يېشىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى سۆرەلمىلىك قىلىپ كەينىگە تارتمۇەرمىسۇن. بىزدە «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا» دېگەن گەپ بارغۇ، توي دېگەننى مۇشۇ بىر ئۆيدىلا قىلىپ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويساق ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— مەن قوشۇلمايۋاتقىنىم يوق، — دېدى ئايخېنىم داۋۇت چوقۇرنىڭ ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغان قولىنى بىلىكىدىن ئاجرىتىپ، — قىزىم ئۇنىمايۋاتىدۇ، «مەن تېخى كىچىك، يەنە بىرنەچچە يىلغىچە توي قىلمايمەن» دەۋاتىدۇ.

— كىچىك دە تېخى، — دېدى داۋۇت چوقۇر ئۇنى يەنىمۇ قىستاپ كېلىپ، — ئون سەككىزگە كىرىپ قالغان قىز بالىنى كىچىك دېگىلى بولامدۇ، جاپپاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئاراقۇمدىكى ناسىرجان پالكۆزنىڭ كەنجى ئوغلى ھېلىقى نېمىتى ـ ھە، مەردان دېگەن ئىنجىمارۇقى بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگۈدەك. مانا مۇشۇنداق تۇرسا سەن تېخى ئۇنى كىچىك دەپ ۋايىسايسىنا، بىلىپ قوي، قىزىڭ ئالدىمىدا چوڭ بولغان، ئەگەر ئۇ ئوغلۇمنى ياراتماي مۇشۇنداق يات كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويىدىغان بولسا ھەر ئىككىڭنى بوغۇزلىۋېتىمەن.

جەۋھەرنىڭ قىيىن كۈنلىرى ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى. ئۇنىڭ مېڭىپ تۇرۇشلىرىغا چەك قويۇلدى. جاپپار قىستاپ كەلمەكتە ئىدى، داۋۇت چوقۇر دېگەندەك جەۋھەر ئەترەتنىڭ كاسسىرى ناسىرجاننىڭ كەنجى ئوغلى مەردان بىلەن مۇھەببەتلەشكەنىدى. ئۇلار

كىچىكىدىنلا بىر مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قالغان جەۋھەر بۇ ساۋاقدىشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ جەۋھەرنى سىڭلىسى قاتارىدا كۆرۈپ باشقىلارنىڭ ئۇنى بوزەك قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. جەۋھەر ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىن بەش يىلغىچە كۆرۈشۈپ باقمىدى، تاسادىپىي بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۇلارنى مۇھەببەت كوچىسىغا باشلاپ كىردى.

ئۇ كۈنى جەۋھەر ئاراقۇمغا بوۋا ـ مومىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى، تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى پۈتۈن جاھاننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. جەۋھەر ۋېلىسىپىت بىلەن تەرلەپ پىشىپ ئاراقۇمغا يېتىپ كەلگەندە قوزا چۈش ۋاقتى بولغانىدى، ئۇ مەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدىكى ئۆستەڭ بويىدا توختىدى، ئۇ شۇ تاپتا هاممامدىن چىققان ئادەمدەك مىچچىدە تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، چېكە چاچلىرى يۈزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئازراق ئارام ئېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى سوغۇق تاغ سۈيىدە يۇيۇپ بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى.

— جەۋھەرمۇسەن؟

بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن جەۋھەر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا قىسقا بۇرۇتلۇق، قاملاشقان بىر يىگىت كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— سىز؟ — جەۋھەر دەماللىققا ئۇ يىگىتنى تونۇيالمىدى.

— تونۇمايۋاتامسەن؟ — دېدى يىگىت جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مەن مەردانغۇ.

— ھە، مەردان، بۇ راستتىنلا سەنكەنسەنغۇ!— جەۋھەرنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن كېرىلىپ كەتتى.

— راست تونۇمىدىڭمۇ ياكى قەستەن تونۇماس بولۇۋالدىڭمۇ؟— دېدى مەردان جەۋھەرنىڭ ئاددىي كىيىنىۋالغان بولسىمۇ سۇرەتتىكى ئاي پەرىلەردەك تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۇرۇت قويۇۋاپسەن،— دېدى جەۋھەر ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما يارشىملىق بۇرۇتىغا قاراپ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە سەل قارىداپ قاپسەن - ھە، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ بولدۇڭ ھەرقاچان.

— پۈتكۈزگەن، لېكىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاينىڭ ئالدىدا سېنى كۆرۈپ قېلىپ يۈرىكىم ۋاژژىدە قىلغاندەك بولدى دېگىنە، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن ۋاز كەچتىم.

— نەدە كۆرگەنتىڭ مېنى؟— دېدى جەۋھەر قىزىرىپ،— كۆرگەن ئادەم مەن بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟!

— ئۇ چاغدا يېنىڭدا ئاپاڭ بىلەن ھېلىقى ئۆگەي داداڭ باركەن،— دېدى مەردان ئۇنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىپ،— كۆرۈشۈش ئەپسىز بولۇپ قالدى، ئاڭلىسام بەك جاپادا ياشاۋېتىپسىلەر، ھېلىقى ئۆگەي داداڭمۇ تازا قاملاشمىغان ئادەمدەك قىلىدۇ، سېنى ئوقۇشتىن توختىتىپ قويمىغان بولسا ئىككىمىز بىرلىكتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماسمىدۇق، نەتىجەڭ بەك ياخشى ئىدى.

— بولدى قىل، كونا يارىنى تاتىلاپ نېمە قىلىسەن، تەقدىرىم كاجكەن،— دېدى جەۋھەر ئېسەڭگىرىگەن

ھالدا، ــ لىكىنزە، ئوقۇمىغىنىڭ پەقەتلا ياخشى بولماپتۇ. ھە، نېمە قىلىۋاتىسەن ھازىر؟

ــ نېمە قىلاتتىم، دېھقان بالىسى بولغاندىكىن كەتمەن چاپىمەن شۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى، مەردان مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرگەنىمۇ ئەيتاۋۇر، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، جەۋھەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە چىڭ باغلىۋەتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتى رەسمىي باشلاندى.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان خورەك ئاۋازى مۇھەببەتلىك ھېسلارغا چۆمۈلگەن جەۋھەرنى يەنە تۇرمىگە قايتۇرۇپ كەلدى. جىنەستەم ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ بولۇشىغا خورەك تارتىۋاتاتتى. جەۋھەر ئۇنى تارتقۇچلاپ يېنىچە ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇرماق بولۇپ يانغا ئۆرۈلدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى قاتىللىق قىلغان كۈنگە كېتىپ قالغاندى، بۇ ۋەقە تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىلەن، ئاقىۋىتى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولغانىدى.

جەۋھەر چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇپ جاي ـ جايىغا رەتلەپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن بىلىدىكى پەشتامىسىنى يېشىپ ئۇنى قازان بېشىدىكى چىنە ـ قاچىلارنىڭ ئۈستىگە ياپتى. ئەمدى ئۇ ئېتىمىزغا بېرىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئانىسى ئۆزى يالغۇز ئۈچ مو يەردىكى كېۋەزلىكتە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەملەشمىسە كەچتە ئۆگەي دادىسىدىن تىل ئاڭلايدىغان گەپ.

— تېخىچە قازان بېشىدىمۇ سەن؟ — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ قوپال ئاۋازدىن چۆچۈگەن جەۋھەر كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە يالماۋۇزلاردەك تىكىلىپ تۇرغان داۋۇتنى كۆردى.

— چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ بولدۇم، ئەمدى بارىمەن ئېتىزغا.

— مەن سەندىن بىر گەپ سورايمەن، — دېدى داۋۇت ئۈنى قىستاپ كېلىپ، — سەن نېمىشقا ئوغلۇمنى ياراتمايسەن؟

— ...

— گەپ قىلە، جاپپار سەن ياراتمىغۇدەك ئادەمما؟

— مەن تېخى كىچىك، هازىرچە توي قىلغۇم يوق.

— كىچىك؟ — دېدى داۋۇت كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن هالدا، — سەن كىچىك بولساڭ نېمىشقا باشقىلار بىلەن مۇهەببەتلىشىسەن هەي هارىمى، مەن ساڭا دەپ قوياي، سەن چوقۇم بىزنىڭ جاپپارغا تېگىسەن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

جەۋھەر بۇ ئادەمنىڭ تەهدىت ئارىلاش بۇيرۇقىدىن مەڭدەپ قالدى، ئۇ قەستەن ئايغىنىمنى ئېتىزغا ماڭدۇرۇۋېتىپ ئۈنىڭغا تەهدىت سېلىپ، ئوغلىغا تېگىشكە ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولسا كېرەك.

— مەن ئوغلۇڭغا تەگمەيمەن، — دېدى جەۋھەرمۇ ئۈنىڭغا قوپالراق تېگىپ، — زورلاپ خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغان بۇ كونا جەمئىيەت ئەمەس، ئۆتمەس ماتا زورلاپ...

چاڭگىدە تەگكەن بىر شاپىلاقتىن جەۋھەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى، چۈنكى داۋۇت ئۆزىگە گەپ ياندۇرۇۋاتقان جەۋھەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا بىر كاچات

سالغانىدى، جەۋھەر يىغلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا نەپرەتلىك تىكىلدى.

— سەن تېخى باققان داداڭغا يانغۇدەك بولدۇڭما؟ — دېدى داۋۇت چوقۇر قوللىرىنى شىلتىپ، — بۈگۈن سەن بىر بولسا ئوغلۇمغا تېگىشكە ماقۇل بولىسەن، ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ مەن سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا خوتۇن قىلىۋېتىمەن.

— ھە؟! — قاتتىق چۆچۈگەن جەۋھەرنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى. داۋۇت چوقۇر شۇ تاپتا جاپپارغا ئوخشاش لۈكچەكلىك تونىنى كىيىپ ئۆزىگە ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغاندەك ئەلپازى بار ئىدى، شۇڭا جەۋھەر كەينىگە يېنىپ ئوچاق بېشىغا كېلىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنى قوغدىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قازاننىڭ يېنىغىلا قويۇپ قويغان پىچاقنى قولىغا ئېلىۋالدى.

— يېقىن كەلمە! — دېدى جەۋھەر ئۇنىڭغا پىچاقنى شىلتىپ تۇرۇپ، — بولمىسا ماۋۇ پىچاقنى قارنىڭغا تىقىۋېتىمەن.

— ھە، سەن تېخى ماڭا پىچاق كۆتۈرگۈدەك بولدۇڭما، — داۋۇت چوقۇر جەۋھەرنىڭ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پىچاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا ئېتىلدى، ئۇ تۇيۇقسىز ئوچاق ئالدىدىكى جىگدە ياغىچىغا پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ جەۋھەرگە قاتتىق سوقۇلدى ـ دە، جەۋھەر ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرغان پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى...

— سەن، سەن ماڭا... — داۋۇت قورسىقىنى چىڭ قامallıغان ھالدا ئوچاقنىڭ يېنىغىلا يىقىلدى. جەۋھەر

ئۇنىڭ قورسىقىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ قولىدىكى پىچاقنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، چىرقىرىغان هالدا تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئادەم چاقىردى.

— ئادەم ئۆلدى، تېز كېلىڭلار،— بىرنەچچە ئادەمنىڭ بۇ تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرگەن جەۋھەر هويلا ئىشىكىنىڭ يېنىغىلا ئولتۇردى ـ دە، هوشىدىن كەتتى...

جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازى تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان جەۋھەرنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ ئەنسىز خىياللار بىلەن تاڭ ئاتارغا يېقىن ئوخلاپ قالغانىدى. مانا بىرەر سائەت ئۇخلىمايلا قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى، چۈنكى ياتاقداشلىرى تېزلىكتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتاتتى.

— ياخشى ئۇخلىيالماپسەن ـ هە؟— دېدى جېنەستەم ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ،— قارىغاندا خورەك تارتقان ئادەمنىڭ يېنىدا ئۇخلىيالمايدىغاندەك تۇرىسەن.

— ياقەي،— دېدى جەۋھەر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ،— ئورنۇم يەڭگۈشلەنسە ئوخلىيالمايدىغان ئادىتىم بار.

— كۆنۈپ كېتىسەن، تېزرەك كىيىنگىن، بۈگۈن بىزگە بۆلۈنگەن ۋەزىپە سەل جىقراق، بالدۇرراق ئىش باشلىمىساق بولمايدۇ.

## تۆتىنچى باب

# ناسىرجاننىڭ ھەيۋىسى

مەردان ئانىسى مايىسخاننىڭ قارشىلىقى، دادىسى ناسىرجاننىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. ئۇ جەۋھەرنىڭ ئانىسى ئايخېنىم بىللە بىللە ئۇرۇمچىگە چىقىپ «مەڭگۈ بىللە ئۆتىمىز» دەپ ۋەدىلەشكەن قىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يوقلاپ قويۇشنى نىيەت قىلغىنى جېدەلگە سەۋەب بولغانىدى. بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى خۇددى باھار شامالللىرىدەك يېقىملىق، ھۇپپىدە ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك پۇراقلىق، سۈپسۈزۈك ئاقىدىغان كارىز سۈيىدەك پاك ئىدى. ئۇلار ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت چېچەكلىرى بىر كېچىدىلا خۇددى كۆز غازاڭلىرىدەك تۆكۈلۈپ كەتسە بۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق ئىش بولامدۇ جاھاندا. مەردانىنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ ھېچ كىشىگە گەپ قىلماي يېتىۋېلىشلىرىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

مەردان تا ھازىرغىچە جەۋھەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، ئەمما ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى، جەۋھەر تۇنجى سوراقتىلا بۇ قاتىللىقنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىنى قىلچە تارتىنمايلا ئىقرار قىلغانىدى. مەردان ھەقىقىي

سەۋەبىنى ئۇقماق بولۇپ جەۋھەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە خەت يازغان بولسىمۇ ئۇ خەتلەر خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەكلا جاۋابسىز قالدى، ئىككى ـ ئۈچ قېتىملىق سوتتىكى جەۋھەرنىڭ پەرۋاسىز تۇرقى، سوراق قىلىنىۋاتقاندىكى غەمسىز چىرايى... مانا بۇلار ھازىرغىچە مەردانىنى ئويلاندۇرۇپ ھەم گۇمانىنى قوزغىغانىدى.

— داداڭ داۋۇت ساۋۇتنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

— ئۇ دادام ئەمەس.

— ئۆگەي بولسىمۇ داداڭغۇ، ئېيتە، قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟

— پىچاق بىلەن ئۆلتۈردۈم.

— مۇشۇ سەن ئىشلەتكەن پىچاق شۇمۇ؟

— شۇ.

— ...

ھەر قېتىملىق سوراق ئاشۇنداق سوئاللار بىلەن باشلىنىپ جەۋھەرنىڭ پەرۋاسىز جاۋابلىرى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. مەردان جەۋھەرنىڭ خۇددى ماشىنا ئادەمدەك قېتىپ ئولتۇرۇشلىرى، ئۆزىنى ئاقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، جىنايەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىدىن ھەيران بولاتتى. ئۇ ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆندەرىگەندەك ئانىسىغا قاراپ: «ئانا، جېنىم ئانا، ئۆزۈڭنى ئاسرا...» دېگەن سۆزى بىلەن خۇددى جازا مەيدانىغا ماڭغاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى گەرچە تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھوشىنى يوقىتىپ قويمىدى: «بۇ دېلودا چوقۇم مەسىلە بار، بۇنى قانداق ئېنىقلاپ چىققىلى بولار؟»

ئايخېنىم مەردانىنىڭ ئۆيىگە ياردەم تەلەپ قىلىپ كىرگەن چاغدا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ قاتىللىق دېلوسىدىن گۇمان قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قەتئىي نىيەتكە كېلىشىدىكى مەقسەتمۇ جەۋھەر بىلەن كۆرۈشۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ بېقىش ئىدى، ئەمما بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىسى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ھەم ئاچچىقلاندى.

ئايخېنىم جەۋھەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى خېلىلا كېچىكتۈرۈۋەتكەنىدى، چۈنكى ئۆزىگە ھەمراھ بولغۇدەك بىرەرسى چىقمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە ناھىيە بازىرىغا بىر ـ ئىككى قېتىم چىقىپ باققانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە چىقىپ قىزىنى يوقلاپ كېلىش ئۇنىڭغا خۇددى ئايغا چىقىشتىنمۇ تەس بىلىنىدى. ئىككى بالىنى ئېلىپ چىقاي دېسە دادىسى ھېسامىدىن زىنھار يول قويمىدى، چۈنكى بۇ بالىلارنىڭ ئاچىسىنى جىنايەتچى قاتارىدا كۆرۈپ ئازابلىنىشىنى ھەم ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئايخېنىم يېقىن قوشنىسى ناسىرجاندىن مەسلىھەت سوراش، مۇھىمى، مەردانىنى پاناھ تارتىپ بۇ ئۆيگە كىرگەنىدى. جەۋھەر ئانىسىغا مەردانىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر مەردان بىلەن توي قىلالمىسا مەڭگۈ توي قىلماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم دەپ بەرگەنىدى. ئايخېنىممۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە قارشىلىق قىلماي داۋۇتنىڭ قىلىۋاتقان

بىسىملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ قىزنى قوغداپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىش پىشانىسىگە پۈتۈلمىگەنمۇ، مانا قىزى بىردەمدىلا قاتىل بولۇپ ئۇلارنى ئايرىپ تاشلىدى. لېكىن، مەردان ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئايخېنىمنى بىرنەچچە قېتىملىق سوتقا بىللە ئېلىپ بارغانىدى. ئايخېنىم قىزى سوتلىنىۋاتقاندا مەرداننىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشلىرى، سوت ئاخىرلاشقاندا ئايخېنىمدىن بەزى گەپلەرنى يېنىش - يېنىشلاپ سوراشلىرىدىن مەرداننىڭ قىزىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدى.

ئايخېنىم بۇ ئۆيگە قورۇنۇپ كىرگەندە ئاتا - بالا ئۈچەيلەن رادىيودىن بېرىلىۋاتقان خەلق ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، ئۇ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۆيدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ناسىرجان رادىيونى ئۆچۈردى، مەردان پەسكە چۈشۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مايسىخان ئايخېنىمنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋال سوراپ كەتتى.

— ئەجەب ئوبدان كىرىپلا، قوشنام،— دېدى مايسىخان ئايخېنىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ،— باياتىن رادىيو ئاڭلىغاچ ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ ئولتۇرغان، مۇشۇنداق تالا - تۈزگە چىقىپ قولۇم - قوشنىلار بىلەن ھال - مۇڭ قىلىشىپ ئۆتكەنلىرى ياخشى. بىزدىمۇ بار، باشلىرىغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەندىكىن پات - پات كىرىپ ھاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرساق ياخشى بولاتتى، لېكىنزە...

— رەھمەت ياخشى كۆڭۈللىرىگە،— دېدى ئايخېنىم كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئېلىپ،— ھېلىمۇ ئۇرۇق -

تۇغقاندىن چارە قاراۋاتىدىلا، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ماڭا قىلغان خەيرخاھلىقلىرى ئەمەسمۇ... باشقا كۈن چۈشكەندە ئادەم مۇشۇنداق خىيالچان بولۇپ قالىدىغان ئىشكەن، قىزىمنىڭ كەم ئەقىللىق قىلىپ قويۇپ ھەپسىگە كىرىپ قالغىنى ھەممىمىزنى ئۆرتىۋەتتى. لېكىنزە، ھەرقايسىلىرى بولغاچقا ئېغىرىم يېنىك بولۇپ كېتىۋاتىمەن قارىسىلا، مەردانجان بالامۇ «نېمە ئىشلىرى بولسا دېسىلە، مەن ياردەم قىلىمەن» دەپ تۇرىدۇ.

— بىزدىچۇ «قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول» دېگەن گەپ بار قارىسىلا، — دېدى مايسىخان چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى ئايخېنىمغا چاندۇرماي، — قوشنا بولغاندىكىن بىر تەرەپتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىلى بولمايدىكەن، بۇنچىلىك ئىشلارغا ئۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، قىزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىگە سېلىۋېلىپ ئاچچىق يۇتۇپ يېتىۋالسىلا ياخشى بولمايدۇ، قاراپ باقسىلا چىرايلىرىغا، بىزدىن خېلىلا كىچىك ئۆزلىرى، ئەمما...

— بىزدىن بەكرەك قېرىپ كەتتىلە دېسىلە، — دېدى ئايخېنىم ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا، — بۇنداق ئىش ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدىكەن كىشى، مېنىڭچۇ دەرد مۇشۇنداق قىلىۋەتتى دەرد...

— دەرد دېگەن بىر ئاپەت، قوشنام، — دېدى مايسىخان ئۇنىڭ قولىنى يېنىك سىلاشتىن توختاپ، — دەرد دېگەننى بەزىدە ئۆزىمىز، بەزىدە باشقىلار بىزگە يۈكلەپ قويىدۇ قارىسىلا، ئۇنى ئىچىمىزگە سېلىۋالماي تاشلىۋېتىشنى بىلەلىسەكلا بۇ دەردلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، دەرد تارتىش دېگەنچۇ جانغا ئېكەك سالغاندەك بىر

ئىش، بولىدىغان ئىش بولدى، شۇڭا كەچكىچە ئاھ ـ ۋاھ دەپ ئۆزلىرىنى تۇگەشتۇرگەننىڭ ھېچ پايدىسى يوق، بۇ كۇنلەرنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنسىلە، بىز ياردەم قىلىدىغان بىرەر ئىش بولسا تارتىنماي دېسىلە، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردىمىمىزنى ھەرگىز ئايىمايمىز.

ئايخېنىم بۇ ئۆيگە بايا تارتىنىپ ھەم قورۇنۇپ كىرگەن بىلەن مايىسخاننىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىزغىن ئەھۋال سوراشلىرىدىن بىر خىل يېقىنچىلىقنى سېزىپ ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشتى ـ دە، مەقسىتىنى ئېيتتى:

ـــ سىلىنى يوقلاپ كىرىشىم،ـــ ئايخېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلدى،ـــ مېنى ئاشۇ ئورۇمچى دېگەن يەرگە ئاچىقىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن قىزىمنى يوقلاش ۋاقتىنى بىرنەچچە قېتىم كېچىكتۈرۈۋەتتىم قارىسىلا. قىزىم تۇتۇلۇپ كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە پەقەتلا مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ، شۇ تاپتا قىزىم كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتى. ئەمما، ھەر كۇنى دېگۈدەك چۈشلىرىمگە كىرىپ بىر دەردىمگە مىڭ دەرد قوشۇۋاتىدۇ دېسىلە. مېنى بىرەر قېتىممۇ كېلىپ كۆرۈشۈپ قويۇشقىمۇ يارىمايۋاتىدۇ، دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. شۇڭا ھەرقايسىلىرىغا مۇشۇ مەسلىھەتنى قىلغىلى كىرگەنىدىم، مۇشۇ ئىشتا ياردەم قىلىپ بىر بەختسىز ئانىنىڭ دەردىگە يېتىپ قويسا دېگەن ئۈمىدتە كىرگەنىدىم.

مەردان بۇ گەپتىن ئايخېنىمنىڭ ئۆزىنى دەپ

كىرگەنلىكىنى بىلدى، ئايخېنىمغا ماقۇل جاۋابىنى كىم بېرەركىن، دېگەن نىيەتتە دادىسىغا قارىدى، لېكىن ناسىرجان بۇ ئىشقا ئىپادە بىلدۈرۈش تەس كېلىۋاتقاندەك چىرايىنى بىرقىسما قىلىپ ئولتۇراتتى، مايىسخان ئۆزىدىكى دېلىغۇللۇقنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئايخېنىمغا تەسەللى بەرگەچ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياش تۆكتى.

— ئۆزلىرىنى بۇنداق قىينىمىسىلا، قوشنام، — دېدى مايىسخان ئايخېنىمنىڭ ئاچچىق يىغا تەسىرىدىن تىترەپ كېتىۋاتقان قولىنى چىڭ تۇتۇپ، — بۇ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ئاچچىق يۇتۇۋالسىلا كېسەلچان بولۇپ قالىلا، سىلى ئۆزلىرىنى مۇنداق تاشلىۋەتسىلە ئاۋۇ ئىككى بالا قانداق قىلىدۇ؟ بۇنى ئويلىمىسىلا يەنە بولمايدۇ، ئۇرۇمچىگە بارىدىغان ئىشتا ئۇنىڭمۇ يولى بولۇپ قالار، هازىرغۇ قاتناشلار بەك ياخشى بولۇپ كەتتى، بارىمەن دېگەن يەرگە هەمراهسىزمۇ بارغىلى بولىدۇ. بارىدىغان يەر ئېنىق بولغاندىكىن خاتىرجەم يولغا چىقسىلا، ئىشقىلىپ، بالىنى بىر قېتىم كۆرۈپ كېلىدىغان ئىشنى ئەمدى كەينىگە سۈرمىسىلە، بولمىسا جەۋھەر قىزنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كېتىدۇ.

— دادام مەن بىلەن بىللە چىقاي دېۋىدى، مەن ئۇنىمىدىم قارىسىلا، — دېدى ئايخېنىم كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، — دادام مۇشۇ نەۋرىسى بۇ بالا - قازاغا ئۇچراپ ھەپسىگە كېتىۋىدى، بىردەمدىلا يۈرىكى تىترەپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئالمادىس ئۇ يەرگە چىقىپ بالا بىلەن كۆرۈشكەندە بىر ئىش بولۇپ قالسا بۇ دەردنى نەدە تارتىپ يۈرىمەن. ئاپامنى بىللا، زىققە بىلەن

ئاغرىغىلى بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى، ئازراق يول ماڭسىلا دېمى كېسىلىپ ماڭالمايلا قالىدۇ، قېرىنداشلىرىمنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار، شۇڭا بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ ئالدىلىرىغا كېلىۋىدىم. مەردانجان بالام سوت ئېچىلغان كۈنلەردە مېنى بىللە ئاپىرىپ ئەكېلىۋىدى، ئالەمچە خۇش بولدۇم. «بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى كۆپ» دېگەن گەپ بار، ئالىمادىس يولدا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىپ ئۇنى كۆرەلمىسەم قانداق قىلارمەن،— ئايخېنىم ئەمدى گەپىنىڭ پوسكاللىسىنىلا دېدى،— شۇڭا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كىردىم، جېنىم قوشنام، بۇ قېتىم مەردانجان بالامنى شۇ يەرگە ھەمراھ بولۇپ ئاچىقىپ كەلسۇنمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، بالىنىڭ يول كىراسىنى، ياتاق، تامىقىنى مەن كۆتۈرگەن بولسام، مەردانجان بالامنى ئىككى كۈنلۈكلا بەرگەن بولسىلا، مېنى شۇ يەرگە ئاچىقىپ قىزىم بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشتۈرۈپ كەلگەن بولسا. ئاتام كۆرمىگەن شەھەرگە يالغۇز بېرىشتىن راستىنىلا قورقۇۋاتىمەن، جېنىم قوشنام، مۇشۇ ئىشتا ياردەملىرىنى ئايىمىغان بولسىلا، بۇ ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار...

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بىزنىڭ مەردانجانىمۇ ئۈرۈمچىگە چىقىپ باقمىغان تۇرسا،— دېدى مايسىخان دەرھاللا ئىنكاس قايتۇرۇپ،— سىلى خاپا بولماي يول بىلىدىغان ئادەمدىن بىرەرسىنى تېپىپ...

— بولدى، ئاپا،— دېدى مەردان دەرھال ئانىسىنىڭ

سۆزىنى بۆلۈپ، — ئايخېنىم ئاچمىزنى بۇ قېتىم مەن ئاچىقاي، ئەمدى گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرۇۋەرمەيلى. ئايخېنىم ئاچا، ئۆزلىرى تەييارلىقلىرىنى قىلىۋەرسىلە.

— ۋاي رەھمەت، بالام، — دېدى ئايخېنىم مەردانىنىڭ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا، — مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ھەر ۋاق نامىزىمدا سىلىگە دۇئا قىلىمەن، بىر جانلىرىغا خۇدايىم مىڭ جان بېرەر، يوللىرى ئوچۇق، دۈشمەنلىرى تاق، دوستلىرى جۈپ بولار، خۇدايىم ئۆمۈرلۈك بەختلىرىنى بېرەر...

مەردانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى گەرچە بۇ ئىشقا قارشى چىقمىغاندەك قىلغان بىلەن، ئايخېنىم رەھمەت ـ تەزىمدىن نەچچىنى دەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار سۆز تۇغىنىنى بىراقلا ئېچىۋەتتى.

— ساراڭمۇ سەن، — دېدى مايسىخان ئايخېنىمنى ئۇزىتىپ كىرىپلا مەردانىنى بىلىكىدىن تارتىپ سىلكىشلەپ تۇرۇپ، — سەن يا ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولمىساڭ، جەۋھەر بىلەنمۇ ھېچبىر ئالاقەڭ قالمىغان تۇرسا نېمىشقا ئۇ ئايالنى مەن ئاچىقاي دەپ مەيدەڭگە مۇشتلايسەن؟ بىلىپ قوي، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى يوقلاپ كېلىشنىڭ ساڭا زىيىنى تەگسە تېگىدۇكى، پايدىسى تەگمەيدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئاپا؟ — دېدى مەردان ئاپىسىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — جەۋھەر بىلەن مەن مۇشۇ مەھەللىدە بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز دېگەن ئۆزۈن يىللىق قوشنا. ئاشۇ بىچارە مەزلۇمنىڭ تۇرقىغا قاراپ باقە، كىم ئۇنى ئەمدىلا قىرىققا كىرگەن ئايال

دەيدۇ، بالا دەردىدە تولغىنىپ بىر كېچىدىلا ئون يىگىرمە ياش قېرىپ، پىلىكىدىن ئايرىلغان سويىمىدەك قورۇلۇپلا كەتتى. ئەمدى قىزى قاتىل بولدى دەپلا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشتىن باش تارتساق بۇ ئادەمگەرچىلىككە توغرا كېلەمدۇ دەيمەن، ئۆزۈن يىللىق قوشنىمىزنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەر كېلىپ بىزنى كۆڭلى تارتىپ ھال ئېيتىپ ياردەم سوراۋاتسا بىر ياقتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق قاملىشامدۇ، ئاپا بۇ ئىشتا سەن ئوبدانراق ئويلىنىپ گەپ قىل، ئەدناسى بىزدە ئۆزۈن يىللىق قولۇم - قوشنىدارچىلىقنىڭ بولىسىمۇ يۈزىنى قىلىپ قويۇش ھەققىمىز باردۇ؟!

— ۋاھ، سەن ھازىر ئاجايىپ سۆزمەن بولۇپ كېتىپسەن - ھە، — دېدى ناسىرجان تىلىنىڭ ئاستىغا تاشلىغان ناسنى كىگىزنى قايرىپ بۇلۇڭ تەرەپكە قارىتىپ چىرتىندە تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — قارىغاندا سەن خېلىلا چوڭ ئادەم بولۇپ قالغان ئوخشايسەن، ئەقلىڭنىڭ زىيادىلىكىنى دېمەيسەن تېخى، مانا قارا، باغرىڭمۇ پاقلاننىڭ گۆشىدەك يۇمشاپ كېتىپتۇ، ئەمدىلا يىگىرمىگە كىرگىنىڭگە باقماي قولۇم - قوشنىدارچىلىقتىن، ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ گەپ ئاچىدىغان بولۇپ قاپسەن، يۈرىكىڭنىڭ مۇشۇنداق يوغىناپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئاخشام بىرەر يەردە يولۋاس ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى يەۋالغان ئوخشايسەن - ھە، — ناسىرجاننىڭ ناھايىتى ئاچچىق تەنە سۆزلىرىدىن مەردان ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى، — قولۇم - قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىشنى مەنمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىلىپ قوي، سەن ياردەم

قىلىمەن دەپ مەيدە مۇشتلاۋاتقان بۇ ئىش ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر قاتىلغا بېرىپ تاقىشىدۇ، بۇنى ئوبدان بىلىدىغانسەن؟ بۇ خۇن دەۋاسىغا چېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى «قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز» دەپ جار سېلىشىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەن ئۇ خوتۇننى باشلاپ تۈرمىگە بېرىپ كەلسەڭ شۇ خەقلەر نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ «مۇشۇ قىزدا بىرەر ئىشى بولمىسا نېمىشقا يوقلايدۇ» دەپ ئەتىلا ئۈستۈڭدىن بىرمۇنچە گەپ چىقىدۇ ياكى ئۇلار ساڭا چاڭگال سېلىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ ئويلىنىدىغان چېغىڭ كەلدى، ئەگەر ئۈستۈڭدىن پىتنە ـ پاساتلار تارقالسا سەن قانداق كۈنگە قالىسەن؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ بىز خەقنىڭ ئىشىكىگە قىز سوراپ قانداق بارالايمىز؟ ئۇلار بىر قاتىل قىز بىلەن مۇناسىۋىتى بار سەندەك بىر ئادەمنى يارىتامدۇ؟ بىز بۇ مەھەللىدە قانداقمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمىز، بۇلارنى ئويلاپىراق ئاندىن گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋال، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بىر قاتىلنى يوقلاپ كېلىشكە ھازىر كىم جۈرئەت قىلالايدۇ ـ ھە؟!

ــ مەن جۈرئەت قىلالايمەن، ــ دېدى مەردان قەتئىيلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ــ ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم يېقىن دوستۇم، ــ ئۇ يەنە: «ئۇ مەن ئۆمۈر بويى سۆيۈشكە ئەھدە قىلغان قىز، ئۇنى يوقلاش ۋىجدانىي بۇرچۇم» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، دادىسىنىڭ تاتارغان چىرايىغا قاراپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

ــ نېمە دېدىڭ؟ ــ ناسىرجان تامدەك تاتىرىپ كاڭنىڭ قىرىغا لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى، شۇ تاپتا مېڭىسى

چاراسلاپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ئوغلى ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنداپ كېلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بالا ئىدى. ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىگە قارشى گەپ قىلىشى ناسىرجاننى خېلىلا چۆچۈتۈپ قويۇۋاتاتتى.

— بالام، سەن داداڭغا گەپ ياندۇرۇۋاتامسەنغۇ؟ — مايسىخان ناسىرجاننىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىپ ئاخىرىنى چۈشۈرمەيلا ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا ئوغلىغا قاراپ قولىنى سىلكىدى، — داداڭ ساڭا بىر چىرايلىق نەسىھەت قىلىۋاتسا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماقتا يوق، باشباشتاقلىق قىلىشقا پېتىنىۋاتامسەن، ئۇقۇپ قوي، ئۇ سېنىڭ داداڭ! سەن ئۇچۇن بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرغان داداڭ جۇمۇ... سېنى مۇرىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ مەھەللىلەرنى چۆرگۈلەتكەن، كۆزۈڭدىن ھازىرغىچە تامچە ياش ئاققۇزمىغان، «كەنجەم ياخشى ئوقۇۋالسۇن» دەپ ئاكىلىرىڭنى ئېتىز ئىشىغا سالغان، مۇشۇ يېشىڭغىچە ھېچنېمىدىن غېمىڭ يوق چوڭ قىلغان ئادەم مۇشۇ، ئەمدى بولغاندا داداڭغا گەپ ياندۇرغۇدەك بولدۇڭما؟!

— بۇنى ئۇقىمەن، — دېدى مەردان غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دېگەن دادىسىغا قاراپ، — سىلەر ماڭا دائىم: «بالام، باشقىلار قىيىنچىلىقتا يولۇققان چاغدا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر، باشقىلارغا سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىساڭ سەنمۇ ئاشۇنداق سەمىمىيلىككە ۋە ياردەمگە ئېرىشەلەيسەن» دەپ تەربىيە بېرەتتىڭلارغۇ؟ ئۇزۇن يىللىق قوشنىمىز قىيىنچىلىققا

ئۇچراپ ئالدىڭلارغا ياردەم سوراپ كىرسە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار بولامدۇ زادى؟ قېنى سىلەر ماڭا ئۆگەتكەن ئەخلاق؟ ئەخلاقمۇ ئىككى تەرەپلىمىلىك بولىدىغان ئوخشىمامدۇ، زادى سىلەرنىڭ قايسى گېپىڭلار توغرا؟

— بۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىشقا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش مەسىلىسى، — دېدى ناسىرجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ياردەم دېگەن ياردەم، ئەگەر ئۇ قىيىنچىلىقتا قالسا بىز ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم قىلىمىز. لېكىن، جىنايەتچىنى يوقلاش مەسىلىسىدە ئويدانراق ئويلانمىساق بولمايدۇ، كېيىن «ئىسسىت، بارمىغان بولسام بوپتىكەن» دەپ يوق ساقالنى تۇتاملىغان بىلەن ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، سەن بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە كىرگەن ئادەمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلسۇال، ئۇنداق ئادەملەر مەڭگۇ ئەلنىڭ نەپرىتى ئاستىدا ياشايدۇ. سەن ئاشۇنداق لەنەتكە قالغان جىنايەتچىنى يوقلايمەن دەپ ئانىسى بىلەن بىللە ماڭساڭ خەق نېمە دەيدۇ؟ «قاتىلنىڭ ئاپىسىنى تۈرمىگە ئاپىرىپ كەپتۇ، قارىغاندا ئۇنىڭ قىزى بىلەن بىرەر چاتىقى بار ئوخشايدۇ، كىم بىلىدۇ، مۇشۇ قاتىللىقنى مەردان پىلانلىغانمۇ تېخى» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقاتماي قالامدۇ؟ سەنزە، بۇگۇن ئەقلىڭ دۆمبەڭگە چىقىپ قالغاندەك گەپلەرنى قىلىسىنا؟ شۇڭا قىزىقانلىقىڭنى تاشلا، چىقمەن دېگەن نىيىتىڭدىن يان.

— ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ قىزى، — دېدى مەردان يەنىمۇ قىزىشىپ، — بۇ ئىشقا ئانىسىنى

چېتىۋالساڭلار قانداق بولىدۇ؟ سېنىڭ كېپىڭچە بولغاندا بىز «بۇ قاتىلنىڭ ئاپىسى، بۇنداق ئادەمدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەن سەپسەتە بويىچە ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق بولىدىكەن ـ دە. بۇ قانداق ئەخلاق بولىدى ئەمدى، دادا، هازىر سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردىكى هېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلمەسكە كەتتى، دادىسى ئۇنسۇر بولسا بالىۋاقىسىنىمۇ چېتىپ كۈرەش قىلىدىغان...

ــ سەن...ــ ناسىرجان ئوغلىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ ئۇنى ئۇرۇشقا كۆتۈرگەن قولىنى ئاستا چۈشۈردى. چۈنكى، بۇ گەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگكەنىدى. ئەينى چاغدا ناسىرجان ئىنقىلابنى ناهايىتى ئوبدان قىزىتقان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ هەر خىل كۈرەش يىغىنلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ گۇڭشې تەۋەسىدىلا ئەمەس، ناهىيە تەۋەسىدىمۇ «ناسىر سىلىڭ» دەپ داڭ چىقارغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ «تۆت خىل ئۇنسۇر»لارنى كۈرەش قىلغاندا نۇتۇق سۆزلەش تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنى ئۇنسۇر بولغىنىغا تويغۇزۇۋەتكەچكە قارىسىنى كۆرگەن كىچىك باللارمۇ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتەتتى. ناسىرجان «تۆت خىل ئۇنسۇر»لارنىڭ ئاياللىرى، هەتتا باللىرىغىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغاچقا هەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭا، ئۇ يېزىلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىرنەچچە قېتىم ماختىشىغا، هەتتا تەقدىرلىشىگىمۇ سازاۋەر بولۇپ، «ناسىر سىلىڭ» دېگەن نامى ئىنقىلاب ئاخىرلاشقىچە ساقلاپ كەلگەنىدى.

ناسىرجان تازا كىرىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ھوقۇقنىڭ كۈچىنى بىلگەنىدى، «ھوقۇقنى بىزدەك كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى تۇتۇشى كېرەك، شۇڭا ئەترەت كادىرلىرىنى تاسقىشىمىز لازىم» دەپ بىر مۇنچە لەشكىرىنى كەينىگە سېلىپ شوئار توۋلاپ ھالىلىق ئوتتۇرا دېھقاننىڭ ئوغلى مەمەتجاننى ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىدىن قالدۇرۇپ ئۆزى بوغالتىرلىقنى قولغا ئېلىۋالدى. شۇ چاغلاردا ئۇ خېلىلا يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ «ناسىر سىلىڭ» دېگەن نامى ناسىرجان بوغالتىرغا ئالمىشىپ ئوبدانلا نام قازانغانىدى. ئىنقىلاب ئاخىرلىشىپ ئىشلار بىر ئىزغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۇ بوغالتىرلىقتىن چۈشۈپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلىۋاتقان چاغلاردا ئەترەتنىڭ تېيىن چاغلىق نەرسىسىگە كۆز قىزارتمىغان بولغاچقا دېھقانلار يەنىلا ئۇنى سايلاپ تۇرۇۋېلىشتى. كېيىن يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ ئەترەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى شەخسلەرگە بېرىۋېتىلگەچكە ئۇنىڭغا ئەترەتتە قىلىدىغان ئىش قالمىدى، چۈنكى كەنت باشلىقى ئەترەتلەرنى باشقۇرىدىغان بولغاچقا ئەترەتلەر كەنتكە قاراشلىق مەھەللىلەرگە ئۆزگەرگەنلىكتىن ئەترەتتە بوغالتىرنىڭ رولى يوق ئىدى.

«ھەسسىنە!ــ دەپ بارمىقىنى چىشلىگەنىدى ئۇ شۇ چاغدا،ــ بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام بىراقلا داۋىنىڭ باشلىقلىقىنى تارتىۋالسام بوپتىكەن، ئۇ چاغدا مەن كەنت باشلىقى بولاركەنمەن.» لېكىن، كىشىلەر ئۇنى بوغالتىرلىقتىن قالغان بولسىمۇ يەنىلا ناسىرجان بوغالتىر دەپ چاقىرىۋەردى. مانا ئەمدى «يىغا ياندىن، بالا

قىرىنداشتىن» دەپ پۈشتىدىن بولغان ماۋۇ ئوغلى كونا يارىسىنى تاتىلىغىنى...

— دادا، ئاچچىقلانىما، — دېدى مەردان دادىسىنىڭ بوزىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — مەن قەستەن يېغىرىڭغا تەگمەكچى ئەمەستىم، بىراق «قاتىلنىڭ ئاپىسى بىلەن ماڭساڭ بولمايدۇ» دېگەن گېپىڭ تازا قاملاشمىدى، ئاق - قارىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ - دە، بىزدە «ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ...

— بولدى، زۇۋانىڭنى يىغ! — دېدى ناسىرجان خۇددى قوقاستا ئولتۇرۇۋالغاندەك سەكرەپ، — سەن تېخى ماڭا ئەقىل ئۆگەتكۈچى بولدۇڭما؟ ۋۇ ئۆزى چوڭ بولۇپ قالغان شۇم، مېنىڭ سەندەك بىغەرەز ئوغلۇم يوق، كۆزۈمدىن يوقال، ئەمدى ماڭا كۆرۈنگۈچى بولما.

ناسىرجان قولىنى شىلتىپ ئوغلىنى يەۋېتىدىغاندەك ئالايغان ھالدا كاڭنىڭ قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى، شۇ تاپتا ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى. بۇ گەپتىن داڭ قېتىپ قالغان مەردان ئۆزىنىڭ نېمە گەپنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلمەي دادىسىنىڭ غەزەپتىن تاتارغان چىرايىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى.

— دادىسى، — دېدى مايسىخان ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ قالغان ناسىرجاننىڭ يېنىغا كېلىپ، — كىچىك بالىغا مۇنداق ئېغىر گەپ قىلمىسىلا، ئۇنىڭغا مەن تەربىيە قىلاي، ئاچچىقىم كەلدى دەپلا ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسىلە ئۇ نەگە بارىدۇ؟ ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىساق بولماس.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ بالاڭ دادىسىغا ئېغىر گەپ

قىلسا بولىدىكەن ـ دە، ئۇ ماڭا بالا ئەمەس، بېشىمغا كەلگەن بالا بولدى.

— مەن ئۇنىڭغا تەربىيە قىلاي، سىلىمۇ ئۆپكىلىرىنى باسسىلا...

— بولدى، سەنمۇ يىغ زۇۋانىڭنى!— دېدى ناسىرجان ئايالىنى سىلكىپ،— يەنە مۇشۇنداق كاڭشىيدىغان بولساڭ ھەر ئىككىڭنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

مايسىخان ئېرىنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىنىشىنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى، ئۇ تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۆي ئىچى خۇددى سىبىرىيەنىڭ سوغۇقى يېتىپ كەلگەندەك مۇزلاپ كەتكەندى.

ناسىرجان تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يانچۇقىدىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، ئالىقىنىغا بىر چېكىم ناسنى تۆكۈپ تىلىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى. مەردان ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە قىيمىدىمۇ ياكى ئانىسىنىڭ «ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتسىلە نەگە بارىدۇ؟» دېگەن سۆزى تەسىر قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئىشىك تۈۋىدە قويۇلغان كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چىرايى تاتارغان ھالەتتە دادىسىغا قاراشقا پېتىنالماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈن دادىسىغا يېنىپ سەل ئاشۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما جەۋھەرنى كۆرۈش ئىستىكى غالىب كەلگەندى. ئەگەر جەۋھەر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ توينىڭ تەييارلىقىنى قىلغان بولاتتى، بۇ گۈزەل ئارزۇ ئەمدى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. جەۋھەردەك چىرايلىق، ئىشچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدىغان بولدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر قاتىل قىزنى ساقلاش، ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىش خۇددى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىشنى خىيال قىلغاندەكلا بىمەنىلىك... ئۇنى ئاتىمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ يىگىرمە - ئوتتۇز يىلسىز ھەرگىز تۈرمىدىن چىقالمايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆرۈمچىگە بىللە ئاچقىش پەقەت چىرايلىق ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مەرداننىڭ ئويلايدىغىنى جەۋھەرنى ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش، مۇھىمى، قاتىللىقنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلىش ئىدى. «دادام بۇنىڭغا نېمانچە چېچىلىپ كېتىدۇ؟ ھەي جەۋھەر، نېمىشقىمۇ بۇنداق قامالاشمىغان ئىشنى قىلغانسەن، ئۇنىڭغا پىچاق كۆتۈرگىچە تۇقماق كۆتۈرسەڭ كاشكى، مانا ئەمدى ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، ئۆيۈڭدىكى ئۈچ جاننىمۇ سەرسانلىق كوچىسىغا تاشلىدىڭغۇ...»

مايىسخان ناسىرجان بىلەن ئايرىم پاراڭلاشماقچى بولۇپ ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئوغلىنىڭ قىلىقىدىن ئوڭايسىز كەيپىياتنى قانداق ئوڭشاشنى بىلەلمەي شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قارىدى ھەم ئۇنى سىرتقا چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلدى. مەردان ئانىسىنىڭ بىرەر ئەقىل تاپقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ ئىشىكنى ياپتى - يۇ، ئانىسىنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ ئۆيدىكى تىۋىشقا قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بەكلا ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە چوقۇم دادىسىنى قايىل قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئايخېنىمغا

ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا يول قويىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

ــ دادىسى، ــ دېدى مايسىخان مەردان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرغان ناسىرجاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ سىلى بىلمەيلا، مەردان ئەسلىي بۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىلى ئىككى يىلغا يېقىنلىشىپ قاپتىكەن، ئەگەر بۇ ئىشلار بولمىغان بولسا بىز ئايخېنىم بىلەن قۇدا چۈشۈپمۇ قالاتتۇق. مانا ئەمدى مۇشۇنداق چوڭ ئىش چىقىپ بالىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ قالغان بىلەن مۇھەببەتلىك كۆڭلى تېخىچە بار دېگەن گەپ. سىلى مۇشۇ رەھمەتلىك توخنىيازئاخۇن بىلەن چېقىشىپ بىر گەپلەرنى قىلغاندا نېمىلەرنى دېيىشىمىگەن؟ شۇ چاغدا سىلى ئۆيگە كىرىپ: «ھەي، ھازىرقى ياشلارغا بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدىكەن جۇمۇ، ئۇلار خوتۇن ئېلىش ئىشىدا بىز ئويلىغاننى زىنھار ئويلىمايدىكەن، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ بىرقىسما بولۇپ قالدىم. مۇھەببەت تۇتۇش دېگەن ئاشۇنداق تاتلىق ئىش بولىدىغان بولسا بىزمۇ ئاجرىشىپلا قايتا مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپ باقامدۇق ـ يە» دېگەن چاقچاقنى قىلغانلىرى يادىلىرىدا باردۇ؟ ھالا ئۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئوغۇللىرى دەل ئاشۇ توخنىيازئاخۇندەك كۈنگە قالغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توخنىيازئاخۇننىڭ قىزىغا ئاشىق ـ بىقارار بولغىنىنى دېمەملا، شۇڭا مېنىڭچە بالىنىڭ مۇشۇ بىر قېتىملىق تەلپىگە ماقۇل دەيلى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن بېشى باغلانمىغان تايدەك چاپچىپ تۇرغان تۇۋاقلىرى

قىزىشتىن توختايدۇ، قىزىقى تۇگىسە ئۇمۇ باشقا بىرەرسىگە كۆز تاشلايدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئەمەس، بولغۇسى ئايالىلا ئۇنى بۇ يولدىن توسۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.

ناسىرجان ئايالىنىڭ گەپلىرىنى خۇشياقمىغاندەك ئاڭلىغىنى بىلەن ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ قىزغا كۆڭلى بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مەردانىنىڭ ئايخېنىمنى ئىككى قېتىم ناھىيەدە ۋە شەھەردە ئېچىلغان ئوچۇق سوتقا ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ بۇنى پەقەت قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ قاتىل قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكىنى چىقىپ قالدى، ئەھۋال مۇرەككەپلەشكىلى تۇردى، «هازىرقى ياشلار ياخشى كۆرگەن قىزى ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشتىن يانمايدۇ، مايسىخاننىڭ تەھلىلى توغرىدەك قىلىدۇ.» ناسىرجاننىڭ يادىغا ئايخېنىمنىڭ تويى بولۇۋاتقان چاغدىكى بىر ئىش كەلدى...

ئۇلارنىڭ تويى گەرچە تۇرمۇش غورىگىلىرەك ئۆتۈۋاتقان چاغلارغا توغرا كەلگەن بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. كېچىچە بولۇۋاتقان مەشرەپكە پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىۋالغاندەك ھېسامىدىن ھارۋىكەشنىڭ ئۆيلىرى لىق توشقاندىن باشقا، ھويلىغىمۇ چىراغ تارتىلىپ، بۇ يەردىمۇ بىر يۈرۈش سازچىلار يەرلىك مۇقاملارنى تۇۋلاشقا چۈشكەنىدى. ھەرقانداق تويلاردا ھاپىزلار قاتاردا داپ چېلىپ ناخشا تۇۋلاپ يۈرگەن توخنىيازنىڭ تويى بولۇۋاتقان بولغاچقىمىكىن، مەشرەپ ئاخىرلىشاي دېمەيتتى. يەڭگىلەر نەچچە قېتىم گەپ

ئېيتقۇزۇپ، چوڭلار سۆلھى ـ سالا قىلىپمۇ سورۇندىكىلەرنى تارقىتىۋېتەلمىدى، ياشلار تۇرماق چوڭلارمۇ «مەشرەپنى تاڭ ئاتقۇچە ئوينىمىساق ھېساب ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

ناسىرجان ئۇ چاغلاردا ئەترەتنىڭ بوغالتىرى بولۇپ، بۇ تويغا ئەترەتنىڭ مېلىدىن بىرنى سويدۇرۇپ، ھېسابىنى يىل ئاخىرىدىكى تەقسىماتتىن ئېلىش شەرتى بىلەن ئەكەلگەچكە تويغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى گۆشتىن نېپىز تېگىشكەنىدى. مەشرەپ ئەھلى تويدىن قايتمىشقا رايى بارماي قانغۇچە ئويناشقا ئىرادە قىلىشقاندەك سازچىلارغا ساز چالغۇزۇپ ئۇسسۇلنىمۇ چۇشمەي ئوينىشاتتى. ناسىرجان بوغالتىرمۇ بۇ مەشرەپنى تاڭ ئاتقۇچە ئويناش تەرەپدارى ئىدى، شۇڭا ئۇ بىرىم كېچىدىن ئاشقاندا تەرەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئۇ ھويلىنىڭ كەينىدىكى ھاجەتخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يول ياقىسىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

ـــ كىم سەن؟ــ دېدى ئۇ ئۈجمىنىڭ قاتتىق قاسراقلىق غولىغا يۆلەنگەن ھالدا تۇرغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ـــ مەن،ــ دېدى بىرەيلەن بېشىنى يان تەرەپكە بۇراپ.

ـــ مەشرەپكە كەلگەن بولساڭ مەيدانغا كىرمەي بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ــ ناسىرجان ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلىپ ئۇنى تونۇپ قالدى،ــ غەيرەتمۇسەن؟

ـــ ھەئە، مەن غەيرەت،ــ دېدى ئۇ ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ.

— مۇشۇ تويغا كەلگەنسەن ھەرقاچان؟!

— مەن بۇ تويىنى بۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن،— غەيرەت مۇشۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— ھاي، ھاي، ھاي،— دېدى ناسىرجان دەماللىققا بۇ يىغىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي،— بىر چىرايلىق توي بولۇپ، ھەممە خەق خۇشال مەشرەپ ئويناۋاتسا ئۇنى بۇزىمەن دېگىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟

— جېنىم ناسىرجېنىكا،— دېدى غەيرەت بىردىنلا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ،— ئايخېنىم ئەسلى مېنىڭ ئىدى، دادام بۇرۇن ئېغىز ئاچقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت خېتى يازغان، لېكىن ئۇنى ماۋۇ توخنىياز دېگەن ناخشا سارىڭى ئېلىۋالدى، مېنىڭ توخنىيازدىن نەرىم كەم ـ ھە؟ ئۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان بىر تېجىمەلنىڭ ئوغلىغۇ، مەن دېگەن پۇتۇن ـ سۇرۇك بىر كەنتنى باشقۇرۇپ يۈرگەن كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلى تۇرسام، مېنى ياراتمىغىدەك ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئايمىكەن زادى.

— نېمانداق ئەككى بىسلىق گەپ قىلىسەن، ئۇكاموي،— دېدى ناسىرجان ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ،— بايا توخنىيازنى بولۇشىغا تىللىغىنىڭ ئاز كەلگەندەك ئەمدى ئايخېنىمنىمۇ قوشۇپ تىللاۋاتىسەنغۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى قىنىماي يولۇڭغا ماڭساڭ بولىدىكەنغۇ؟

— مەن ئايخېنىمغا خەت يازغان دېدىمغۇ سىزگە،— دېدى غەيرەت قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئاجرىتىپ،— ئۇ خېتىمگە جاۋاب بەرمەيلا توخنىيازغا تېگىۋالدىغۇ، بىر كەنتتىكى شۇنچە ئادەمنى باشقۇرۇپ يۈرگەن بىچارە دادام يوغان بېشىنى كىچىكلىتىپ ئاشۇ ھارۋىكەشكە گەپ

قىپتىكەن، ئۇمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. مەن كىم؟ مۇنۇ توخنىياز كىم؟ ئۇ ناھايىتى ئېلىشىپ قالغاندەك كوچا ـ كويدا ناخشا توۋلاپ يۈرىدىغان، نەدە توي، مەشرەپ بولسا شۇ يەردە يۈندى يالاپ يۈرىدىغان بىر ساراڭغۇ.

ناسىرجان ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆيۈپ قېلىشىنىڭمۇ بىر پارچە ئوتتەك ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىنى يالقۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندى. غەيرەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ باشقا بىرەيلەن بىلەن توي قىلىۋاتقانلىقىدىن باغرى ئۆرتىنىپ خۇددى كىچىك بالىدەك ھېقىدۇپ يىغلاۋاتاتتى. ھويلىدا مۇقاملار ئەۋجىگە چىققانىدى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى ئۇسسۇلچىلارغا مەدەت بېرىپ، «بارىكاللا، ھوششەرە» دېگەن ئالقىش ـ چاۋاكلار ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ــ ماڭا ئەمدى بۇ يۇرت ھارام، ئاكا،ــ دېدى غەيرەت بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئېلىپ،ــ مەن ئەمدى بۇ يەردىن كېتىمەن، ناھايىتى يىراقلارغا، مۇشۇلارنى كۆزۈممۇ كۆرمەيدىغان بىر يەرگە كېتىمەن.

ــ ئۇنداق دېمە، ئۇكام،ــ دېدى ناسىرجان ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتقان ھالدا،ــ قىز بالا دېگەنچۇ بۇ جاھاندا كۆرمىڭ، تاللاپ چېكىپ ئالىسەن خوتۇن دېگەننى. مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ يۇرتنى تاشلاپ كەتكۈلۈكمۇ... سەن كەتسەڭ ئاتا ـ ئاناڭ دەردىڭدە تۇگىشىپ كەتمەمدۇ؟

ــ كارىم يوق، مەن مۇشۇ قىزنىلا ياخشى كۆرەتتىم، ئەمدى باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرگۈدەك رايىم قالمىدى مېنىڭ.

— ئۇنداق دېمە، ئۇكام، بىر قىز بالا ئۇچۇن بۇنچىلىك قىلىش كەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ غالىلداپ تىترەۋاتقان غەيرەتكە تەسەللى بېرىپ، — مانا مەن ساڭا ئىگە بولۇپ ئايخېنىمدىنمۇ چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلاي.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ئاكا، — دېدى غەيرەت ئۇنىڭ قولىنى دولىسىدىن چۇشۇرۇپ، — مۇشۇ گۇيلارنىڭ تويىنى هازىغا ئايلاندۇرۇۋېتەي دەپ كەلگەنىدىم، لېكىن قولۇم بارمىدى، مۇنداق قىلسام ئەلنىڭ كۆزىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەنمەن، نامەردلىك قىلغان بولىدىكەنمەن، شۇڭا نىيىتىمدىن ياندىم، ئاكا.

— نېمە قىلماقچىدىڭ، ئۇكامويۇ؟ — دېدى ناسىرجان ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن سەل ئۈركۈپ.

— نېمە قىلاتتىم، — دېدى غەيرەت هويلا تېمىغا يانداش سېلىنغان سامانلىقنى كۆرسىتىپ، — ماۋۇ سامانلىقىغا ئوت قويۇۋېتەتتىم، مۇشۇنداق قىلسام تالڭ ئاتقۇچە مەشرەپ ئوينايمىز دېگىنىگە تويىتتى، — دېدى غەيرەت هويلا تېمىغا ياندىش سېلىنغان سامانلىقنى كۆرسىتىپ.

ناسىرجان خۇدۇكسىرىگەن هالدا سامانلىقتا هەم چاتقاللار بېسىلغان ئۆگزىگە قاراپ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى، قىيا - چىيا قىلىپ قېچىشىۋاتقان مەشرەپ ئەهلى كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— مەن كېتەي، ئاكا، سىلەر ئويناۋېرىڭلار تويۇڭلارنى، لېكىنزە مېنىڭ بۇ يەردە ياش تۆكۈپ تۇرغىنىمنى ئىنس - جىن تۇيمىسۇن جۇمۇ، ئاكا.

— ھېچكىمگە دېمەيمەن، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىما، ئۇكام، يۇرتتىن كېتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما.

غەيرەت ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ شۇ يوقالغانچە ئون ئىككى يىل بۇ يۇرتقا قەدەم باسمىدى. دادىسى مەتتۇرسۇن ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاغرىقچان بولۇپ يېتىپ قالغاچقا ئەزالار باشقا بىرەيلەننى كەنت باشلىقى قىلىپ سايلىۋېلىشتى. ئون ئىككى يىلدىن كېيىن غەيرەت يەنىلا شۇ بويتاق پەدىسىدە قايتىپ كەلگەنىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كاۋاپچىلىق قىلىپ يۈرگەنمىش، شۇ يەردە بىر قىز بىلەن تېپىشىپ توي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېلىشەلمەي ئاجرىشىپ كەتكەنمىش.

ئۇ قايتىپ چىققاندا توخنىياز قاتناش ۋەقەسىدە تۈگەپ كېتىپ ئايخېنىم ئىككىنچى ئېرى داۋۇتنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتاتتى. غەيرەت ئايخېنىمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قۇمتۇراغا بېرىپ ئۇنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ئۇرۇمچىدە تىجارەت قىلىمەن، دەپ يەنە يۇرتتىن چىقىپ كەتتى...

ناسىرجان ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ بۈگۈن ئۆزىگە يېنىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. «مەردانىنى مۇشۇ قېتىم يولغا سالساق، سۆيگەن قىزى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالسا خۇددى غەيرەت ئايخېنىمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ سۆيگۈ ئوتلىرى ئۆچۈپ قالغاندەك بۇنىمۇ رايى يېنىپ قالار. جەۋھەرمۇ ئۇنى رەت قىلىشى تۇرغانلا گەپ، چۈنكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش جازاسى بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسقۇ، ئۇنى ئاتمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ مۇشۇ تۈرمىدە چاچلىرى ئاقىرىپ موماي بولغۇچە تۇرۇپ قالىدىغان گەپ، شۇڭا بۇلارنى بىرەر قېتىم كۆرۈشتۈرۈپ قويغاننىڭ زىيىنى يوقمۇ نېمە.»

ناسىرجان ئەنە شۇنداق خىيال قىلىپ ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىل ھېس قىلدى. ئۇ ناسۇال قاپىقىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا بىر چېكىم ناسنى تۆكۈپ، تىلىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى ـ دە، ئۇنى تىلى بىلەن ئويىنىتىپ بىر يەرگە جەملىۋالغاندىن كېيىن مايسىخانغا قارىدى.

— نېمانداق كەكرە چاينىۋالغان ئادەمدەك چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىسەن، ماڭ، ئوغلۇڭنى چاقىر، — دېدى ناسىرجان دومسىيىپ ئولتۇرغان مايسىخاننى نوقۇپ، — ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار مېنىڭ.

— ئۇنى ئۆيدىن قوغلايدىغان ئىشنى قىلىپ سالمىسىلا جۇمۇ، — دېدى مايسىخان ئەنسىرىگەن ھالدا، — بولمىسا بالىنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىپ قويىلا.

— خاتىرجەم بول، كاللامدىن ئۆتتى، ئۇ مۇشۇ بىر قېتىم بېرىپ كەلسۇن، مەنمۇ مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغانلاردىن ئەمەس، رەھمەتلىك توختىياز:

ئاتۇشنىڭ يولى يامان،
توشۇيدۇ ئوتۇن ـ سامان.
نادان بالىلار بىلمەيدۇ،
ھەممىدىن كۆيۈك يامان.

دبگەن ناخشىنى توۋلاپ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتسە كەيىندىن: «ئاشىقلىق سىھرىي جادۇ قىلىنغاندەك ئوتى يامان بىر ئىشكەندە، بىزگە ئاشىقلىقمۇ نېسىپ بولماپتىكەن، مۇھەببەتنى چۈشىنىپ بولغۇچە ئاتىمىز بىزنى ئۆيلەپ قويۇپ بۇنداق سەۋدالارنى بىزگە كۆرسەتمەپتىكەن» دېگەندەك خىياللارنى قىلاتتىم. قارىغاندا بىزنىڭ بۇ بالىدىمۇ شۇنداق بىر كۆيۈك ئوتى باردەك قىلىدۇ، شۇ يەرگە بېرىپ ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈپ كەلسىمۇ كەلسۇن...

— مانا مەن كىردىم، دادا، — ناسىرجاننىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ئىشىك تۈۋىدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان مەردان ئۆيگە كىردى، — مېنى چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت، دادا.

— ۋاھ، قارىغىنە، مايسەم، ئوغلۇڭ تېخى ئىشىك ماراشنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ.

ناسىرجان كۈلدى، باياتىن ئېرىنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىشىدىن تېرىكىپ ئولتۇرغان مايسىخاننىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

بەشىنچى باب

## مەردانىنىڭ ئەرزى

مەردان ئاپتوبۇسقا چىقىپلا يىغىسىنى باشلىغان ئايخېنىمغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى.
— بولدى قىلسىلا، ئاچا، — دېدى مەردان پەس ئاۋازدا، — ماۋۇلار بىزگە قارىشىۋاتىدۇ.
— قىزىم تۇتۇلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشالمىدىم، — دېدى ئايخېنىم ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، — ئۇنى ساقچىلار ئېلىپ ماڭغاندا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، يولنىڭ يىراقلىقىدىن بېرىشقا پۇرسەتمۇ بولمىدى، كۆرۈشۈش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرىدىكەن دېيىشىدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى، نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن.
— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئامال بار ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، سىلى يىغلاپ بەرسىلە جەۋھەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويىلا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ تېزرەك قايتىپ چىقىدىغانىنىڭ يولىنى قىلىش توغرىسىدا نەسىهەت قىلغانلىرى تۈزۈك.
— ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتىدۇ دەپ هۆكۈم قىلغان

تۇرسا، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئېتىۋەتسىمۇ مەيلىدى، كىچىككىنە تۇرۇپ نېمە كەلگۈلۈك بۇ ئەمدى.

— ئىككى يىل كېچىكتۇردى دېگەنلىك ئاتمايدۇ دېگەن گەپ، مۇنداق جازا بېرىلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى ئىشلەپ خىزمەت كۆرسەتسىلا ئون نەچچە يىلدا قايتىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ، شۇڭا كۆڭۈللىرىنى بۇزماي قەددىلىرىنى رۇسلاپ يۈرسىلە، بولمىسا كېسەلچان بولۇپ قالىلا.

— ھەي، نېمىشقىمۇ ئاچچىقىڭغا ھاي بەرمىگەنسەن، قىزىم، — دېدى ئايخېنىم ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، — ھەر قانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ پىچاق كۆتۈرمىسەڭ بولماسمىدى، بۇنداق قىلىشىڭنى بىلگەن بولسام ئېتىزغا بىللە ئاچىقىپلا كېتەتتىكەنمەن سېنى، نېمىشقىمۇ كەم ئەقىللىك قىلغاندىمەن.

— ئاچا، مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆگەي دادىسىغا پىچاق كۆتۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، سوتتا ئۇ بەكلا غەمسىز، پەرۋاسىز كۆرۈندى، خۇددى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەندەك ھەممە گۇناھنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ، ماڭا ئۇ بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى، بولمىسا بىكاردىن - بىكار ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇ؟ جاھاندا سەۋەبسىزلا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىش يوق، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ تۇگۈننى يېشىش ئۈچۈن.

ئايخېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ھەم دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋالدى. ئاپتوبۇس تىك قىيا تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان تاغ ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى،

ئاپتوبۇستىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شېرىن ئۇيقۇغا چۆشكەندى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئىككى ئادەملا جىمجىت ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان مۇشتلاش فىلىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئاپتوبۇس تاغ ئارىسىدا كېتىۋاتقاچقا، سۇرئىتىنى سەل ئاستىلاتتى. ئاسماننى قويۇق بۇلۇت قاپلىغان بولغاچقا ھاۋا سەل سالقىنلاپ قالغانىدى، سالقىن شامال ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ يولۇچىلارنىڭ مەڭزىنى سۆيمەكتە ئىدى.

— نېمە بولدى ئۆزلىرىگە؟— دېدى مەردان سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋالغان ئايخېنىمنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ،— دېگۈلىرى كەلمىسە مەيلى، جەۋھەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار، مەن جەۋھەرنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن، يۇزىگە قونغان چىۋىننىمۇ ئۆلتۈرۈشكە قولى بارمايدىغان ئاق كۆڭۈل بىر قىز قانداقمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قولى بارسۇن.

— بالام، مېنى ئەمدى قىينىمىسىلا... مەن ئۇ ئائىلىگە ياتلىق بولۇپ ئىنتايىن خاتا قىلغان، ھەممە كەلگۈلۈك مۇشۇ ئۆيگە كىرىش بىلەن باشلاندىغۇ، پۇشايماننىڭ دورىسى يوقكەن. بولدىلا، يارامنى تاتىلىمايلى، بالام.

— شۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ ئادەم سىلىگە بەك زۇلۇم قىلغان ئوخشىمامدۇ؟— دېدى مەردان گەپنىڭ نېگىزى باشلانغانلىقىنى پەملەپ،— جەۋھەر كىچىك ۋاقتىدا تازا چۈشەنمىگەن بىلەن چوڭ بولغانچە بۇنى ھېس قىلغان

گەپ، شۇڭا ئۇنىڭدا بۇ خىل زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق كۆچىيىپ ئاخىرى مۇشۇنداق بىر پاجىئەنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان، شۇنداقمۇ؟

— بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئايخېنىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، — ھەممىدىن ھېلىقى لۈكچەك ئوغلى جاپپارنىڭ زۇلمى بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ بىر تەلۋە. ئىچكىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا قولىقىمىز خېلىلا تىنچىپ قالغان، قاچان قايتىپ كەلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ بىزگىلا ئەمەس، پۈتۈن مەھەللىگىمۇ ئارامچىلىق بەرمىدى. ئاخىرى يەنە لۈكچەكلىكىنى قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ تۈرمىدە ياتقان چاغلارمۇ خېلى ياخشى ئىدى، تۈرمىدىن چىقىپلا يەنە ئۆيدە جېدەل قۇرۇمىدى، مانا مۇشۇ سەۋەبلىك قىزىمنىڭمۇ ئارامىنى بۇزدى. ئۇنى بوۋىسىنىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋەتكەن بولسام بۇ ئىشلار يۈز بەرمەسمىكىن دەپمۇ قالىمەن بەزىدە...

ئايخېنىم يەنە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، مەردان ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىدىن جەۋھەرنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. پىچاق سۆڭەككە يەتكەن چاغدا جەۋھەر ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۇنى ئىزدىگەن، لېكىن ئۇ...

مەردانىنىڭ ئېسىگە توساتتىن جەۋھەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن چاغ كەلدى، ئۇ چاغدا مەردان جەۋھەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ تازا نورمال ئەمەسلىكىنى سەزگەندى. ئۇ بىرنېمىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، يىغلاشقا ئارانلا تۇراتتى، مەردان جەۋھەرنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: «مىجەزىڭىز

يوقمۇ نېمە؟ قولىلىرىڭىز مۇزلاپ كېتىپتۇ» دەپ سورىغاندا، ئۇ مەردانىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتكەندى.

— مەردان، جېنىم مەردان، بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاپام ئەرگە تېگىپ خاتا قىلغانىكەن، بۇ ئادەم ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلىپ قالغان چېغى، يۇرۇش - تۇرۇشۇمنىمۇ چەكلەيدىغان بولىۋالدى، ئۇنىڭ ھېلىقى تەلۋە ئوغلى ماڭا بەزىدە تەھدىت سېلىپ پەقەتلا ئارامچىلىق بەرمەيۋاتىدۇ. ئانام بىچارىنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتىدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق بولىۋەرسە ياشىغىنىمنىڭمۇ مەنىسى قالمىغۇدەك.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، جېنىم،— دېدى مەردان جەۋھەرنى باغرىغا چىڭ باسقان ھالدا،— شۇنچىۋالا ئىشلار بولسا نېمىشقا ئۇ ئۆيدىن يېنىپ كەلمەيسىلەر؟ ئۆگەي ئاكاڭ سېنى ئالىمەن دەۋاتامدا؟ بۇ ئوخلاپ چۈشى، سېنى ھەرقانداق ئادەمگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن.

— مېنى ئەمدى بۇنداق قىينىما، مەردان،— دېدى جەۋھەر ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ،— تەقدىرىمىز كاج كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا چېقىر تىكەن چۈشتى، بۇنداق ئەھۋالدا بىز قانداقمۇ بىرگە بولالايمىز؟ ھازىر ئۇلار ئاپامغا نەشتەر سانجىۋاتىدۇ، «قىزىڭنى كۆندۈر، بولمىسا ھەممىڭنى بوغۇزلىۋېتىمەن» دەپ ئاپامنى قورقۇتۇپ پەقەت ئارامىنى قويمىدى. مەن بۇ دىشۋارچىلىقلارغا زادىلا چىدىمىدىم، مەردان، قارىغاندا بۇ دۇنيادىن ئۇنىسىز غايىب بولىدىغان ئوخشايمەن.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە،— دېدى مەردان ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ،— مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن سېنى ھېچقانداق ئادەم بوزەك قىلالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، قەددىڭنى رۇسلاپ يۈر، جەۋھەر. نىكاھ قانۇنىدا ھېچقانداق بىر ئادەم ئىككى ياشنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ دېگەن بەلگىلىمە بار، ئەگەر ئۇلار مۇشۇ سەۋەبتىن سىلەرنى خورلىسا ياكى مەجبۇرلىسا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ياكى ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئەرز قىلساق بولىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى ئائىلە زوراۋانلىقى دەيمىز، ئۇلار چوقۇم جازالىنىشى كېرەك.

جەۋھەر مەرداننىڭ باغرىدا ئىللىقلىقنى، چىن سۆيگۈنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆگەي دادىسىنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئانىسىغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى، جاپپارنىڭ ئۆزىگە خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك تىكىلىپ قاراشلىرىنى، پەيتىنى تاپقاندا ئۆزىگە زەھەرلىك قولىنى سۇنىدىغانلىقىنى ئويلاپ بەدىنى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، جېنىم،— دېدى مەردان ئۇنىڭ تۇيۇقسىز تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ،— توڭلاۋاتامسەن ياكى قورقۇۋاتامسەن؟

— مېنى ياخشى كۆرەمسەن، مەردان،— دېدى جەۋھەر مەرداننىڭ كۆزىگە ئوتلۇق مېھرى بىلەن قاراپ.

— سېنى جېنىمدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، جەۋھەر، ماڭا ئىشەنمەمسەن؟

— ئۇنداق بولسا بىز قېچىپ كېتەيلى، بىزنى ھېچكىم تاپالمايدىغان يىراق يەرلەرگە كېتەيلى، مەردان.

— جېنىم،— دېدى مەردان جەۋھەرنىڭ ياشلانغان

كۆزىگە تىكىلىپ، — مېنىڭچە، قېچىش ياخشى ئىش ئەمەس، ماڭغۇ مەيلى، لېكىن ساڭا ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ يۇرتتا مۇنداق ئىشنى بەكلا ئېغىر ئالىدىغىنىنى ئوبدان بىلىسەن. يەنە بىر ئىش، ئاناڭنى ئويلىمىساڭ بولمايدۇ، سەن قاچقان بىلەن ئاناڭ قايسى كۈنگە قالىدۇ بىلەمسەن؟ ئۆگەي داداڭ ئۇ چاغدا ئاناڭنى بولۇشىغا خورلايدۇ ياكى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئاناڭ نومۇستىن ئۆلمەمدۇ؟

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىلا، بالام؟ — ئايخېنىمنىڭ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سورىغان سوئالى مەرداننى خىيالىدىن ئويغاتتى، ئۇ چۆچۈگەن هالدا ئايخېنىمغا قارىدى.

— هېچنېمىنى ئويلىمىدىم، ئاچا، — دېدى مەردان ئايخېنىمغا كۈلۈمسىرەپ، — ئۆزۈمچىلا خىيالغا پېتىپ قاپتىمەنغۇ تاڭ.

— قارىسام بەكلا جىمىپ كەتتىلە، بالام، — دېدى ئايخېنىم ئۇنىڭغا غەمكىن نەزەردە قاراپ قويۇپ، — مەن هەممىنى بىلىمەن، جېنىم بالام، سىلى هازىر شور پېشانە قىزىم جەۋهەرنى ئويلاۋاتىدىلا. جەۋهەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇنى قىزىم ماڭا دەپ بەرگەنىدى، ئاخىرى خەيرلىك بولماي قالدى بۇ ئىشنىڭ. مانا ئۇ ئەمدى بىردەملىك ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي ئاشۇ هەپىسگە كىرىپ ياتتى، قارىغاندا ئىككىڭلارنىڭ رىزقىنى خۇدايىم قوشمىغان ئوخشايدۇ، بالام...

ئايخېنىم سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئۇنىڭ

بالدۇرلا ئاقارغان چاچلىرى ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كىرگەن شامالدا يېنىك يەلپۈنەتتى، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە ئۇششاق قورۇقلار چۈشكەن بولۇپ، ئۆز يېشىدىن نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئايخېنىم ئۆز ۋاقتىدا مەھەللىنىڭ گۈلى ئىدى. مەردانىنىڭ دادىسى ناسىرجان بۇ ئايالنى تەرىپلەپ: «ئايخېنىم ياش چاغلىرىدا ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىلەردەك گۈزەل ئىدى، توخنىياز ئۇنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا خۇددى ساراڭلەردەك كېچە ـ كۈندۈز ‹ئايخېنىم سۇزۇك چىراي›، دېگەن ناخشىنى توۋلاپ يۈرەتتى، لېكىن رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ بۇ ئايالنىڭ بېشىغا جىق كۈلپەتلەر كەلدى. هازىرمۇ ئۇبدان سەپسېلىپ قارىساڭ چىرايلىقلىقى تېگىدىن بىلىنىدۇ. قىزى جەۋھەر دەل ئانىسىنىڭ چىرايىنى تارتىپ چىرايلىق قىز بوپتۇ، بۇ قىزغا كۆزى يامان ئادەملەرنىڭ تىلى تېگىپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن» دېگەنىدى. خۇددى دادىسى ئېيتقاندەك جەۋھەرگە ھەقىقەتەن كۆزى يامانلارنىڭ تىلى تەگكەندەك قىلاتتى.

مەردان ئالدىدىكى دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم بىردەم ـ بىردەم قىمىرلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى ـ دە، مەردانىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئىتتىك ئالدىغا قارىۋالاتتى، مەردان بۇ ئادەمنى نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى ـ يۇ، ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ خېلى ئويلانغاندىن كېيىن بۇ ئادەمنى سوتتا، يەنى جەۋھەرگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان مەيداندا ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم

نېرىدا ئۇلتۇرغانلىقى يادىغا كەلدى. سوت ئاخىرلىشىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ كىشى تامىقىنى چېكىلدىتىپ: «ھەي! ھۆكۈم تازا مۇۋاپىق بولمىدى، بۇ قىزغا ئۇۋال بولدى، جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى تازا ياخشى ئادۋوكات ئەمەسكەن» دېگەنىدى. مەردان شۇ چاغدا بۇ ئادەمدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرالماي قالغانىدى، چۈنكى ئايخېنىم قىزىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ ئۇنى ساقچىلار ئېلىپ ماڭغاندا ھوشىنى يوقاتقان بولغاچقا بۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش پۇرسىتى بولمىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئادەم ئۆزلىرى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ئۇرۇمچىگە مېڭىپتۇ، ئۇ بىر بولسا سوتچى ياكى ئادۋوكات، ياكى قانۇننى پىششىق بىلىدىغان ئادەم.

— ئاكا، — دېدى مەردان دىققىتىنى يىغىپ ئۇ ئادەمنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مەن ئۆزلىرىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟!

ئۇ ئادەم كەينىگە ئاستا ئۆرۈلدى، ئۇ ئايخېنىم بىلەن مەردانغا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن مەردانغا:

— توغرا تاپتىڭىز، ئۇكام، — دېدى ئۇ بىرپەس ئولتۇرۇپ كېتىپ، — مەن سىلەرنى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئېچىلغان ئوچۇق سوت مەيدانىدا كۆرگەن، سىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش جازاسى بېرىلگەن ھېلىقى شور پېشانە قىزنىڭ ئانىسىغۇ دەيمەن؟

— توغرا تاپتىلا، بۈگۈن شۇ بىچارە قىزىمنى كۆرگىلى كېتىۋاتىمىز. قارىسىلا، بىزنىڭ ئۆيگە كۆز

تەگكەندەك ئون يىل بۇرۇن قىزىمنىڭ ئۆز دادىسى قاتناش ۋەقەسىدە تۇگەپ كەتتى، مانا ئەمدى بۇ بىچارە قىزىم ئۆگەي دادىسى بىلەن چىقىشالماي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ ياتتى، بۇ بىزگە نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى...

ئايخېنىم سۆزلەۋېتىپ يەنە ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، يولۇچىلار ھەيران بولغاندەك بويۇنداپ ئايخېنىمغا قاراپ كېتىشتى.

— بولدى، يىغلىمىسىلا، — دېدى مەردان سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — مانا ئەمدى ھەممىلا ئادەم سىلىگە قاراۋاتىدۇ، بۇنداق يىغلىغانلىرى بىلەن ئۇلار سىلىگە ياردەم قىلالمايدۇ، ئەكسىچە تاماشىلىرىنى كۆرىدۇ، بولدى قىلسىلا ئەمدى.

— ئاچا، — دېدى يوچۇن كىشىمۇ ئايخېنىمغا قاراپ، — كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، مەن بۇ يۇرتقا ئوچۇق سوتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ھەق تەلەپ دەۋاسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغانىدىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن قاتنىشىدىغان سوت ئېچىلاتتى، چۈشتىن بۇرۇنقى سوتقا قىزىقىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كىرگەنىدىم، لېكىن قىزلىرىغا بۇ تون ئاللىقاچان پىچىلىپ بولغانىكەن، چۈنكى قىزلىرى بۇ سوتتا بەكلا پەرۋاسىز كۆرۈندى، ئۇنىڭغا ئوبدان زەن سېلىپ قارىسام ئۇ ئۆزى پىچاق سېلىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ خۇن دەۋاسىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھەممىدىن ۋاز كەچكەندەك كۆرۈندى. ئۇ ئادۋوكاتى بىلەن ياخشى ماسلاشمىغاچقا ھۆكۈم سەل چىڭراق چىقىپ كەتتى،

باياتىن ئىككىڭلارنىڭ پارتىيىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بۇ دېلودا تۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدىم.

— جېنىم ئۇكام، — دېدى ئايخېنىم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — سىلى ئاجايىپ بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلا، قارىغاندا بىرەر يەردە چوڭراق كادىر ئادەم ئوخشايلا، سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، مېنىڭمۇ قىزىمنىڭ ئۇ ئادەمنى بىكاردىن - بىكارلا ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئاكا، — دېدى مەردانمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، — سىلى قانۇننى تازا پىششىق بىلىدىغان ئادەمدەك قىلىلا، نەدە ئىشلەيلا؟

— ئۈرۈمچىدە ئىشلەيمەن، ئۆزۈم ئادۋوكات، ئۈرۈمچىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان «ھەقدار ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى»دا خىزمەت قىلىمەن، ئىسمىم ئادىلجان. مېنىڭچە سىلەر بۇ دېلونى قايتىدىن ئىشلەش توغرىسىدا نارازىلىق ئەرزى بەرسەڭلار چوقۇم جازانى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھۆكۈم قەغىزىدە «ئەگەر ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ ئون بەش كۈنگىچە سوتىمىز ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە نارازىلىق ئەرزى بەرسە بولىدۇ» دېگەن گەپ باركەن، بۇ مۆھلەت ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدى نارازىلىق ئەرزى بەرسەك ئۇنى قوبۇل قىلارمۇ؟

— نېمىشقا قوبۇل قىلىنمىغۇدەك، — دېدى ئادىلجان كەسكىنلىك بىلەن، — بىرىنچىسى، بۇ قىزنىڭ

كەيپىياتىدا قاتتىق قورقۇپ كېتىشتىن كېيىنكى تۇراقسىزلىق مەۋجۇت؛ ئىككىنچىسى، ئائىلىدە زوراۋانلىق بەك ئېغىر؛ ئۈچىنچىسى، بۇ قىز ئۆزى خالىمايدىغان بىرسىگە مەجبۇرىي تېگىلىشتەك بىر قىسمەت ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان؛ تۆتىنچىسى، نەق مەيداننىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ قىز شۇ چاغدا بىرەر تەھدىتكە ئۇچرىغان، چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك تىترەپ تۇرۇشىدىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئېلىۋالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق، ئۆگەي دادا ئۆگەي قىزىنىڭ قولىغا پىچاق كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ ماڭا پىچاق سالالمايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭغاندا بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ مۇدۇرۇلگەن پېتى پىچاققا سوقۇلغان ياكى پىچاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قورسىقىغا پىچاق كىرىپ كەتكەن، مانا بۇ تەپسىلاتلار ئوچۇق سوتتا ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى سوراقلاردا سەل قارالغان ھەم ئوتتۇرىغا تاشلانمىغان مەسىلىلەر. چۈنكى، قىز بۇ ۋەقە سادىر بولغاندا ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ نېرۋىسىدا نورمالسىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ ساقچىلارنىڭ سوراقلىرىغا زۆرۈر تەپسىلاتلارنى دېيىشنى خالىمىغان. چۈنكى، ئۇ ئائىلىدىكى بىسەرامجان تۇرمۇشتىن زېرىككەن، چۆچۈگەن، قورققان، شۇڭا ئۇ ئۆلۈمنىمۇ پىسەنتىگە ئالماي تۇرمىنىلا ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ياشايدىغان ماكانى دەپ بىلگەن. يەنە بىر گۇمانلىق نۇقتا بار، بۇ مېنىڭ قىياسىم، خاپا بولۇپ كەتمىسىلە، مېنىڭچە بۇ دېلودا ئېيپەتنى قوغداش يولىدا مۇشۇنداق

بىر پاجىئە چىقتىمىكىن دېگەن پاكتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، بابا سىلەر «قىزىڭنى ئوغلۇمغا تېگىشكە كۆندۇرەلمەسەڭ ھەممىڭلارنى بوغۇزلىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىنغانلىقىنىمۇ دېگەندەك قىلدىڭلار، ئايالىغا مۇشۇنداق گەپ قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا كېلىدىغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلىشقا تامامەن بولىدۇ، بۇلار مېنىڭ مۇشۇ دېلو ھەققىدىكى يۈزەكى پەرەزلىرىم. ئەگەردە مۇشۇ پەرەزلىرىمنىڭ بىرەر ـ ئىككىسى توغرا چىقىپلا قالسا قىزىڭىز قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر قاتارىدا جازالانماي، «يوللۇق قوغدىنىش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئېلىۋېلىپ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم زەخىملەندۈرۈپ قويۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان» دېگەن جازا بىلەن ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدۇ. مۇبادا دېلودا مۇشۇنداقلا ئۆزگىرىش بولىدىغان بولسا قىزىڭىز ئون ـ ئون بەش يىلدىلا تۈرمىدىن چىقالايدۇ.

— «قانۇن دېگەننىڭ مىڭبىر پۇتىقى بار» دېگەن گەپ راستكەن جۇمۇ، — دېدى ئايخېنىم ئۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئورۇنلۇق تەھلىللىرىدىن ھاياجانلانغان ھالدا، — مۇشۇ گەپلىرىدىن قارىغاندا، قىزىمنىڭ جازاسى چوقۇم يېنىكلىگۈدەك، دېمىسىمۇ قىزىم جاپپاردىن قورقۇپ ئىككى ئۈكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ جاپپار بىلەن ئۆگەي دادىسىدىن ئۈركۈپ يۈرگىنىگە خېلى بولغان، ئۇنى بۇۋىسىنىڭ يېنىغا ماڭدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا بۇ ۋەقە چىقتى قارىسىلا.

ئايخېنىم سۆزلەۋېتىپ يەنە يىغلاپ كەتتى، مەردان

جىمىمىدە ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقانىدى. ئادىلجان بۇ بىچارە ئانىنىڭ تازا يىغلاپ ئىچىدىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى چىقىرىۋالسۇن، دېگەندەك قىلىپ ئالدىغا قارىۋالدى. ئاپتوبۇس ئۆرۈمچىنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى، ئۇ خۇددى ئۆيىگە يېقىنلاشقان ئېشەكنىڭ قەدىمى تېزلىشىپ كەتكىنىدەك سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ ساي يولىدىكى مىغىلدىغان ماشىنىلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ـ ئاكا، ـ دېدى مەردان ئادىلجانىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، ـ مەن باياتىن ئۇزاق ئويلاندىم، جەۋھەر ماڭا دېلو سادىر بولۇشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ بەك سىقىلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئانىسىنى دېمىسە قېچىپ كەتكۈسى بارلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ سىقىلىش، نېمىدىندۇر قورقۇش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنداق بىر تەھدىتنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ قاراۋاتىمەن، مانا مۇشۇلارمۇ بەلكىم ئۇنىڭ دېلوسىدىكى تاشلاپ قويۇلغان مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر قايتا ئەرز قىلىش توغرا كەلسە سىلىنى مۇشۇ دېلوغا ئادۋوكاتلىق قىلىپ بەرسۇن، دەۋاتىمەن.

ـ ھۆكۈم چىقىرىلىپ جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان بىر جىنايەتچىنىڭ دېلوسىنى قايتا ئىشلەش بىرقەدەر مۈرەككەپ بولىدۇ، ـ دېدى ئادىلجان كەينىگە ئۆرۈلۈپ مەردان بىلەن ئايخېنىمغا تەكشى قاراپ، ـ شۇڭا سىلەر بۇ قېتىم ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشكەندە مەن بايا مىسال قىلغان بىرنەچچە ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن سوراڭلار، مېنىڭچە ئۇ ھازىر ئۇ جايغا كۆنۈپ كەيپىياتىمۇ

تۇراقلىشىپ قالدى، دەسلەپكى سوراقتا ياكى سوتتا ئۆزى يوشۇرۇپ قالغان بەزى تەپسىلاتلارنى سىلەرگە دەپ بېرىشى مۇمكىن، ئەگەر مەن بايا تىلغا ئالغان مىساللاردىن بىرەر ـ ئىككىسىلا توغرا چىقىپ قالسا بىز قايتا دەۋا قىلساق بولىدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر ئۆزۈڭلار ھېس قىلغان، كۆرگەن ئىشلارنى تولۇق ئىسپاتى بىلەن يازما ماتېرىيال قىلىپ تەييارلاپ مېنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ. بۇنداق دەۋاغا نۇرغۇن جەريان ھەم ئىقتىساد كېتىدۇ، قارىسام سىلەر دېھقان ئائىلەردەك قىلىسىلەر، بۇنداق چوڭ دەۋا ئىشىغا چىقىمىنغۇدەك پۇل غەملىشىڭلارمۇ تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىگىت بىلەن قىزنىڭىز ئىنتايىن يېقىن دوستلاردىنكەن. بايا ماشىنىغا چىققان چېغىڭلاردا بۇ يىگىتنى تېخى ئۇ قىزنىڭ ئاكىسىمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسكەن. بۇ يىگىتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ دەپ تاللىغان بىر قىزغا بولغان سەمىمىي ساداقىتى مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى، شۇڭا مەن بۇ دېلوغا ھەقسىز ئادۋوكاتلىق قىلاي دېگەن نىيەتكە كېلىۋاتىمەن، بۇمۇ سىلەرگە قىلغان بىر ياردىمىم بولۇپ قالار. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئاچىمىزنىڭ يىغىسى مېنى ھەم ئازابلىدى، ھەم تەسىرلەندۈردى، ھەممىمىزنىڭ مۇشۇ ئاچىمىزغا ئوخشاش ئانىسى بار، بىزنى ئاپىرىدە قىلىپ يورۇق دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن مۇشۇنداق ئانىلىرىمىز ياش تۆكۈپ ئازاب ئىچىدە ياشىسا ھەرگىز بولمايدۇ.

ـــ رەھمەت، ئاكا، ـــ دېدى مەردان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ سىقتى، ـــ بىزنى

بۇگۈن خۇدايىم بىر پەرىشتىگە، ياق، ئىنسانلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر خىزىر سۈپەت ئادەمگە ئۇچراشتۇرۇپتۇ، باسقان يوللىرى ئاق بولغاي، مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى بەدىلىگە تېخىمۇ كۆكلەپ كېتەرلا، ئاكا.

— مەن ئۆزلىرىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن، جېنىم ئۇكام، — دېدى ئايخېنىممۇ ئادىلجاننىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، — خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزاق قىلغاي، سىلىدەك ئاق كۆڭۈل بىر ئادەمنى بىزگە خۇدايىم ئۇچراشتۇرۇپتۇ، بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، ئاچا، — دېدى ئادىلجانمۇ ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپ، — بىزدەك قانۇن ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەر دېلونىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىشى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىمىز، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، شۇڭا ئارتۇقچە تەكەللۇپنىڭ كېرىكى يوق. مېنى ماۋۇ ئۇكامنىڭ ئىشلىرى بەكرەك تەسىرلەندۇرۇۋاتىدۇ، باياتىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلاندىم، ھازىر مۇنداق ساپ مۇھەببەتنى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ. ئون نەچچە يىل بىر ياستۇققا باش قويۇشقان ئەر — خوتۇنلارمۇ خوتۇنى جىنايەت يولىغا مېڭىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتسە شۇ ھامان ئاجرىشىپ باشقا خوتۇن ئېلىۋالىدىغان ئىشلار ھازىر سامانداك. مەن مۇشۇ يىگىتنىڭ قەيسەرلىكىگە، ئۆز مۇھەببىتىگە بولغان سادىق قەلبىگە ئاپىرىن ئېيتىش يۈزىسىدىنلا مۇشۇنداق قارارغا كەلدىم. مانا ماۋۇ مېنىڭ ئىسىم كارتام، قايتا

ئەرز قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھامان ماڭا تېلېفون بەرسەڭلار بولىدۇ.

ئادىلجان سۇنغان ئىسىم كارتىسىنى قولىغا ئالغان مەردان ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى.

— رەھمەت، ئاكا، ئەگەر مۇشۇ دېلودا راستتىنلا سىز دېگەندەك كاۋاكچىلار چىقىپ قالسا چوقۇم سىزنى ئىزدەيمىز، ئەگەر دېلودا ئۆزگىرىش بولۇپ جازا مۇددىتى يېنىكلىتىلسە مەن جەۋھەرنى چوقۇم ساقلايمەن.

— ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسىدەك گەپ قىلدىڭىز جومۇ، ئۇكام،— دېدى ئادىلجان مەرداننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ،— راست گەپنى قىلغاندا بۇ قىز سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆگەي ئاكىسى جاپپارنى رەت قىلغان، بۇنىڭغا دادىسى ئارىلىشىپ قىزغا تەھدىت سالغان، شۇڭا بۇنداق پاجىئە يۈز بەرگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. دېمەك، بۇ قىز ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قۇربانلىق بەرگەن، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز دەل ئاشۇ قىزنىڭ قەلب يارىسىنى ساقايتىپ قاراڭغۇلاشقان مۇھەببەت يولىنى نۇرلاندۇرۇپ ئۈمىد شامىنى ياندۇرىدۇ، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پايدىسى ئىنتايىن چوڭ، ئۇكام.

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭلا، قىزىم «جاپپاردەك لۈكچەككە تەگكىچە ئۆلۈۋالىمەن»، دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم قىلغانىدى. ئۇ ئادەم شۇ كۈنى قىزىمنى ئۇنىڭغا تەگمىسەڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېگەن بولسا قىزىم ئۇنىڭدىن قېچىپ ئوچاق بېشىغا بېرىۋالغان گەپ. قاتىللىق ئوچاق بېشىدا بولغانىكەن ئەمەسمۇ، ئۆزىنى قوغدايمەن دەپ پىچاق ئېلىۋالغان بولسا ئۇنىڭغا تېگىپ

كەتكىنى راست، بولمىسا ئۇ بىكاردىن ـ بىكارلا جىنىدىن تويغاندەك مۇشۇنداق ئىشنىمۇ قىلامدۇ، سىلى زادى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەۋلىيادەكلا سۆزلەيدىغان ئادەمكەنلا، ــ دېدى ئايخېنىممۇ ھاياجانلىنىپ.

ــ ھە راست، سىلەر ئۈرۈمچىگە چىقىپ باققانمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئادىلجان.

ــ ياق، چىقىپ باقمىغان، بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىشىمىز، ــ دېدى مەردان.

ــ ئۇنداق بولسا سىلەر ئاياللار تۇرمىسىگە بېرىش ئۈچۈن جىق ھەرەج تارتىپ كېتىسىلەر. مۇنداق قىلايلى، بېكەتتە مېنىڭ ئالدىمغا ماشىنا چىقىدۇ، بىز سىلەرنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويايلى، بەلكىم سىلەر ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ياكى تاكسى ئۇقۇشۇپ ئۇ يەرگە بېرىپ بولغۇچە كۆرۈشۈش ۋاقتى ئاخىرلىشىپ قالىدۇ ـ دە، بۈگۈنكى كۈنۈڭلار بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولغاندا سىلەر ئەتراپتىكى بىرەر مېھمانخانىدا يېتىپ ئەتە ئەتىگەندە ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن قايتىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بىز ئاپىرىپ قويساق بۈگۈنلا كۆرۈشسىلەر، قايتاشىڭلاردا شۇ يەردىكى ئادەملەر بىلەن ئالاقىلىشىپ قايسى ئاپتوبۇس قەيەرگە بارىدۇ، بارىدىغان نىشانىڭلار قايسى، مۇشۇلارنى ئېنىقلاپ شۇ بويىچە ماڭساڭلار ئانچە چىقىمدار بولمايسىلەر. ئۈرۈمچىگە تۇنجى كېلىشىڭلار بولغاندىكىن ئەتە بازار ئايلىنىپ قايتىسىلەر ھەرقاچان.

ــ كۆڭۈل ئارامىدا بولمىسا بازار ئايلىنىشنى كىم قويۇپتۇ بىزگە، ــ دېدى ئايخېنىم ئادىلجاننىڭ بۇ

خەيرخاھلىقىدىن سۆيۈنۈپ،_ قارىغاندا چۈش پېشىنگىچە ئۈرۈمچىگە چىقىۋالىدىكەنمىز، قىزىم بىلەن بۇگۈنلا كۆرۈشۈۋالساق كەچنىڭ پويىزىدا بولسىمۇ ئۆيگە كېتەرمىز.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى، ئىشقىلىپ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مەن بايا دېگەن ئىشلارنى ئوبدان سورىۋالسىلا. كۆرۈشۈپلا يىغىنى باشلىۋەتمەي ۋاقىتنى چىڭ تۇتسىلا، بولمىسا بىردەمدىلا كۆرۈشۈش ۋاقتى توشۇپ قالىدۇ، شۇڭا مەن دېگەن گەپلەرنى ئېسىلىرىدە چىڭ تۇتسىلا جۇمۇ.

ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كېلىپ ئادىلجاننىڭ قولىدىكى سەپەر سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

— بۇ بىزنىڭ سېپىمىزگە يېڭىدىن قوشۇلغان ياش ئادۋوكاتىمىز ئالىمجان،_ دېدى ئادىلجان ئۇ يىگىتنى ئىككىيلەنگە تونۇشتۇرۇپ،_ بۇلار مېنىڭ يېڭىدىن تونۇشقان تۇغقاندىن چارە قېرىنداشلىرىم، بۇ ئاچىمىزنىڭ قىزى ھازىر ئايالار تۈرمىسىدە تۇرۇۋېتىپتۇ، بۇ قىزنىڭ دېلوسىدا بىرئاز كاۋاكچىلار بارلىقىنى سېزىپ قالدىم، مەن بۇلارغا ھەقسىز ئادۋوكات بولۇپ بۇ دېلونى قايتىدىن ئىشلىمەكچى بولۇۋاتىمەن، بۇ ئىشىمدا سەن ياردەمچى بولىسەن جۇمۇ. يەنە بىر گەپ، بۇلارنى بىز ئايالار تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويايلى، يول بىلمىگەن ئادەملەرگە ئۇ يەرگە بارماقنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ.

— چاتاق يوق، ئاكا،_ دېدى ئالىمجان ئۇلارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ،_ بىز دېلونىڭ ناھەق ھۆكۈم

قىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قاراۋۇللارغۇ، بىرەر قېتىم ھەقسىز ئىشلەپ قويغانغا يەيدىغان ئېشىمىز كەملەپ قالمايدۇ، قېنى، ماشىنىغا چىقايلى.

ئۇلار بۇ كىچىك ماشىنا بىلەن خۇددى قاسقانغا تىزىلغان مانتىدەك قىستىلىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە، ئايخېنىم ئادىلجاننىڭ بايىقى گەپلىرىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، كۆككە باش سوزغان بىنالارغا، يول ياقىسىدىكى قىستاڭچىلىق ئىچىدە سودا قىلىۋاتقان يايمىكەشلەرگە، ھەر تەرەپكە ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى.

ئايخېنىم ئەتىگەندە ئىشىكتىن چىققۇچە بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئاۋۋال ئېلىپ «بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم، بۇگۈن يولىمىزنى ئوچۇق قىلغايسەن خۇدايىم» دەپ يولغا چىققانلىقى ئۇچۇنمىكىن ئىشلىرى ئوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇلار تۇرمىنىڭ كۆرۈشۈشنى تىزىملاش ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ يىراقتىن كەلگەن دېھقانلار ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن قىزى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىپلا قايتىپ كەتمەكچىلىكىنى چۈشەندۈرۈۋىدى، بۇ ئىشمۇ ئوڭايلا ھەل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمە ئالدىغا كېلىشىگە ئىشىكتىن چىققان ساقچى ئادىلجاننىڭ تونۇشى چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ بىر نەچچە ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۇلار كۆرۈشۈش ئورنىغا تېزلا يېتىپ كىرىشتى.

كۆرۈشۈش ئۆيى ئىككى خانىلىق ئۆي بولۇپ، كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر رېشاتكىلانغان ئەينەكنىڭ ئىككى يېقىدا ئولتۇرۇپ تېلېفون بىلەن كۆرۈشەتتى.

كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر بۇ تەرەپتىكى ئۆيدە بەلگىلەنگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆرۈشمىدىغان ئادەمنى ساقلايدىكەن، مەھبۇسلار ئۇ تەرەپتىكى ئۆيگە كىرگەندە ئۇنى باشلاپ كىرگەن ئايال ساقچى كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئەسكەرتىپ ئىشىك يېنىغا بېرىپ تۇرىدىكەن. بىر قېتىمدا بىرلا تۇغقىنى كىرىدىغان بولغاچقا ئاۋۋال ئايخېنىم كىردى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا مەڭدەپ قالدى، چۈنكى بىر نەچچە ئادەم تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتاتتى، بەزىلىرى يىغلىشىپ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئېيتىشسا، بەزىلىرى پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. مەھبۇسلارنىڭ تولىسىنىڭ كۆزىدە ياش يۇقى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ قويغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى چىرايلىرىدىن مەلۇم ئىدى.

ــ مانا بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ،ــ دېدى ئۆزىنى باشلاپ كىرگەن ئايال ساقچى ئايخېنىمغا بۇلۇڭ تەرەپتىكى بوش ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ،ــ قىزىڭىز هازىرلا كىرىدۇ.

ئايخېنىم ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ قارا مەهبۇس كىيىمى كىيگەن جەۋھەرنى بىر ئايال ساقچى باشلاپ كىردى، بۇنى كۆرگەن ئايخېنىم شۇ هامان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، قىزى قارا رەڭنى ئۆچ كۆرگەچكە هازىرغىچە بۇ رەڭدىكى كىيىمنى كىيىپ باقمىغانىدى، بۇ كىيىم ئىچىدە ئۇ خۇددى مۇسىبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان هازىدار ئاياللارغىلا ئوخشاپ قالغاچقا قىزىغا قاراپ ئايخېنىمنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى.

— جىنىم قىزىم، — دېدى ئايخېنىم ئەينەك تامغا ئېسىلىپ تۇرۇپ.

— جىنىم ئاپا، — يۈگۈرگەن پېتى ئەينەك تام ئالدىغا كەلگەن جەۋھەر ئانىسىنىڭ قورايدەك قېتىپ كەتكەن قولى تۇرغان جايغا ئېسىلدى، ئۇلار ئىككىسى تۇرۇپكىنى ئالماي بىردەم شۇنداق يىغلىشىۋالدى. جەۋھەرنى ئەكىرگەن ئايال ساقچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپكىنى ئېلىپ سۆزلىشىشنى دېگەن بولسا كېرەك، جەۋھەر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئانىسىغا ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۇرۇپكىنى شەرەت قىلدى، ئايخېنىم ئالدىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئېلىپ ئورنىدا ئولتۇردى.

— كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭغۇ، جىنىم ئاپا! سېنى مۇشۇنداق قارا كۇنگە قويدۇمغۇ، غەمگۇزار ئاپا! مېنى كەچۈرەرسەنمۇ، ئاپا...

— ئۇنداق دېمە، قىزىم، — دېدى ئايخېنىممۇ قىزىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشىدىن يۈرىكى مۇجۇلغان هالدا، — بۇنىڭدا مېنىڭمۇ خاتالىقىم بار، ئۆزۈڭنى ئۇنداق قىينىما، جىنىم بالام، مەن سېنىڭغا ياخشى قارىيالمىدىم، ئىشلىرىڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالمىدىم، سېنى بوۋاقىنىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋەتكەن بولسام بۇ ئىشلارمۇ چىقمايتتى، تەلىيىڭ كاج كېلىپ قالدى، جىنىم بالام...

— ئۇنداق دېمە، ئاپا، بۇ ئىشقا مەن سەۋەبچى، ئاچچىقىمغا هاي بەرگەن بولسام بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمەيتتى، سېنى ئەل - مەهەللىنىڭ ئالدىدا گەپكە قويدۇم، ئاپا... — جەۋھەر هۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئايخېنىم خۇددى بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك قىزىنىڭ ھەربىر سۆزىگە بېشىنى چايقاپ: «ياق، ياق، ئۇنداق دېمە، جېنىم بالام» دېگەن گەپنىلا قىلىپ قىزىنىڭ ئەينەككە ئېسىلىپ تۇرغان سول قولىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ئەينەك سىرتىدىن سىلايتتى. ئەينەك تام ئايرىپ تۇرغان بىر جۈپ قول ئېچىنىشلىق بىر يىغا ئىچىدە چىڭ گىرەلىشىپ كەتكەندەك بىر نۇقتىدا پىرقىراۋاتقاندەك ئىدى، ئۇرتاق يىغا، ئورتاق ئازاب ئۇلارنىڭ پۇچىلانغان يۈرىكىنى چىڭ قامالاپ بەدەنلىرى خۇددى توك تېپىۋەتكەن ئادەمدەك يېنىك سىلكىنمەكتە ئىدى. جەۋھەر ئاپىسىغا قاراپ تېخىمۇ ئابلاندى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئاپىسىنى بېلى مۈكچەيگەن، چاچلىرى چارلىشىپ، يۈزلىرىگە مەزگىلسىز قورۇق چۈشۈپ قېرىلىق يەتكەن ئاياللارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ يالغۇز كېلىشكە كۆزى يەتمىگەن بۇ ئانا قىزىدىن كەچۈرۈم سوراۋاتاتتى. جەۋھەرمۇ بىر يىلدىن بۇيان قاتتىق سېغىنغان ئاپىسىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى.

ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ساقچى ئايال جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇنداق يىغلىشىپ تۇرساڭلار ۋاقىتنى توشقۇزۇپ قويىسىلەر، ئوبدانراق سۆزلىشىۋېلىڭلار، — دېدى.

— جېنىم ئاپا، — دېدى جەۋھەر ئايال ساقچىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئېسىگە كېلىپ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى ئېرتىۋېتىپ، — بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىردەمدىلا توشۇپ قالىدۇ، بىز ئوبدانراق

سۆزلىشىۋالايلى، سېنى ئۇزاقىراق كۆرۈۋالاي، ئاپا، ھە، قەيسەر بىلەن كەۋسەرچۇ، ياخشى ئوقۇۋاتقاندۇ؟ بوۋام، موماملارنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟

— ئۇكىلىرىڭنىڭ ئوقۇشى يامان ئەمەس، — دېدى ئايخېنىم جەۋھەرنىڭ سەل قارىداپ قالغان چىرايىغا قاراپ، — بوۋاڭنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس، بولمىسا مەن بىلەن بىللە چىقاتتى، موماڭنىڭ زىققە كېسىلى ھازىر بىر ئاز ياخشى، قىش كۈنى سەل ئەدەپ قالىدىكەن شۇ.

— ھە راست، سوراشنى ئونتۇپتىمەن، سېنى بۇ يەرگە كىم ئاچىقتى؟ — دەپ سورىدى جەۋھەر.

— مەردانجان ئاچىقتى.

— مەردان؟! — جەۋھەر بوش تىترىدى، — مەردان قېنى، ئاپا؟

— تاشقىرىقى ئۆيدە، — دېدى ئايخېنىم قىزىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ، — بىۋاستە تۇغقىنى بولمىسا كۆرۈشكىلى قويمايدىكەن، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، سىڭلىسىنى كۆرگىلى چىققان دەپ ساقچىلارغا يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ ئاران ئەكىردىم بۇ يەرگە.

— بولدى، ئاپا، — دېدى جەۋھەر كۆزىگە يەنە ياش ئېلىپ، — مەردان كىرمىسۇن بۇ يەرگە، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايمەن، ئاپا.

— ئۇنداق دېمە، بالام، مەردانىنىڭ ھازىرمۇ ساڭا كۆڭلى باردەك قىلىدۇ، مەن بۇ يەرگە چىقىشتا قىينىلىپ قالدىم، ماڭا بىرەرسى ھەمراھ بولمىسا بولمايتتى دەپ ناسىرجان بوغالتىرنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم، مەردانجان مەن سىزنى ئاچىقاي دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقتى، بۇ بالىنىڭ بەختىنى خۇدايىم بېرەر، بالام.

جەۋھەر بىردەمدىلا شېرىن بىر خىيال ئىلكىدە مەستخۇش بولۇپ قالدى، ئۇ مەردانىنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ قەستەن جاۋاب خېتى يازمىغانىدى. مۇناسىۋىتىنىڭ رەسمىي ئۈزۈلگەنلىكىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن جېنەستەمنىڭ قايتا ـ قايتا سۈيلىشى بىلەن بىر پارچە جاۋاب خەت يازغان بولسىمۇ ئۇنى سېلىۋېتىشكە كۆڭلى تارتماي يېنىدا ساقلاپ كەلگەنىدى. مەردانىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق سوتقا ئانىسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ مەردانىنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىنىڭ پەقەت ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش ئۈچۈنلا بولۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلغانىدى. ئۆزىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان چاغدا جەۋھەر پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى، شۇ چاغدا ئىككى ئايال ساقچى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى، ئۇ ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدەڭشىپ قالغان بولسىمۇ ئانىسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلدى، ئانىسى تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتتى. مەردان ئۇنى يۆلىگەچ جەۋھەرگە قارىدى، ئۇ چاغدىكى ئازابلىق كۆرۈنۈش جەۋھەرنى ھازىرغىچە قىيناپ كەلمەكتە، چۈنكى مەردانىنىڭ شۇ چاغدىكى قارىشىدا «ئۆزۈڭگىمۇ، ئاناڭغىمۇ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دېگەندەك بىر خىل ئەيىبلەش تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىسى ئورتاق بەرپا قىلغان بۇ مۇھەببەت قورغىنىنىڭ ئاستا ـ ئاستا گۇمۇرۇلگەنلىكىنى، ئەمدى بۇ قورغاننى قايتا قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

جەۋھەر تۇرمىگە ئەكىلىنگەندىن كېيىن چىن سۆيگۈ ۋە ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ھەر كۈنى ئۇ كىيىم تىكىش سېخىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتىپ كەلگىنىدە مەردان يادىغا يېتىپ قالاتتى، تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇھ دەپ سوزۇلۇپ ياتقاندىمۇ مەردانىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى يەتكۈچە ئازابلايتتى. چۈشلىرىدە مەردان ئۇنىڭغا پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلنى تەڭلەپ تۇرۇۋالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ چۈشىنىڭ بۇزۇلماي ئۇزاقراق داۋام ئېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئويغانغان چېغىدا مېھىرلىك سۆيگۈنىڭ ئەمدى مەڭگۈ ئۆزىگە نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىسىلا ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر قىزنىڭ ئىستىقبالى ۋەيران بولغان تۇرۇقلۇق مۇھەببەتلىك سۆيگۈدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ زادى...

— جىمىپ كەتتىڭغۇ، قىزىم، — ئانىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن خىيالى ئۇزۇلگەن جەۋھەر ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

— مەن مەردان بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقۇۋاتىمەن، ئاپا، — دېدى جەۋھەر.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ ھە راست، بىز ئاپتوبۇستا ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدىغان بىر ئادۋوكات بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇ ئوچۇق سوتقا قاتناشقان ئادەمكەن، ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، بۇ دېلودا نۇرغۇن كاۋاكچىلار بار، قىزىڭىز بەزى ئىشلارنى دېگۈسى كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، قارىغاندا ئۇ

بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەۋاتىدۇ، ئەگەر هۆكۈمنى خاتا بولغان دەپ قايتا ئەرز قىلساق جازا مۇددىتىڭنى قىسقارتقىلى بولىدىكەن.

— بۇ مۇمكىنمۇ، ئاپا، هۆكۈم چىقىرىلىپ ئون بەش كۈن ئىچىدە نارازىلىق ئەرزى سۇنسا بولىدىغان تۇرسا، هازىر بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنداق خام خىياللارنى قىلمايلى ئەمدى، مەن تەقدىرگە تەن بەردىم، مۇشۇ يەردە ياخشى ئىشلەپ جازا مۇددىتىمنى قىسقارتىپ تېزرەك چىقىپ كېتىشكە تىرىشىمەن.

— سەن قورقۇپ كەتكەچكە راست گەپ قىلمىدىڭ، مەن سەندىن سوراي، شۇ چاغدا ئۆگەي داداڭ ساڭا نېمە دېدى، نېمە قىلدى، شۇنىلا دەپ بەرگىن ماڭا.

— ئاپا، بولدى، مەندىن مۇنداق سوئاللارنى سورىما، مېنىڭ ئۇ قارا كۈننى قايتا تىلغا ئالغۇم يوق.

— ياق، — دېدى ئايخېنىم قاتتىق تەلەپپۇزدا، — ئۇ ئادۋوكات ئەگەر قايتا دەۋا قىلماقچى بولساڭلار مەن سىلەرگە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىمەن دېدى. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا بىزنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكېلىپ قويدى، ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، تىلى تاتلىق ئادەمكەن، ھە راست، مەردانمۇ ئەگەر مۇشۇ دەۋادا ئۇتۇپ جەۋھەرنىڭ جازاسىنى يېنىكلىتەلىسەك مەن ئۇنى ساقلايمەن، دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاۋاتىدۇ.

— نېمە، ساقلايمەن؟! — جەۋھەر خۇددى سوغۇق سۇ يۈزىگە چېچىلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، — بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، ئاپا؟ مەن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان بىر قاتىل، ئۆگەي دادامنى ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى، جىنايىتىم يېنىكلىتىلگەن تەقدىردىمۇ ئون - يىگىرمە

يىلىسىز بۇ تۇرمىدىن چىقالمايمەن ھەم سىياسىي ھوقۇقۇمدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنغان بىر جىنايەتچى، بۇ گەپلەرنى ئۇ ئادۋوكات كۆڭلۈڭنى ياساش ئۈچۈنلا دەپ قويۇپتۇ ساڭا، جىنىم ئاپا، بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمە، مەردانىمۇ ئەمدى ئۇنداق خام خىياللارغا بېرىلىپ بەختىنى ۋەيران قىلمىسۇن.

— سەن ئۇنداق ئۇمىدسىزلىنىپ بەل قويۇۋەتسەڭ بولمايدۇ، بالام، — دېدى ئايخېنىم ئۇنىڭ سول قولنى تۇرغان يەرنى سىلاپ، — مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، سەن ئادەم ئۆلتۈرۈش تۇرماق كىچىككىنە قاننى كۆرسەڭمۇ ئايلىنىپ كېتىدىغان ئادەم تۇرساڭ قانداقمۇ ئادەم ئۆلتۈرەلەيسەن، مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭنى قوغدايمەن دەپ قولۇڭغا پىچاق ئېلىۋالغان گەپ، ئۇ دۆيۈز بەكلا چۆچۈتكۈدەك بىر ئىش قىلماقچى بولغان، شۇنداقمۇ؟ لېكىن سەن ئۇ ئادەمگە پىچاق تىقىۋېتىپ بەك قورقۇپ كەتتىڭ، شۇڭا راست - يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇڭ، سەن چوقۇم مەندىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلىسەن، بالام، مانا ئەمدى ئويلىنىپ جاۋاب بېرىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، ئۇنداق قىلماي ماڭا راست گېپىڭنى دە، ئۇ ئادۋوكات بىزگە ياردەم قىلماقچى.

— ۋاقىت توشتى، — دېدى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ساقچى جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئايخېنىمغا قاراپ، — ئەمدى سىز چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

— بالام، ماڭا راست گېپىڭنى دەۋەت، — دېدى ئايخېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ جەۋھەرگە ئالغاچ كەلگەن نان ۋە قۇرۇق مېۋە قاچىلانغان سولياۋ خالتىنى تام

ئەينەكنىڭ يېنىغا قويۇپ، ــ بۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭگىمۇ پايدىسى تېگىدۇ، جاھىللىق قىلما.

جەۋھەر تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان ياش ئانىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك يالتىراپ تۇراتتى، ئىشىك تۇۋىدىكى ئايال ساقچى خالتىدىكى نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئايخېنىمغا قاراپ:

ــ بۇ نەرسىلىرىڭىزنى بىز بىر دەملەرگىچە قىزىڭىزنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز، سىز خاتىرجەم قايتسىڭىز بولىدۇ، ــ دېدى.

ئايخېنىم چىقىپ كېتىش ئالدىدا قىزىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى، قىزى ئەينەك تامغا ئېسىلغان ھالدا يىغلاپ تۇراتتى، بۇنى كۆرگەن ئايخېنىم يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە كۆرۈشۈش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. جەۋھەر ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈنمىكىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ــ ئۆزۈڭنى ئاسرا، جېنىم ئاپا! ــ دېدى جەۋھەر ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، ــ مەندىن ھەرگىز غەم يېمە، بۇ يەردە ئوبدان ئىشلەپ تېزرەك يېنىڭغا قايتىشقا تىرىشىمەن.

ئۇلار سىرتقا چىققاندا كۈن چۈشتىن قىيىلغانىدى، قويۇق بولۇت قاپلىغان ئۈرۈمچى ئاسمىنى ئېرىدىن يامانلىغان خوتۇندەك چىرايىنى ئاچماي قويغانىدى، سەلكىن شامال يامغۇر ھىدىنى دىماقلارغا ئۇراتتى، ھەر ئىككىيلەننىڭ چىرايىمۇ خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە گەپ قىلىشقىمۇ رايى بارماي قويغانىدى. ئۇلار جەۋھەردىن تۈزۈكرەك

بىرەر جاۋاب ئالالمىغانلىقتىنمىكىن ئەيتاۋۇر، بايىقى خۇشاللىقلىرى نەلەرگىدۇر يوقاپ كەتكەندى. باياتىن ئۆزلىرىنى مۇشۇ جايغىچە ئەكەلگەن ئادىلجان ئادۋوكاتنىڭ جەۋھەرنىڭ دېلوسى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرى ھەم مۇشۇ دېلودا ئۆزگىرىش بولسىلا جەۋھەرنىڭ ئون نەچچە يىلدىلا تۈرمىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مەردان بىلەن ئايخېنىمنىڭ قەلبىگە ئۈمىد چىراغلىرى يېقىلىپ سەرسان كۆڭۈللىرى ئارامىغا چۈشكەن ئەمەسمىدى، شۇنداق ياخشى بىر پۇرسەتكە ئېرىشكەندە بۇ قىزنىڭ كەينىگە داجىپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي قالغان ئانىنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى.

— قايتىپ چىقتىڭلارمۇ؟

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ئۇلار چۆچۈپ كېتىشتى. ئالدىدا ئادىلجان ئادۋوكات بىلەن ئالىمجان تۇراتتى.

— ۋوي، سىلەر تېخىچە قايتىپ كەتمىگەنمىدىڭلار؟!— دېدى مەردان ھەيران بولغان ھالدا.

— سىلەرنى ساقلاپ تۇردۇق،— دېدى ئادىلجان مەردان بىلەن ئايخېنىمنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ تازا ياخشى بولمىغانلىقىنى پەملەپ،— كۆرۈشۈش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىكىن سىلەرنىڭ تېزلا قايتىپ چىقىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ بىردەم ساقلاپ تۇردۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇمچىگە تۇنجى چىقىشىڭلاركەن، «بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى كۆپ» دەيدىغان گەپ بارغۇ بىزدە، سىلەرنى قەيەرگە بېرىشنى ئۇقماي تۇرۇپ

قبلىشتىن ھەم بىرەر قويمىچى كىراكەشكە ئۇچراپ قبلىپ ھەممە خەجىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن، دەپ ساقلاپ تۇردۇقۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بايا سىلەر جەۋھەر قىز بىلەن بۇگۈن كۆرۈشۈۋالساق كەچلىك پويىزدا بولسىمۇ كېتىۋالساق ياخشى بولاتتى دېگەنتىڭلار، شۇڭا سىلەرنى بېكەتكە بولسىمۇ ئاپىرىپ قويايلى دېدۇق، قېنى ئەمسە، ماشىنىغا چىقىڭلار، قالغان گەپنى ماشىنىدا دېيىشەرمىز.

— ئۆزلىرىنى يەنە ئاۋارە قىپتىمىزغۇ ئەمدى، — دېدى ئايخېنىم خىجالەت بولغان ھالدا، — ئەستا، بۇنىڭدىن باشقىمۇ قىلىدىغان ئىشلىرى بولغىيتتى ئۆزلىرىنىڭ، مانا بىزنى دەپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولدىلا.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، — دېدى ئادىلجان مېھرىبانلىق بىلەن، — بىز دېگەن ئەركىن كەسىپنىڭ ئادەملىرى، خىزمەتنى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەيمىز، شۇڭا يېرىم كۈن ئىشلىمىگەنگە خىزمىتىمىز ئاقساپ قالىدىغان ئىش يوق، بىر كىشىگە ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە بولسۇن دېدۇققۇ ئەمدى.

— رەھمەت، — دېدى ئايخېنىم تەسىرلەنگەن ھالدا ماشىنا ئىشىكىنى ئاچقاچ، — بىزگە ئورۇق - تۇغقاندىنمۇ چارە ياردەم قىلدىلا، مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتەر ئىلاھىم.

ماشىنا بايىقىدەك مېڭىپ قىستاڭچىلىقتا تويۇنغان چوڭ يولغا چىقىپلا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ماشىنىلار تۈركۈمىگە قېتىلىپ كەتتى، مەردان ھېلىلا بىرسىنى سوقۇۋېتىدىغاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ يەنىلا

كۆچۇم مەھەللىسىنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئايخېنىم ئالدىغا قاراپ جىممىدە ئولتۇراتتى، قاتمۇقات قىستاڭچىلىق ئىچىدە يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ھەر خىل تېپتىكى ماشىنىلار، يول ياقىسىدا ئۇششاق تىجارەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ھەم ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان ئاۋات كوچىلارمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغانىدى.

ــ قانداقراق؟ــ دېدى ئادىلجان ماشىنىغا چىقىپلا جىمىپ كەتكەن ئايخېنىمغا قاراپ،ــ قىزلىرى ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟

ــ ياخشى تۇرغاندەك قىلىدۇ،ــ ئايخېنىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى،ــ نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنى شۇ ھالدا كۆرۈپ بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ قالدىم، ئۇ تەقدىرگە تەن بەرگەندەك قىلىدۇ، ياخشى ئىشلەيمەن، تېزرەك چىقىشقا تىرىشىمەن دېدىغۇ.

ــ ھە، مەن دېگەن گەپلەرنى سوراپ باقتىلىمۇ؟ــ دېدى ئادىلجان ئايخېنىم بىلەن مەردانىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن،ــ ئۇ بىز بىلەن ھەمكارلاشقۇسى بارمىكەن زادى؟

ــ مۇشۇ گەپكە تازا جاۋاب بەرگۈسى يوق تۇردۇ قارىسىلا، ئەمدى ئەرز قىلىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ئاۋارە بولماڭلار دەپ تۇرۇۋالدى، تازا قىستاپ تۇرۇۋالسام گېپىمگە جاۋاب بەرمەيۋاتىدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۆزلىرى دېگەندەك ئۇ بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ــ مەنمۇ بۇ ئىشنى سورىغانىدىم، لېكىن ئۇ بۇ سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالدى، «مەن سەندىن

رازى بولاي، مېنى ئەمدى ئۇنتۇپ كەت، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاشۇ قاباھەتلىك كۈندىن تارتىپ ئۈزۈلگەن» دەپ يىغلاپلا تۇردۇ، قارىغاندا ئۇ تۇرمىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ تۇرمىدىن چىقىسىلا جاپپارنىڭ «ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» دەپ ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك.

— مانا بۇ بىز ئىزدەۋاتقان پاكىت، ئۇ قىز ئۆگەي دادىسى بىلەن جاپپاردىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن گەپ، شۇڭا ئۇ ئاشۇ قارا نىيەت دادا ـ بالىنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن، مۇھىمى ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قورقىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن مەرداننى ئىزدىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولغان، شۇنداققۇ دەيمەن ـ ھە،— ئادىلجان مەردانغا قاراپ ئۇنىڭ ماقۇللاپ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— لېكىن بۇنى سېزىپ قالغان جاپپار دادىسىنى كۈشكۈرتۈپ ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق ۋاستە قوللىنىش ئارقىلىق يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان، نەتىجىدە ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىققان، سوراقلاردا ئۇ جاپپاردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى بويىنىغا ئالغان، چۈنكى ئۇ قانچىلىك ئۇزاق كېسىلسەم شۇنچە ياخشى، شۇنىڭدىلا مەن جاپپارنىڭ ئىپلاس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالمايمەن دېگەن نىيەتتە ئۆزىنى ئاقلاشنى خالىمىغان، ھەتتا بىرمۇنچە نازۇك تەپسىلاتلارنى يوشۇرۇپ قالغان. دېمەك، قىزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن ئېڭى ئىنتايىن

كەمچىل، سىلىنىڭمۇ شۇ. ئەسلىدە سىلەر مۇشۇنداق زوراۋانلىققا يولۇققان چېغىڭلاردا ئائىلە زوراۋانلىقىغا تاقابىل تۇرىدىغان قانۇن ئورۇنلىرىنى، يەنى يېزىلىق ياكى ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ئىدارىسىنى ئىزدىگەن بولساڭلارلا مۇنداق پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ.

— ئىنىپلاسلار، — دېدى مەردان چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — بىر قىزغا پەسكەش ۋاستىلەر بىلەن زوراۋانلىق قىلغىنىنى قارىمامدىغان، جەۋھەرنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىدىكى سەۋەبىمۇ شۇ ئىش ئىكەندە، مەن نېمىشقا بىلمىگەندىمەن، ئۇنى ئەپقېچىپلا كەتكەن بولسام بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەيدىكەنتۇق ئەمەسمۇ، بۇ ئىشتا مېنىڭمۇ سەۋەنلىكىم باركەن.

— «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار، ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، جەۋھەر قىز دەماللىققا سىلەرگە بۇنىڭ تەپسىلاتىنى دەپ بەرمەيدۇ، شۇڭا مەردان سىز ئۇنىڭ بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈڭ... ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەڭ، بەلكىم مۇھەببىتىڭىز، سەمىمىي سۆيگۈڭىز ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ راست گېپىنى قىلىشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپلا قالسا سىز ئاشۇ خەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى زوراۋانلىققا دائىر تەپسىلاتلارنى قولـۇم ـ قوشنىلاردىن ئېنىقلاپ ماڭا بىر يازما ماتېرىيال ئەۋەتىپ بېرىڭ، مەن شۇ چاغدا ئايرىم بىر دېلو ماتېرىيالى

تۇرغۇزۇپ نارازىلىق ئەرزىنى سۇنىمەن. ھە راست، ھېلىقى ھۆكۈمنامىنىمۇ بىللە ئەۋەتىپ بېرىڭلار، مەن ئۆزۈم ئىگىلىگەن تەپسىلاتلار بىلەن ئۇ ھۆكۈمنامىدىكى تەپسىلاتلارنى سېلىشتۇرۇپ ئۇنى جىنايى ئىشلار جازا قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا چۇشۇرۇپ ئەرزنى باشلايمەن. ماڭا ئىشىنىڭلار، مېنىڭ بۇ دېلونى قايتا تەھقىقلىمەكچى بولغىنىمنىڭ سەۋەبى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ مەردان بىلەن جەۋھەرنىڭ ساپ مۇھەببىتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىدىن ئۆكۈنگەنلىكىم ھەم بىر ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ مۇھەببەت قۇربانى بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىنغانلىقىمدىن بولدى.

— رەھمەت سىلىگە،— دېدى مەردان ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ،— مەن چوقۇم سىلى دېگەندەك ئۇنىڭغا پات - پات خەت يېزىپ ئۇنى تەسىرلەندۈرىمەن ھەم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چىن سۆيگۈمنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشنى قولغا كەلتۈرىمەن.

— مېنىڭ سىلىگە رەھمەت دېيىشتىن باشقا ھېچنېمە قولۇمدىن كەلمەيدۇ، جېنىم ئۇكام،— دېدى ئايخېنىم كۆزىگە ياش ئېلىپ،— ياخشىلىق بولار مۇشۇنچىلىك بولار، سىلىنى بىزگە ئۇلۇغ ئاللا ئەۋەتىپتۇ، بىزگە قىلىۋاتقان بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن خۇدايىم ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئاتا قىلغاي، مەن بۈگۈن ھەقىقەتەن پەرىشتىلەرگە ئۇچراپتىمەن، سەھەردە قىلغان دۇئالىرىمغا، كۆزۈمنىڭ خۇنى ئېقىپ كەتكىچە

يغلاشلىرىمغا خۇدايىمنىڭ ئىچى ئاغرىغان ئوخشايدۇ.

ماشىنا بېكەت ئالدىغا يېتىپ كەلدى، شۇ تاپتا بېكەتنىڭ ئالدى بىر قاينام بازارغا ئايلانغانىدى. تار پىيادىلەر يولىنى كىچىك قول هارۋىسى، غالتەكلەرگە سەپەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى لىققىدە توشقۇزۇپ سودا قىلىۋاتقان يايمىكەشلەر ئىگىلەپ كەتكەن بولۇپ، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى هەر خىل تىپتىكى كىچىك ماشىنىلار بىلەن لىققىدە توشقانىدى. غالتەكلىك سومكىلارنى سۆرىگەن، چوڭ ـ كىچىك سومكىلارنى، لىققىدە نەرسە قاچىلانغان خالتىلارنى كۆتۈرۈۋالغان يولۇچىلار مۇشۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدە يول تېپىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ مېڭىشماقتا ئىدى.

ــ نەگە بارىسىز؟ كىچىك ماشىنا بار، كىرا قىلامسىز؟

ــ تۇرپانغا بارىدىغان ماشىنا بار، بىر ئادەم كەم...

ــ كورلا، كورلىغا بارىدىغانلار بولسا كىچىك ماشىنا بار مانا، ــ دەپ قولىنى شىلتىپ يۈرگەن قارا تاكسىچىلار بىلەن «قەيەرگە بارىسىز، بىزنىڭ ئاپتوبۇس هازىرلا ماڭىدۇ» دەپ ئاپتوبۇسقا ئادەم تارتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ سودا قىلىشىنىڭمۇ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ــ مەن بايا تېلېفون ئارقىلىق ئۇقۇشتۇم، ــ دېدى ئادىلجان ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا توختىغاندىن كېيىن، ــ سائەت تۆتتە ماڭىدىغان بىر ئاپتوبۇس باركەن، شۇنىڭدا ماڭسۇن دەپ سىلەردىن سورىمايلا مۇشۇ بېكەتكە ئەكەلدۇق، كەچلىك پويىزدا ماڭىمەن دېسەڭلار كەچ سائەت ئونغىچە تۇرۇپ قالىدىكەنسىلەر،

شۇڭا ئاپتوبۇستا ماڭسۇن دېدۇق، مەردان، سىز كىرىپ بىلەت ئاپچىقىڭ، ماشىنا ماڭىدىغانغا يەنە بىر سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىت باركەن، سىلەر تېخى تاماق يېمىدىڭلار ھەرقاچان، بىرلىكتە تاماق يەيلى.

— رەھمەت، ئەمدى كايىمىسىلا، ھېلىمۇ سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، بىز بايا ئازراق نان يەپ قورسىقىمىزنى توقلىۋالغان. ھېلى ماڭىدىغان چاغدا بىر بوتۇلكا سۇ ئېلىۋېلىپ يولدا سۇ بىلەن نان يەۋالساقلا بولىدۇ،— دېدى ئايخېنىم خىجالەت بولۇپ.

— بولدى، ئەمدى قولىمىزنى ياندۇرماڭلار، قۇرۇق نان بىلەن يولغا چىقساڭلار كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، بايا بىز مەسلىھەتلەشكەن، بىزنىڭمۇ قورسىقىمىز ئاچ جۇمۇ، شۇڭا سىلەر بىلەن بىللە غىزالىنىپ ئاندىن قايتايلى دېيىشكەنىدۇق. ھە، مەردان، ئولتۇرىسىزغۇ، ئالمىجان سىز بىلەن بىللە كىرسۇن، مەن بۇ ئاچىمىزنى ئېلىپ ئاۋۇ «شەھەرىزات تېز تاماقخانىسى»غا كىرىپ تاماق بۇيرۇتقاچ تۇراي.

ئايخېنىم ئەمدى ئۇنىماي تۇرۇۋالسا ئادىلجاننىڭ قىلىۋاتقان ياخشىلىقلىرىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى، شۇڭا ئۇ ئادىلجان بىلەن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈنكى تاماقنىڭ پۇلىنى مەن تۆلەي، بۇ سىلىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا قىلغان رەھمىتىم بولۇپ قالسۇن،— دېدى ئايخېنىم كۈلۈمسىرەپ.

— ۋاي بولدى قىلسىلا، بۇ ئىشتا سىنىڭ - مېنىڭ دەپ تۇرمايلى، كۆڭلىمىزنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ قوبۇل

قىلسىلا، ئەگەر مۇشۇ قىزلىرىنىڭ ئىشلىرى ئوڭشىلىپ يىلى كېمەيتىلىپ قالسا ئاندىن رەھمەتنى چوڭراق دەرلا.

— ئۇ چاغدا كەمبەغەل بولسامۇ بىرەر پاقلان، ھېچبولمىسا بىرەر يەرلىك توخۇ سويۇپ بولسىمۇ مېھمان قىلىمەن ئۆزلىرىنى.

مەردان بىلەن ئايخېنىم ئاپتوبۇس قوزغالغاندىن كېيىنمۇ ھاياجىنىنى زادىلا باسالمىدى، چۈنكى ئۇلار بۈگۈن پەقەتلا تونۇشمايدىغان بىر ئادەمنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇۋاتاتتى، دېمىسىمۇ، يېرىم كۈن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندىن باشقا ناھايىتى ئېسىل زىننەتلەنگەن «شەھرىزات تېز تاماقخانىسى» دا بىرنەچچە خىل قورۇما بۇيرۇتۇپ پاقلان گۆشىدە تەييارلانغان تونۇر كاۋاپلىرى بىلەن مېھمان قىلىپ ئۇزاتقانىدى.

— ئاجايىپ ياخشى ئادەملەرگە ئۇچراپ قالدۇق دېسە،— دېدى ئايخېنىم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ،— ئۇلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا بىز ئىشىمىزنى مۇنداق تېز تۈگىتىپ قايتالمىغان بولاتتۇق.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، جەۋھەرنى سوتلىغان كۈنى بۇ ئادەمنى كۆرگەن، شۇ چاغدىلا بۇ ئادەم ھۆكۈمنىڭ خاتا بولغانلىقىنى يېنىمدىكى ئادەمگە دېگەنىدى، بىراق سىلى ھوشىلىرىدىن كېتىپ ئۇ ئادەمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. ئەگەر شۇ كۈنى بۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشالىغان بولسام چوقۇم شۇ چاغدىلا نارازىلىق ئەرزى سۇنۇپ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ قالاركەنمىز.

ئۇلار جىممىدە ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئايخېنىم بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئانالىز

قىلىۋاتقاندەك بارا ـ بارا ئارقىدا قېلىۋاتقان شەھەرنىڭ چېتىگە نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى. مەردان ئادىلجاننىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ: «ئەگەر ھۆكۈم قايتىدىن چىقىرىلىپ جەۋھەر ئون نەچچە يىلدىلا تۈرمىدىن چىقىدىغان بولسا ئۇنى ساقلايمەن» دەپ بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەتلەرنى چېكىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، بۇ ۋەدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىلا ئەمەس، مەھەللە ـ كويدىمۇ بوران چىقىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. جەۋھەرنى بىر قېتىم يوقلاپ كېلىشكە ئاران ئۇنىغان ئاتا ـ ئانىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر، ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ ياكى...

باياتىن سۇس يېغىۋاتقان يامغۇر ئەمدى چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئاپتوبۇس دېرىزىسىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر مەرداننىڭ ئارامسىزلانغان كۆڭلىنى يەنىمۇ خىرەلەشتۈرمەكتە ئىدى.

## ئالتىنچى باب

# بارخانلار گۇۋاھ

مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان ئۇچۇق تۇرغان ھاۋا بۈگۈن تۇتۇلۇپ ئەمدىلا بولۇت يېرىپ چىققان قۇياشنى بىر قەۋەت تۇمان ئارىلاش بۇلۇت قاپلىۋالدى، خۇددى تونۇر تەپتىدەك قىزىپ كېتىدىغان بۇ زېمىن ئەمدى بىر خىل دىمىق ھاۋانىڭ تەسىرىدە تۇنجۇقۇپ قالغان بوۋايدەك ھالسىرايتتى. بارلىق جاندارلار ئۇچەكلىرىگە كىرىپ كېتىشكەندى، بۇنداق چاغلاردا چىرىلداپ كېتىدىغان تومۇزغىلارنىڭمۇ ئۈنى ئۆچكەن ئىدى. لېكىن، ناسىرجان بوغالتىرنىڭ ئۆيگە بولسا سىبىرىيەنىڭ سوغۇق ئېقىمى كىرىپ قالغاندەك شىۋىرغان چىقىۋاتاتتى.

بۇ غەيرىي، تەبىئىي ھاۋا ئاخىرى مەردانىنى سىرتقا ئۇچۇرۇپ چىقىرىۋەتتى، ئۆگىسۈلى يوق ھالدا ئۆيدىن يۈگۈرگەن پېتى چىققان مەردان يول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇلغان موتوسىكلىتقا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى ـ دە، ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ يول ياقىسىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ ئۆي ھارام بولغانىدى. دادىسىنىڭ نەزىرىدە «ئالجىغان ساراڭ» دەپ نام ئالغان بۇ ئوغۇل ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇۋاتقان چىداپ تۇرغۇسىز تىل ئۇرۇشىدىن يارىلىنىپ خۇددى

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋايدەك ھالسىراپ قالغانىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلمىغاتقان ئاچچىق تەنىلىرى، ئۆزىگە ئىشلەتكەن بىسىملىرى دەستىدىن ئۇنى ھازىر ساراڭ قىلىپ قوياي دېگەنىدى. مانا بۈگۈن بۇ جېدەل ئاخىرى ئۇنى مۇشۇ ئۆيىدىن سىقىپ چىقىرىش بىلەن ئاياغلاشتى، ئەمدى ئۇنىڭ سەرسانلىقتا ياشايدىغان كۈنلىرى يېتىپ كەلدى دېگەن گەپ...

— بۇ ئالجىغان ساراڭنى ئەمدى ھەرگىز ئىشىكىمگە يولاتما،— دادىسىنىڭ ئاۋازى ھويلا تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— بوشراق توۋلىسىلا، دادىسى،— بۇ ئانىسى مايسىخانىنىڭ ئاۋازى ئىدى،— ئەمدى بۇ ئىشنى ھويلىغا چىقىۋېلىپ مۇشۇنداق توۋلاپ خەلقئالەمگە جاكارلامدىلا، بالا قىزىقىقانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى سىلىمۇ چوپچوڭ بىر ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنداق قىزىققانلىق قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ ماڭسىلا، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، مەردانىمۇ ئاز ئۆتمەي بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەر، ئۇمۇ يىگىرمىدىن ئاشقان بالا، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك ئادەم بولۇپ قالدى...

— نېمىنى پەرق ئېتىدۇ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان دۆيۈز ـ ھە؟ ئەقىل كىرگەن بولسا ئۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلامتى، سەندىمۇ بار گۇناھ، ئۇنى ئۇرۇمچىگە بارغۇزمايمەن دېسەم ئارىغا كىرىپ ئۇنى يولغا سالدىڭ، ئەمدى نېمە بولدى، ئۇنىڭدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ كېلەمدىكىن دېسەك، ئەمدى بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. قايسىبىر ئەقىل ئىگىسى مۇشۇنداق قاملاشمىغان خىيالنى قىلىدۇ ـ ھە؟ تۇرمىدە ياتقان بىر قىزنى

ئاقلايمەن، جازا مۇددىتىمنى قىسقارتىمەن دەيدا تېخى، ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرۈپ ساقىلى ئاقارغىچە تويى قىلالماي يۈرسە خەقنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز، بۇ ئالجىغان ساراڭنى ئەمدى كۆزۈم كۆرمىسۇن مېنىڭ...

دېمىسىمۇ، مەردان ھازىر ئۆزىنى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك سېزىدىغان بولدى، ئۇرۇمچىگە چىقىش دەۋاسىدا دادىسى بىلەن يىرىكلەشكەن كۈندىن تارتىپ ھازىرغىچە دادىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات گەپ تالىشىپ قېلىشلاردا گەرچە دادىسى ئاتىلىق ھوقۇقىنى پەش قىلىپ ئۇنى يېڭىۋالغىنى بىلەن مەردان قايىل بولماي غودۇڭشىپ جېدەللەرگە تۇتۇرۇق بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. «بىر قىز ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشىم ئەرزىمدىغاندۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ دەيدىغان سىراجىدىن ئىمام...»

مەردان ھويلىسىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارنىڭ بېسقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىن چىقتى. ئەمدى بۇ ئۆيگە كىرىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن بىرەر يەرنى تېپىش كېرەك ـ تە. ئۇنىڭ كۆڭلى ھازىر مەھەللىسىنىڭ ئايىغىدىكى قۇم بارخانلىرىنى تارتىپ تۇراتتى، ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۈگۈن دادىسىنىڭ ئاچچىقى تۈۋىدىنلا تۇتقاچقا ئۇنىڭ بىلەن باللىقتىن كېچىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. ئەمدى ئۆيدىكىلەر بىلەن بامەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلىش، بولۇپمۇ چىن سۆيگۈسى ئۈچۈن تېگىشلىك

مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش مەقسىتىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيالغا ئايلاندى.

مەردان ئادىلجان ئادۋوكاتقا: «جەۋھەرنىڭ جىنايىتى يېنىكلەپ قالسا ئۇنى ساقلايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلگەچكە ئۇلارغا ھېچنېمە دېمىگەنىدى، لېكىن ئاخشام تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە خەت بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ قولىغا يېتىپ ئىشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

جەۋھەرنىڭ خېتى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ ئەمدىلا ئۈچۈشكە يۈزلەنگەن سۆيگۈ يالقۇنىنى ئۇلغايتىۋەتتى، ئادىلجان ئادۋوكات پەرەز قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ چىقتى. دېمەك، جەۋھەر گۇناھسىز ئىكەن. ئۇنىڭ مەجبۇرلانغىنى، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئالغىنى، مۇھىمى رەھىمسىز ئاتىنىڭ ھېلىقى تەھدىتلىرى مۇشۇنداق بىر ئۆلۈم پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئەينەكتەك ئايان بولدى. ئەمدى مۇشۇ خەتكە قوشۇپ ئايخېنىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنىلار ئېيتىپ بەرگەن ئىسپاتلىق ماتېرىياللارنى ئادىلجان ئادۋوكاتقا ئەۋەتىپ بەرسىلا جەۋھەرنىڭ دېلوسىغا قايتا قاراپ چىقىش باشلىنىدۇ دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا جەۋھەرنىڭ جىنايى جازاسى راستتىنلا يېنىكلىتىلىپ جازا مۇددىتى قىسقارسا ئۇنىڭ تۈرمىدىن تېزرەك قايتىپ چىقىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مەردان ئەنە شۇلارنى خىيال قىلىپ مەھەللە يولىنى

بويلاپ قـوٚم بارخانلـرـنـنـڭ يـېنـىـغا يـېتـىـپ كەلدى. بـۇ خـۇددى ئالتـۇندەك سېرىـق قـۇملـۇق بـولـۇپ، چوڭـلار بـۇ قۇملۇق توغرىسىدا «ئەينى دەۋردە كېپەك ئالتۇن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئالتۇنلىرى چېچىلىپ كەتكەن يەر» دېگەن رىۋايەتنى سۆزلىشەتتى ھەم كېپەك ئالتۇننىڭ كېسەل داۋالايدىغان خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىمۇ نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ قويۇشاتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، يازدا بۇ يەرگە ساياھەتچىلەردىن باشقا ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىشەتتى، شۇڭا بۇ قۇملۇق يازدا ئاجايىپ قاينام ـ تاشقىنلىققا تولاتتى. قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىدىغانلار، ساياھەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا قۇم بارخانلىرىنى تاماشا قىلغاچ قۇملۇق باغرىدا مۆجىزىدەك بەرپا قىلىنغان كىچىك ئورمانلىقتا سەگىدەپ ئولتۇرۇپ باراۋەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

بۇ ئورمانلىق بىلەن قۇملۇقنى ساياھەتچىلەرلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەھەللە كىشىلىرىمۇ ياخشى كۆرەتتى. قۇملۇقنىڭ مەھەللىنى بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەشكەن ئاراقۇم كەنتىدىكىلەر بۇ ئورمانلىقنى خالىس كۆچەت تىكىش ھېسابىغا بەرپا قىلغانىدى. كۆچەت قويۇش مەزگىلىدە مەھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى بۇ جايغا يىغىلىپ كۆچەت قوياتتى، ھەتتا مەكتەپ بالىلىرىمۇ بىر كۈن ئوقۇش توختىتىپ كۆچەت قويۇشقا قاتنىشاتتى. مانا ھازىر ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا تىككەن كۆچەتلەر يوغىناپ باراقسانلاپ كەتكەنىدى. بۇگۈن ھاۋا گەرچە دىمىق بولسىمۇ

سۆگەتلەرنىڭ ئاستىغا كىگىز ـ گىلەملەرنى سېلىپ باراۋەت قىلىشىۋاتقان ياشلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى قوملۇق باغرىدىكى بۇ سەيلىگاھنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋەتكەندى. ئاۋاز ياڭراتقۇلاردىن چىقىۋاتقان ناخشىلارغا ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ ئىنتايىن غەمسىزلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار ئورمانلىقنى بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ خالىس بەرپا قىلغانلىقىنى، ناھايىتى يىراقلاردىن چېلەك بىلەن سۇ توشۇپ كېلىپ سۇغارغانلىقىنى، كېيىن بىر كارىزنىڭ سۈيىنى بىۋاسىتە مۇشۇ ئورمانلىققا باشلاپ كېلىش ئۈچۈن نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاش ئۆستەڭ ياسىغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟!

مەردان مۇشۇ ئورمانلىق بويسۇندۇرۇپ ياۋاشلاپ قالغان قوملۇققا قارىدى، ئورمانلىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن قوم بارخانلىرى چۈلۈك سېلىنغان كالىدەك ياۋاشلاپ ئۆز جايىدا توختاپ قالغانىدى. مەردان قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يان تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن قوملۇققا قاراپ ماڭدى، چۈنكى ئۇنىڭغا هازىر ھېچنېمە تېتىمايتتى، شۇنداق يېقىملىق خەلق ناخشىلىرى، گىتار چېلىپ مۇھەببەت ناخشىسى توۋلاۋاتقان ياش ناخشىچىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىمۇ ئۇنى ئۆزىگە تارتالمىغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ قوم بارخانلىرىنىڭ بىرسىگە يامىشىپ چىقىپ يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سالغاچ يالغۇز خىيال سۈرگۈسى كېلىپ قالغانىدى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا قومغا كۆمۈلىدىغانلار يوق

ئىدى، مەردان ئەڭ چەتتىكى بىر قۇم بارخىنىنى نىشانلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى قىينىلىۋاتقان قەدىمى ئۇنى جاھىللارچە كەينىگە تارتاتتى.

مەردان ئاخىرى قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان قۇم ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. قىزىق تەپتى سۇسلاشقان قۇملۇق ئۇنىڭغا سەل سوۆرۈن كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەر خىل خىياللار ئىسكەنجىسىدە تۇنجۇققان كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشۈپ قالغاندەك بولدى. ئۇ مەھەللىسىگە قارىدى، قۇملۇق باغرىدا يېشىل يېپىنچا يېپىنىپ ياتقان كىچىك ئورمانزارلىق، باغباراڭلار ئارىسىدا مۈكچىيىپ ياتقان كۆجۈم مەھەللە، يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇزتاغ ئاتا تۇتۇلغان ھاۋا تەسىرىدىنمىكىن، بوزىرىپ ياتاتتى، شۇ تاپتا مەرداننىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئانا يۇرتىنى تۇنجى قېتىم ئاجايىپ بىر سوۆرۈن ھالەتتە زاھىر قىلغانىدى.

«توۋا، — دېدى ئۇ ئۆز — ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئادەم خۇشاللىقتىن يايرىغاندا ئىنتايىن سۆيۈملۈك ھەم گۈزەل كۆرۈنىدىغان بۇ مەھەللە بۈگۈن كۆزۈمگە بۆلەكچىلا كۆرۈندى — يا؟ قارىغاندا روھىي ھالەتنىڭ ئۆزگىرىشى شەيئىگە بولغان كۆزقاراشنىڭمۇ ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلامدۇ نېمە؟...»

مەردان شۇلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ جەۋھەرنىڭ خېتىنى يانچۇقىدىن ئالدى، بۇ خەت تېخى ئۇنىڭ قولىغا تۇنۇگۈنلا تەگكەنىدى، شۇ چاغدىن تارتىپ ئۇ بۇ خەتنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇغانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ

بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خەت جەۋھەرنىڭ ئۆزىگە بولغان سادىقلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپلا قالماي، بۇ قىيتىمقى قاتىللىقنىڭ ئەمەلىي جەريانى خاتىرىلەنگەن مۇھىم يازما ماتېرىيال ئىدى، مانا مۇشۇ ماتېرىيال ئادىلجان ئادۋوكاتنىڭ قولىغا تەگسىلا بۇ دېلونى قايتا قاراپ چىقىش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ.

مەردان بەش بەت يېزىلغان بۇ خەتنى كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ قايتا ئاچتى، خەت ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغان بىلەن بەكمۇ رەتلىك ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۇ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

*«سۆيۈملۈكۈم مەردان، ياخشى تۇرغانسەن، سېنى سۆيۈملۈكۈم دەپ ئاتاش ماڭا ھازىرچە تازا ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ شۇنداق ئاتاشقا رۇخسەت قىلغايسەن.*

*مەن سېنىڭ ھازىر ئاجايىپ بىر خىل تەڭقىسلىقتا ياشاۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن ئەسلىي بۇ جېدەلدىن، تەتۈر قىسمەتتىن ئۆزۈڭنى تارتقان بولساڭ مەن خاتىرجەم بولاتتىم، لېكىن سەن نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭغا كۆنمەيۋاتىسەن، بەلكىم ئىككى يىللىق مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ماڭا ئازراق بولسىمۇ روھىي تەسەللى بولۇپ قالسۇن، دېگەنلەرنى ئويلىساڭ كېرەك...*

*بۇ جاھاننىڭ قىسمەتلىرىگە ياقا تۇتماي ئامالىڭ يوقكەن، مەردان، ئىنسان دېگەن يارالغان كۈنىدىن تارتىپ ئۇ ئالەمگە ماڭغىچە مۇشۇنداق بىر*

زىددىيەتلىك دۇنيا ئىچىدە ياشايدىكەن، مېنىڭچە بۇ دۇنيادا غەمسىز ياشايدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمىسا كېرەك، مانا مەن كىچىكىمدە ئىنتايىن غەمسىز بىر قىز ئىدىم، رەھىمەتلىك دادام ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن يېتىمسىرەپ بىردىنلا دەردمەن قىزغا ئايلىنىپ قالدىم، ھەتتا ئىنتايىن قەبىھ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ تۈرمىگە كىرىپ قالدىم. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەرقانداق بىر ئادەم مەڭگۈ چوڭايماي، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىدا ئەركىلەپ غەمسىز بالىلىق چاغلىرىدا تۇرۇۋەرسە ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ، مېنىڭ غەمسىز چاغلىرىمنى دادام ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كەتتى، چۈنكى شۇ كۈندىن تارتىپلا مېنىڭ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدىغان بولدى. يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، قىزلىق لاتاپىتىمنىڭ نامايان بولۇشىنىڭ ماڭا بۇنچىلىك ئېغىر ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي...

بىلەمسەنكىن، مەن سېنى كىچىك چېغىمدىن باشلاپلا ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ چاغلاردىكى ياخشى كۆرۈش سەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈش بولۇپ، خۇددى ئانىسىغا ئەگىشىۋالىدىغان قوزىدەكلا سېنىڭ كەينىڭدىلا يۈرەتتىم، سەنمۇ خۇددى مېنى قوغداش سېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇڭدەك ماڭا بىرەرسى قوپاللىق قىلسا ئۇنىڭ بىلەن شۇ ھامان ئۇرۇشۇپ قالاتتىڭ. لېكىن، بۇ ئۇزاق داۋاملاشمىدى، دادام قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن شۇكىلەپ ئوقۇشلارمۇ ماڭا بەربىر بولۇپ

قالغانىدى، چۈنكى دادام مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇ مېنىڭ يولۇمدىكى بىر ماياك، ھەربىر ھەرىكىتىمدىكى كۆرسەتكۈچ چىراغ ئىدى، مۇشۇنداق سۆيۈملۈك غەمگۇزارىمدىن، تايانچىمدىن ئايرىلىپ قېلىش مېنى خۇددى قانىتى سۇنغان بىر قۇشقا ئوخشىتىپ قويدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇددى ئۇششۇك تەگكەن ھەرىلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدۇق، دىرىلداپلا قالدۇق، ئاپام بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى بوۋام بىلەن مومام بىزنى تايانچىسىز ياشىمىسۇن دېدىمۇ ئەتىمالىم، بىز بىردەمدىلا ئۆگەي دادىلىق بولۇپ قالدۇق، ھەممە بالا مانا مۇشۇ ئىشتىن باشلاندى...

بىز سوغۇق ھەم ئىنتايىن ناچار ئائىلىگە كەلگىنىمىزنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتىمەن، كېيىن بۇ ئادەمنىڭ ئىنتايىن قوپال، رەھىمسىزلىكىنى، ئوغلىنىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بىر تەلۋە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇ ئادەم پات - پات ئانامنى ئۇرۇۋالاتتى، ئانامنىڭ تاياق يەپ تۇرۇپمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن، ئۇ ئەسلىي بىزنى دەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەنىكەن ئەمەسمۇ. كېيىن بۇ ئادەم بىزگىمۇ سەت گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ قاتتىق تىل - ئاھانەتلىرىگە باشقا ئادەم چىدىمايدۇ.

ئۇنىڭ كۆزۈمگە ئەڭ سىغمىغان ئىشى مېنى مەكتەپتىن توختىتىش بولدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلىك

كىنىشكامنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىمدە ئۇ خۇشال بولۇش تۇرماق قاپىقىنى تۈرۈپ:

— بولدى، تولا ھىڭگايماي تاشلا ئۇ بىرنېمەڭنى، قىز بالىغا ئۇنچە كۆپ ئوقۇپ نېمە كېپتۇ، قاچانغىچە باقىمەن سىلەر ساقلاندىلارنى، ئەتىدىن باشلاپ سەنمۇ ئېتىزغا چىقىپ ئىشلە، — دېگەن گەپنى قىلىۋىدى، تاس قالدىم كەينىمگە ئۇچۇپ كەتكىلى. ئانامغا قارىسام ئۇمۇ ئاشۇ ئادەمگە يان بېسىۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرىدۇ، پاڭگىمدە يىغلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتىم...

گېپىم ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، خاپا بولما، مېنىڭ ئاھۇزارىم بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، چۈنكى مەن تۆت ئەتراپى بەكمۇ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بىر جايدا بارلىق ئازابلىرىمىزنىڭ مەنبەسىنى ساڭا ئېيتىش ئۈچۈن ۋاقتىم چىقسىلا ئاز - ئازدىن مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، شۇڭا گەپلىرىم قولاشماي قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

جاپپار دېگەن بۇ نەپرەتلىك ئىسىمنى پەقەتلا تىلغا ئالغۇم يوق ئىدى، لېكىن مېنى جىنايەت پاتقىقىغا سۆرىگەن ئادەم دەل ئاشۇ، ئۇ مەندىن ئون ياش چوڭ، مەن ئۇنى مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن تۇنجى كۈنىلا ياقتۇرمىغانىدىم، چۈنكى ئۇ دادىسىغىلا ئەمەس، بىزگىمۇ شۇنداق سەت بىر نەزەردە قارىغانىدى. مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇرۇپ دادىسىغا ۋارقىراشلىرىدىن شۇنداق قورقۇپ كەتتىمكى، ئانامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم، قانىتىم بولسا بوۋاملارنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپلا كەتكۈم كەلگەنىدى،

لېكىن ئانامنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

شۇ كۈندىن تارتىپ بىزنىڭ خۇشال كۈنلىرىمىز بوراندا قالغان قامغاقتەك يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. بۇ ئۆيدە ئۆگەي دادامنىڭ قوپال تىللىرى، جاپپارنىڭ ۋارقىراشلىرى، دادىسىغا ھۇرپىيىشلىرى، ئانامنى سەت سىلكىشلىرى، ھەتتا بىزگە بولغان قوپال مۇئامىلىلىرى مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتكەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئانامنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئوغرىلاپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن قۇلىقىمىز خېلىلا تىنچىپ قالدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ چىققان جاپپار سېپى ئۆزىدىن لۇكچەككە ئايلىنىپ قايتىپ كەپتۇ، ئەمدى ئۇ ئائىلىدىلا ئەمەس، ھەتتا مەھەللىدىمۇ ئالتۇپلاڭ چىقىرىدىغان لۇكچەك بولغانىدى، كېيىن ئۇ مايسەم ئىسىملىك بىر تول خوتۇنغا باسقۇنچىلىق قىلىپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى، قۇلىقىمىز يەنە تىنچىپ قالغاندەك بولدى...

ئۇ تۈرمىدىن قايتىپ چىققاندا مەن بويىغا يەتكەن بىر قىزغا، يەنى سەن بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەن مۇھەببەتلىك بىر قىزغا ئايلانغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىپلا ماڭا كۆز تاشلاپ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسەن؟ تەبىئىيكى، مەن ئۇنى كەسكىن رەت قىلدىم، چۈنكى ئىككىمىزنىڭ چىن سۆيگۈسى ئالدىدا مۇنداق قەبىھ لۇكچەكنىڭ ماڭا

قويغان بۇ تەلىپى بىمەنىلىك ئەمەسمۇ، مانا مۇشۇ رەت قىلىش بىزنى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز خورلۇقلارغا دۇچار قىلدى، دادىسىنىڭ ئانامغا قىلىۋاتقان بېسىملىرى، «قىزىڭغا گەپ قىل، ئوغلۇمغا تەگسۇن، بولمىسا...» دەپ قوقاق سېلىپ دومىلاشلىرى، جاپپارنىڭ مېنى چۆرگۈلەپ خۇددى چۈجىنى قاماللىغان قارچىغىدەك ماڭا تەھدىت سېلىشلىرى مېنى ئوبدانلا چۆچۈتتى، بۇنى قانداقمۇ تەلەپ قويۇش دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرى ئاشكارا بۇلاڭچىلىققۇ...

مەن ئاخىرى سېنى ئىزدەش قارارىغا كەلدىم، لېكىن سەن مېنىڭ ئار - نومۇسۇمنى ساقلاپ قېلىش، ئانامنىڭ بويۇن قىسىپ قالماسلىقى، مۇھىمى ئانامنى ئۇلارنىڭ تاياق - توقماقلىرىغا تاشلاپ بەرمەسلىكنى كۆزلىدىڭمىكىن، مەن بىلەن قېچىشنى رەت قىلدىڭ. قانۇن ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغداش تەكلىپىنى بەردىڭ، لېكىن سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ مۇشۇنداق بىر قارارغا كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي قالدىڭ. مەن پەقەت پاك مۇھەببىتىمىزنى قوغداپ قېلىشنىلا ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، شۇ قېتىمقى قاراردا سەن خاتا قىلغانىدىڭ، ئەگەر سەن شۇ چاغدا مۇھەببىتىمىزنى قوغداپ قېلىش يولىدا قانچىلىك تەۋەككۈل قىلىپ ئالدىڭغا كەلگەنلىكىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ...

مېنىڭ قىزلىق غۇرۇرۇم ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى، چۈنكى بىز قىزلار

*بۇنداق ئىشتا يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساق ئەيىب ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بىز ئىچكى سىرلىرىمىزنى، مۇھەببەتلىك كۆڭلىمىزنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا تاشلىيالمايمىز، ئۇنى ئىچىمىزگە سىڭدۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولىمىز، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ تۇيغۇ مېنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشتىن توسۇپ قالدى، خۇددى سېنى بۇ يۇرتتىكى ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن توسۇپ قالغاندەك...»*

مەردان خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى كاچاتلاپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، شۇ كۈنى جەۋھەرنىڭ قېچىش پىلانىغا قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى، دېمىسىمۇ بىر قىزنىڭ «قېچىپ كېتەيلى، بىزنى ھېچكىم تاپالمايدىغان يەرگە كېتەيلى» دېيىشى ئاسان گەپمۇ؟ مەردان جەۋھەرنىڭ ئۆيدىكى بېسىم دەستىدىن پىچاق سۆڭەككە يەتكەچكە، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى خالىماي قېچىپ كېتىشنى پىلانلىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنىۋاتاتتى، ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قاچقان بولسا بۇ كۈنلەر ئۇنىڭ بېشىغا كەلمىگەن بولاتتىمۇ؟ ئۇ كۆڭلى غەش بولۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن خەتنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئۇنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

*«پاچىئە يۈز بەرگەن كۈنى مەن يازلىق ئوچاق ئالدىدا چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم، ئانام*

مېنى ئازراق ساقلاپ تۇرۇشقا چىدىماي: «قاچا ـ قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ كەينىمدىن تېزرەك بارارسەن» دەپ ئېتىزغا ماڭدى. كېۋەزلىكىمىزنى ئوت بېسىپ كەتكەنىدى، ئانام ئىككىمىز ئىككى كۈندىن بۇيان شۇنى ئوتاۋاتاتتۇق. ئۆگەي دادام نېمىلەرنىدۇ دېگىنىچە كوچىغا ماڭدى، ئىككى ئۇكاممۇ سومكىلىرىنى ئارتىپ مەكتەپكە كەتتى. جاپپار چۈشلۈك تاماقنىمۇ كەلمىگەنىدى، ئۇ ئەتىگەن چىقىپ كەتسە يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، ھەتتا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

بۇ پاجىئەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلىگۈم يوق، چۈنكى مەن شۇ چاغدا پەقەت ئۆزۈمنى، مۇھىمى ئىپپىتىمنى قوغداشنىلا ئويلىغانىدىم. نەلەردىندۇ پەيدا بولغان ئاشۇ يىرگىنچلىك ئەبلەخ ماڭا تەھدىت سېلىپ ئەگەر ئوغلىغا تېگىشكە ئۇنىمىسام مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا نومۇسۇمغا تېگىپ رەسۋا قىلىدىغىنىسىنى ئېيتتى، مەن شۇ چاغدىلا بۇ تەھدىتنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى، ئۆزۈمنى قوغدىمىسام بۇ ئەبلەخنىڭ راستتىنلا ماڭا قول سالىدىغانلىقىنى پەملەپ قولۇمغا پىچاق ئېلىۋالدىم، مەن ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەچكە قولۇم تىترەپ تۇراتتى، ئۇ بۇنى كۆرۈپ پىچاق سالالمايدىغانلىقىمنى پەملەپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، قولۇمدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا ماڭدى ـ دە، ئوچاق يېنىدىكى بىر تال

كۆيمەي قالغان جىگدە ياغىچىغا پۇتلىشىپ ئالدىغا سەنتۈرۈلگەن پېتى قۇچىقىمغىلا يىقىلدى، مەن پىچاقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالغاچقا پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى، بولغان ئىش شۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى تازا ئەسلىيەلمىدىم، ئەسلىدىنلا قاندىن قورقىدىغان بولغاچقا قورسىقىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىشۋاتقان قاننى كۆرۈپ تالاغا چىقىپ ئادەم چاقىردىم ـ دە، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن...

تۇنجى سوراقتىلا ئۇنىڭ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغىنىنى يوشۇرۇپ قالدىم، چۈنكى دوختۇرغا تەكشۈرتۈش ئىشى چىقىدىكەن، مەن ساق ھالەتتە چىقىشىم تەبىئىي. شۇنداق بىر ئەندىشە بولغاچقا ئۆزۈمنى قوغدايمەن دەپ پىچاق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى دېگىنىم بىلەن پاكىت كۆرسىتەلمەيمەن، يەنى بىر جەھەتتىن، خەقنىڭ يوقنى بار قىلىپ يەنە نېمە گەپلەرنى تارقاتمايدۇ دەيسەن؟ يەنە بىر تەرىپى، جاپپارنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. دېمەك، جاپپار ماڭا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولدى دېگەن گەپ، مەن ئۆزۈمنى قوغداش يولىدا يوللۇق قوغداندىم دېيىش ئارقىلىق جىنايىتىم يېنىكلىتىلگەن تەقدىردىمۇ تۈرمىدىن چىققاندا ماڭا ئۇنىڭ ئارامچىلىق بەرمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق، شۇنداق بولغاندا ئۇ مېنى ئۆلتۈرمىگەن تەقدىردىمۇ مېيىپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۆزۈمنى ئاقلىشىمنىڭ نېمە پايدىسى، جىنايىتىم يېنىكلەپ

*ئون ـ يىگىرمە يىلدا چىقىشنى ئويلىسامىلا بىشىم قايىدۇ، چۈنكى سىرتتا مىنى ساقلاپ تۇرغىنى ئاھانەت، قاباھەت، جاھالەت... پەقەت مۇشۇ تۇرمىلا مىنى ئارامخۇدا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ...»*

ــ جەۋھەر، جىنىم جەۋھەر، مەن گۇناھكار، مەن سىنى قوغدىيالمىدىم، مىنى كەچۈرسەڭمۇ، سۆيۈملۈكۈم جەۋھەر...

مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇشىغا ۋارقىرىدى، قۇملۇق سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى باغرىغا سىڭدۈرۈۋەتتى. يىراقتىكى قۇملۇق ئىچىدە يۈرگەن كىشىلەر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدە ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراۋاتقان بۇ ئادەمگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ باشلىرىنى چايقىشىپ ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى. مەردان ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا بار كۈچى بىلەن توۋلاپ جەۋھەردىن كەچۈرۈم سورايتتى، جەۋھەر شۇنچە ئىغىر بىسىم ئالدىدىمۇ پاكلىقىنى، ياق، ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قوغداش يولىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەنىدى، ئەگەر مۇشۇنچىلىك جاسارەت مەرداندا بولغان بولسا ئۇ قارا كۈنلەرگە دۇچار بولۇپ قالارمىدى؟

مەردان بىردەم ۋارقىراپ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى چىقىرىۋەتكەندىن كىيىن ئورنىدا ئولتۇردى. ئەمدى جەۋھەرنىڭ خېتىنىڭ داۋامىنى ئوقۇش ھاجەتسىز، كىيىنكى قۇرلار ئۇنى ئازابلايدىغان، پاراكەندە قىلىدىغان سۆزلەر ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ خەتنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس،

بەلكى ئۆزلىرىنى پەيلەپ ئۆستۈرگەن مۇشۇ قۇملۇققا ئوقۇپ بېرىۋاتقاچقا خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇۋېتىشنى قارار قىلدى. ئۇ قۇملۇقنىڭ ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسىگە گۇۋاھچى بولالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى؟

*«ئىككى قېتىملىق خېتىڭنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ بەكلا سەمىمىيەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىككى يىلغا يېقىن مېھىرلىك سۆيگۈ قۇچىقىدا تەڭ ئەللەيلەنلىكىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ ھەم ساڭا راست گەپنى قىلىپ ئۆزۈمنىڭ پاك سۆيگۈسىنى، ئىپپىتىمنى قوغداش ئۈچۈن مۇھەببەت قۇربانى بولغانلىقىمنى دەپ قويۇشنى ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا جاۋاب خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم. ئوبدانىراق ئويلاپ باق، ماڭا بۇ خەتنى يېزىشنىڭ قانچىلىك تەس كەلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەنكىن، بۇ خەتنى نەچچە كۈندە يېزىپ بولغانلىقىمنى، قانچىلىك كۆز ياشلىرىمنىڭ مۇشۇ ئاق قەغەز ئۈستىگە تۆكۈلگەنلىكىنى تۇرمىداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر تۇرمىداشلىرىم ماڭا غەيرەت ئاتا قىلمىغان بولسا مەن بۇ خەتنى ساڭا ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم. ئاخىرى جېنەستەم ھەدەم ماڭا غەيرەت ئاتا قىلدى، ئۇ بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزنىڭ باشلىقى، ناھايىتى ياخشى ئايال، ماڭا ئۆزىنىڭ قىزىدەك كۆيۈنىدۇ، جېنەستەم*

ھەدەم بەزىدە: «سەن ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرگەن، لېكىن سېنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئاشۇ مەردانىڭنى بىر كۆرسەم بولاتتى» دېگەن گەپنى بەك كۆپ تەكرارلايدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدىغانلىقىنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن...

مېنى ئاقلاش ئۈچۈن ئادۋوكات تاپقانلىقىڭنى، مېنى بالدۇرراق تۈرمىدىن ئاچىقىپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلانغىنىڭنى ئۇقۇپ بەك خۇش بولدۇم، شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھازىر خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالغان ئوخشايسەن. ئانامنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بىللە چىققانلىقىڭنى ئاڭلىغىنىمدا قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم، سەندىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇم، لېكىن بۇ سېنىڭ تەلىپىڭگە قوشۇلغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ، بۇ زىنھار مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئويلاپ باق، ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر قاتىل قانداقمۇ قەدىرلىشىڭگە، سۆيۈشۈڭگە ئەرزىسۇن؟ بۇنى مەنلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئاناڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ، ھەتتا مەھەللە ـ كويدىكى ھەممىلا ئادەم قوبۇل قىلالمايدۇ، سەن مۇشۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن ئازار يەيسەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا تىل ـ ئاھانەتكە قالىسەن، شۇڭا مېنى ئۇنتۇپ كەت، بىمەنە خىياللىرىڭنى تاشلاپ ياخشىراق بىرەر قىزنى تېپىپ بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇۋال، مەن

*مۆشۈ تۆت ئەتراپى قېلىن سوقما تاملار بىلەن قورشالغان تۈرمە ئىچىدە تۇرۇپ ساڭا خاتىرجەملىك، ئائىلەڭگە ئاسايىشلىق تىلەيمەن...*

*ئاخىرىدا ساڭا يەنە شۇنى قايتا ئەسكەرتىپ قويايكى، مېنى پۈتۈنلەي يادىڭدىن چىقىرىۋەت، بولمىسا مەن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ساڭىمۇ ئەگىشىپ قالىدۇ...*

*بەختى قارا جەۋھەردىن.»*

مەردان خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى، بۇ خەت ئۇنىڭ جەۋھەرگە بولغان قاراشلىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى، بولۇپمۇ مۇشۇ خەت قولىغا تەگكۈچە بولغان ئارىلىقتا «جەۋھەر ئەمدى قاتىل بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى، ئىككىمىزنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى، ئۇنى كۈتۈش ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىشنى خىيال قىلغاندەك بىمەنىلىك» دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسىنى سوتقا، ئۇرۇمچىگە ئاپىرىشلىرى پەقەت ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن، بولۇپمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن بىر قىزنىڭ سۆيگۈسىگە جاۋابەن قىلىۋاتقان ۋاقىتلىق بىر ئىش دەپلا قاراپ كەلگەنىدى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ مانا شۇ قاراشتا ئۇنى ئاخىرقى قېتىم جەۋھەرنى يوقلاپ كېلىشكە رۇخسەت بەرگەنىدى، لېكىن ئۇنتۇش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەسكەن، ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ قالغان ئادىلجان ئادۋوكات بۇ دېلو توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئۇنىڭ بۇ

قارارنى سەل تەۋرىتىپ قويدى. ئۇ ئادىلجاننىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ: «ئەگەر جەۋھەرنىڭ دىلوسىدا راستتىنلا ئۆزگىرىش بولۇپ ئون ـ ئون بەش يىللاردا تۈرمىدىن چىقىدىغان ئىش بولسا ئۇنى ساقلايمەن» دېگەن بىلەن كاللىسىدىكى دېلىغوللۇق بار ئىدى، مانا ئەمدى بۇ خەت دېلىغوللۇقنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئەمدى ئۇ ئادىلجان بىلەن ھەمكارلىشىپ جەۋھەرنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىپ قايتۇرۇپ چىقىشنىلا ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى.

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، ئەتىگەندىن بۇيان قويۇق بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان گۈمبىزى نېمە ئۈچۈندۇر بىرسى ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭغانىدەك شەرققە سۇرۇلۇپ ئىللىق قوياش ئۆزىنىڭ نۇرلۇق جامالىنى نامايان قىلغانىدى، شۇ تاپتا پۈتۈن ئەتراپنى نۇرغا چۆمدۈرگەن قوياش ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى، كۆڭلىدىكى غەشلىك يوقالسا روھلىنىپ قالامدۇ كىشى؟ مەردان قۇم بارخىنىدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتقۇسى ھەم قوملۇقتا دومىلاپ ئويناشقۇسى كېلىۋاتاتتى، يارىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكى يادىغا يەتكىنىدە تۇرۇپلا بىمەنە خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۆيگە قايتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئازاب. ئوغلىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان ناسىرجان شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرىدۇ ھەرقاچان.

مەردانىنىڭ خىيالىغا بىردىنلا بايىقى خۇشاللىقلىرىنى

نەلەرگىدۇ تارقىتىۋەتكەن مۇشۇ ئىش يەتكىنىدە بەدىنىگە يېنىك تىترەك ئولاشقانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ چاغدا دادىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا قارىداپ خۇددى تۇسمىنى يار ئېلىپ كەتكەندەك ئاچچىق تىللىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇنى بولۇشىغا تىللاپ ئۆيدىنمۇ قوغلاپ چىقارغانىدى. ئۇ هازىرقى قارارىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان بولسا دادىسى هوشىدىن كېتىپ قالارمىكىنتاڭ؟!

مەردان جەۋھەرنىڭ خېتىنى تۇنۇگۇن ئەتىگەن يېزا پوچتىخانىسىنىڭ خادىمى سەكرۇللانىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋالغانىدى، خەتنى ئالغاندا دائىم مۇغەمبەرلەرچە هىجىيىپلا تۇرىدىغان سەكرۇللا ئۇنىڭغا تازا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— سىز ئاراقۇمدىكى هېلىقى ناسىرجان بوغالتىرنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن ـ هە؟ تۇرمىدىمۇ تۇغقانلىرىڭلار بارمىدى؟ — دەپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويغانىدى.

مەردان ئۇ ئادەمنىڭ هىجىيىپ تۇرغان بىلەن مەنىلىك كۈلۈۋاتقان تۇرقىغا قاراپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ سەكرۇللانىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا پوچتىخانىدىن قايتىپ چىقتى، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ هېلىقى تېگى بار گەپلىرىدىن بىر خىل شۇم خىيالنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى هېس قىلىپ ئويلىنىپ قالدى.

«تۇۋا! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى مەردان، — تۈرمىدىن خەت كېلىشىمۇ ئۇلارنى شۇنداق ۋەسۋەسىگە سالسا بۇ جاهاننىڭ ئادەملىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ـ هە؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا تۈرمىدە ياتقان ئادەملەرنىڭ

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ خۇددى جىنايەتچىدەك كۆرۈنىدىغان ئوخشىمامدۇ بۇ ئادەملەرگە... قاچانمۇ بىر ئىشلارغا توغرا قارايدىغان، باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدىغان ئادەملەردىن بولارمىز ـ ھە...»

مەردان پوچتىخانىدىن چىقىپلا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ مەھەللە يولىغا چۈشتى، ئۇ ئاراقۇمغا يېقىنلاشقاندا مەھەللىسىگە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قېلىن سۆگەتلىك بولۇپ، باراقسانلىغان شاخلىرى ئۆستەڭ ئۈستىگە كۈنلۈكتەك يېيىلغانىدى، سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى ئېرىق باغرىدىكى شىۋاق ۋە قىياقلارنى يېنىك ئەركىلىتىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى، ئۆستەڭ بويىدىكى بۇيا، چىغىرتماقلار تازا يېيىلىپ ئۆسكەن بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. خەتنى ئوقۇشقا ئالدىرىغان مەردان ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەتكە ۋېلىسىپىتىنى يۆلەپ قويۇپ چىغىرتماق ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ خەتنى ئاچتى ـ دە، ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ خەت ئۇنىڭغا «مۇشۇ جىنايەتنىڭ ئەڭ چوڭ جاۋابكارى سەن» دېگەندەك بىر مەنىنى بەرگەنىدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى زادىلا ئارام تاپالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ تۇرغان بۇ خەت ئۇنى بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى، لېكىن بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئادىلجانغا بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقۇزۇش كېرەكلىكىنى ئويلىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى،

ئانىسىغا: «مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، هازىرلا قايتىپ كېلىمەن» دەپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئادىلجانغا تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ماگىزىنغا كىردى، ئىچىدە بىرنەچچە بىكار تەلەپىنىڭ پوكەي يېنىغا قويۇلغان كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەينىگە ياندى.

— هەي مەردان، نەگە بارىسەن؟ — دېدى قولىغا لىق بىر ئىستاكان هاراق كۆتۈرۈۋالغان بىر مەھەللىلىك دوستى مەخسۇت ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، — بىزنى كۆرۈپ ئەجەب ئۇركۈگەك تايدەك قاچىسىنا، كەل، بىرەر رومكىدىن ئىچىشەيلى.

— مەن هاراق ئىچمەيمەن، — دېدى مەردان كەينىگە داجىپ، — سىلەر ئىچىۋېرىڭلار بولدى.

مەردان ئىشىكتىن چىقىشىغا مەخسۇتنىڭ «مۇشۇ مەردانىنىڭ بەزى قىلىقلىرى خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزىلا، مۇشۇمۇ خوتۇن ئالالارمۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى هامانلا سورۇندىكىلەرنىڭ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك تېتىقسىز كۈلۈشلىرى مەردانىنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسىملا قىلىپ قويدى.

ئۇ ئاستا مېڭىپ مەھەللە دوقمۇشىدىكى تۇغۇلغان ئايال ئاچقان ماگىزىنغا كىردى، مەردان دۇكانغا كىرگەندە ئاق سېرىق، دوغىلاقىنە كەلگەن بۇ ئايال تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ مەردانىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— تېلېفون ئۇرۇۋالاي، — دېدى مەردان يان تەرەپتىكى ئۈستەلگە تىزىلغان تېلېفونلارنى كۆرسىتىپ.

ئايال مەردانغا «ئۇرىۋېرىڭ» دېگەن مەنىدە باش

لىڭشىتىپ قويۇپ تېلېفۇنىنىڭ ئاۋازىنى سەل پەسەيتتى، مەردان پورتمىنىنىڭ ئىچىدىكى ئادىلجاننىڭ ئىسىم كارتىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يان تېلېفونىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفون ئۇلىنىپ بىردەم مۇزىكا چىققاندىن كېيىن ئادىلجاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئادىلجان ئىنتايىن سىلىق ئاۋازدا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى مەردان قىزغىنلىق بىلەن، — مەن بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن سىلى بىلەن ئۇچراشقان، ھېلىقى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى قىزنىڭ ئانىسىنى ئۇرۇمچىگە ئاچىققان مەردان.

— ۋاي، ئاخىرى تېلېفون قىپسىز ـ دە، — دېدى ئادىلجان ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن، — مەن سىزنى تېخى شۇ كەتكەنچە يوقالدىڭىز، قانداق بولغاندۇ، مەن دېگەن ئىشلارنى بىجىرەلىگەنمىدۇ، دەپ ئولتۇراتتىم. ھازىر بىر دېلو ئىشى بىلەن قەشقەردە تۇرۇۋاتىمەن. ھە، ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى؟

— جەۋھەر ئاخىرى ھەممە ئەھۋالنى يېزىپ ماڭا خەت ئەۋەتىپتۇ، بۈگۈن تاپشۇرۇپ ئالدىم، — دېدى مەردان گەپنى يىغىنچاق قىلىپ، — دېلودىكى ھەممىلا ئەھۋال سىز پەرەز قىلغاندەك چىقتى، قارىغاندا ھۆكۈم راستىنلا خاتا كەتكەندەك تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى ئادىلجان، — بىز ئەمدى قايتا نارازىلىق ئەرزى بەرسەك تامامەن بولىدۇ، شۇڭا سىز قولىڭىزدىكى ئاشۇ خەتنى، ھۆكۈمنامىسىنى، قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئىگىلىگەن

ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇسخا كۆپەيتىۋېلىپ ئەسلىي نۇسخىسىنى مېنىڭ ئادرېسىمغا سېلىۋېتىڭ؛ مەن بۇ يەردە بىر ھەق تەلەپ دېلوسىغا ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتىمەن، ئەتە سوت ئېچىلىدۇ، ئەتە كەچنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئالغان، ئۆگۈنلۈككە ئىشخانىدا بولىمەن، شۇڭا ئۇنى تېز يوللانما قىلىپ سېلىۋېتىڭ، ئەمىسە خوش، مەن ھازىر جاۋابكارنىڭ ئۆيىگە ماڭغان...

ئۇ تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن ئايخېنىمنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇنىڭغا خەتنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزگەندىن باشقا ئادىلجان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، ئايخېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن يىغلىۋەتتى.

— بىر جېنىڭىزغا مىڭ جان قوشۇلغاي، جېنىم بالام، — دېدى ئايخېنىم تارام - تارام ياش تۆككەن ھالدا ماتېرىياللارنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، — جېنىم قىزىمنىڭ مۇشۇنداق بىر كۈنگە ئېرىشىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغان، قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرلا ئىلاھىم.

مەردان ماتېرىياللارنى ئېلىپ ۋېلىسىپىت بىلەن ناھىيە بازىرىغا ماڭدى، ناھىيە بازىرى بۇ مەھەللىگە ئون بەش كىلومېتىر كېلىدىغان بولغاچقا تېزرەك ماڭسا يېرىم سائەتتە بازارغا بېرىپ بولاتتى. يېزىلىق پوچتىخانىدىكى ھېلىقى ھەممىلا ئىشقا قىزىقىدىغان ئادەمگە بۇ يوللانمىنى بەرسە بايىقىدەك ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ تولا گەپ سوراپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماتېرىياللارنى كۆپەيتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ يەنىلا ناھىيە بازىرىغا بارماي ئامال يوق.

مەردان بۇ پوچتا يوللانمىسىنى تېز تېپىۋالغان يوللانما قاتارىدا سېلىنغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىق تارتمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى يەڭگىل ھېس قىلىدى. دادىسى بىلىسە قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئەتىلەرگىچە بۇ ئىشنى مۇۋاپىق پەيت تېپىپ دادىسىغا ئېيتماقچى بولدى. بىراق، دادىسىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىغان.

— تۈنۈگۈن پوچتىخانىغا بارغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى ناسىرجان ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرغاندا...

— ھەئە، بارغان، — گەپنى نەدىن، قانداق باشلاشنى ئۇقماي ئولتۇرغان مەردان بۇ گەپنىڭ تېشىلگەنلىكىدىن خۇش بولدى، — جەۋھەردىن خەت كەپتىكەن، شۇنى ئالغىلى بارغانىدىم.

— ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشىپ كۆرۈشكۈدەك بولغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ناسىرجان قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — قارىغاندا تۇرمىگە بېرىپ كۆرۈشۈش ئىسسىق كەلگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟!

مەردان دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بىر خىل ئاچچىق ھەم مەسخىرىنى سېزىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى ناسىرجان قولىدىكى چوكىنى چىنىسىنىڭ ئۈستىگە تاققىدە قويۇپ، — مەن بوپتۇ، مۇشۇ بىر قېتىم بېرىپ تۇرمىنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كەلسە ئۇ قاتىل قىز بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ، دەپ ئويلىغان، قارىغاندا تېخىمۇ چىڭىتىپ كەلگەن ئوخشايسەن ـ ھە؟

— ئۇنداق ئەمەس، دادا، — دېدى مەردان دادىسىغا

ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويغۇسى كېلىپ،ــ جەۋھەرنىڭ دېلوسىدا مەسىلە باركەن، بۇنى ئۇرۇمچىلىك بىر ئادۋوكات شۇنداق دېدى، ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قولىغا پىچاق ئېلىۋالغانىكەن، ئۆگەي دادىسى بىر ياغاچقا پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆزى پىچاققا ئۇرۇلۇپ كېتىپتۇ، بۇ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم زەخىملەندۈرۈپ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان دېلوكەن.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇ بۇ ئىشنى نېمىشقا بالدۇرراق دېمەپتۇ،ــ دېدى ناسىرجان ئۇنىڭغا غەزەپلىك تىكىلىپ تۇرۇپ،ــ ئەمدى بولغاندا ئۆزىنى ئاقلاپ مۇشۇنداق يالغان - ياۋىداق گەپنى قىلسا سەن ئېرىسىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن. بىلىپ قوي، بىزنىڭ جەمەتىمىزدە بۇنداق ناشايان ئىشلار چىقىپ باقمىغان، سەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىغۇچى بولما.

ــ دادىسى،ــ دېدى مايسىخان ئېرىنىڭ سۆزلىگەنچە چىڭقىلىپ ئاۋازىنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزگە ئارىلىشىپ،ــ ئاستىراق گەپ قىلسىلا، يۇرەك كېسەللىرى بار سىلىنىڭ، بۇنداق قىلىپ كېسەللىرىنى قوزغىۋالسىلا بولمايدۇ.

ــ ھەممىنى قىلغان سەن،ــ دېدى ناسىرجان ئايالىغا ھۈرپىيىپ،ــ مەن شۇ چاغدا بارمىسۇن دېسەم سەن ئارىغا چۈشۈپ، «مەردان جەۋھەرنى ياخشى كۆرەتتىكىنەي، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنىكىنەي، بۇ قېتىم بېرىپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ كەلسۇنەي» دەپ ئۇنى زورلاپ ئەۋەتتىڭ، ئەمدى ياخشى بولدىمۇ؟ مانا ئۇ ئەمدى خەت يېزىپ كۆرۈشمىدىغان بوپتۇ، تويدۇڭمۇ ئۇنى بارغۇزغىنىڭغا؟

— بۇ ئۇنداقمۇ ئىش ئەمەستۇ؟ — دېدى مايسىخان ئوغلىغا قاراپ، — داداڭنىڭ دېگەن گەپلىرى راستمۇ، بالام.

— يېرىمى راست، يېرىمى يالغان، — دېدى مەردان ئانىسىغا قاراپ، — ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى چىگىتىش مەسىلىسىنى تېخى ئويلاشقىنىم يوق، لېكىن دېلوسىنى قايتا ئىشلەپ جازاسىنى يېنىكلىتىشكە كۈچ چىقىرىۋاتقىنىم راست...

— ئاڭلاۋاتامسەن، مايسەم، — دېدى ناسىرجان ئايالىغا قولىنى شىلتىپ، — دېگەنلىرىمنىڭ يېرىمى يالغان، يېرىمى راستكەن، تېخى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر جىنايەتچىنى ئاقلاپ تۇرمىدىن ئاچىقىدىكەن بۇ نوچى. مەن ساڭا دەپ قوياي، — دېدى ئۇ مەردانغا بىگىز بارمىقىنى چەنلەپ، — ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قانداق مۇھەببەتلەشكەن بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزىسەن، ئۇنى ئاقلاش، نارازىلىق ئەرزنى بېرىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەگەر مۇشۇ گەپكە كۆنمىسەڭ بۈگۈندىن باشلاپ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزىسەن، چۈنكى ناسىرجاننىڭ ئوغلىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل بىلەن مۇناسىۋىتى باركەن دېگەن گەپنى بىز كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمىز.

— دادا، نېمانداق كېپىمنى چۈشەنمەيدىغانسەن، — دېدى مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — مەن پەقەت قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزى، شۇنداقلا بىرگە چوڭ بولغان، مۇھەببىتىمگە، قەدىرلىشىمگە نائىل بولغان بىر قىزغا

ياردەم بېرىشتىن باشقىنى ئويلىغىنىم يوق، مەن پەقەت ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بولۇپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ياردەم قىلاي دېدىم شۇ، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئۇ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولماستىن، بەلكى خورلۇقتا ئۇچرىغاچقا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇقۇشماي ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر پاك قىز، مۇھىمى ئۇ مەن بىلەن بولغان ساپ مۇھەببىتىمىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى قوغداش يولىدا قۇربانلىق بەرگەن ۋىجدانلىق قىز...

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ، — دېدى ناسىرجان مەرداننىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ، — سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىسەن شۇنداقمۇ؟!

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا چىق ئۆيدىن! — دېدى ناسىرجان تامدەك تاتىرىپ، — مېنىڭ سېنىڭدەك بىغەرەز ئوغلۇم يوق.

— دادىسى، — دېدى مايسىخان ناسىرجاننىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۇنداق قىلمىسىلا، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە ئۇ نەگە باردۇ؟

— نەگە بېرىشى بىلەن كارىم يوق مېنىڭ، — دېدى ناسىرجان تېخىچە داڭ قېتىپ تۇرغان مەردانغا قاراپ ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — ئەمدى چىقىپ كەتمىسەڭ ماۋۇ پىيالە بىلەن كاللاڭنى يېرىۋېتەمەي يەنە.

مەردان دادىسىنىڭ ئاچچىقلانغاندا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە كەينىگە بىر ئاز داجىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

— مۇشۇ ئىشىكتىن ئاتلىساڭلا ساڭا ئەمدى بۇ ئۆيگە

كىرىش يوق جۇمۇ، — دېدى ناسىرجان قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە دوققىدە تاشلاپ، — هازىرمۇ ئاشۇ سۆزۈڭدىن يېنىۋالساڭ ئۆلگۈرىسەن بۇ ئۆيدە قېلىشقا.

— مەن چوقۇم بۇ ئىشنى باشقا ئاچىقىشىم كېرەك، دادا...

— يوقال! — سەكرەپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرغان ناسىرجان قولىغا پىيالىنى ئېلىپ مەردانغا قارىتىپ ئاتتى، مەردان تېزلىكتە ئىشىكتىن چىقىۋالغاچقا پىيالە ئىشىك قانىتىغا تەگكەنىكىن، جاراڭىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دادىسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يۈگۈرگەن هالدا سىرتقا چىقىۋالدى ـ دە، كەينىگە قارىدى، شۇ تاپتا دادىسىنىڭ ئىشىكنى تاراقلىتىپ هويلىغا چىقىشى، ئانىسىنىڭ ئۇنى توسۇش ئۈچۈن يالۋۇرۇشلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى...

مەردان ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ بەكمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قويغىنىنى هېس قىلدى. ئەسلىي بۇ ئىشنى ئۇ دادىسىغا بىلدۈرمەيلا قىلىپ، كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى، لېكىن هېلىقى سەكرۈللا دېگەن ئادەم دادىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بوپتۇ، بولمىسا بۇ خەتنىڭ ئىشىنى ئۇ قانداقمۇ بىلسۇن؟

ئۇ ئەمدى نەگە بېرىشنى ئويلىدى، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ئاللىقاچان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ چوڭ ئۆيدىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكىلى خېلى يىللار بولغانىدى، ئاچىسى ناهىيە بازىرىدا قاسساپچىلىق قىلىدىغان توختى قاسساپقا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، ئۆيى ناهىيە بازىرىغا ئوتتۇز كىلومېتىر كېلىدىغان

قارادۆڭ مەھەللىسىدە ئىدى، ئاچىسى مەردانىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرسىمۇ توختى قاسساپ ھەرقانداق ئادەمگە مولۇندەك قاراپ قاپىقىنى ئاچمايدىغان سۆرۈن تەلەت بىر ئادەم ئىدى. مەردان ئەنە شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن گۆش ئالىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى، شۇڭلاشقىمىكىن ئۇ ئادەتتە ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەمدىن ـ كەم باراتتى.

چوڭ ئاكىسى نەمەت كەم سۆز ئادەم بولغىنىغا باقماي ئايالى بەكلا كوت ـ كوت ئىدى، ئۇ كۆزىگە سىغمايدىغان بىرەر ئىشنى بايقاپلا قالسا كەچكىچە كوتۇلداپ ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مىڭىسىنى يەپلىۋېتەتتى، شۇڭا مەردان بۇ ئۆيگىمۇ ئانچە بېرىپ كەتمەيتتى.

مەردانىنىڭ ھالىغا يېتىدىغىنى كىچىك ئاكىسى مۇھەممەد ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى مايمۇنەم ئوڭلۇق بولۇپ، ناھايىتى يېقىشلىق ھەم مېھرىبان ئايال ئىدى، شۇڭلاشقىمىكىن مەردان دائىم ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مۇڭدىشاتتى ۋە كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەن بەزى ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەت سورايتتى، مۇھەممەدمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ ئۇنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قوياتتى. بۈگۈنمۇ مەردان شۇ ئۆيگە بېرىشنى قارار قىلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

مۇھەممەدنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى سايلىقتا بولۇپ، مۇشۇ جايدىن ئۆي ئورنى ئېلىپ كۆچۈپ كەتكەندى، ئۇ ئۆزىگە تەگكەن ئىككى مو يەردىكى تەككە قاراپ ئولتۇرسا ئىشىنالمايدىغىنىنى ئويلاپ بورداقچىلىق بىلەن شوغۇللانماقچى بولۇپ مۇشۇ سايلىقتىكى يەرنى تاللىغانىدى. مانا ئۆي تۇتقىنىغا بەش يىل بولغىنىغا

قارىماي ئۆيىنىڭ كەينىگە ناھايىتى چوڭ بىر قوتان سېلىپ ماللىرىنى يۇزگە يەتكۈزۈۋالدى. ئىشىكى ئالدىدىكى ئۈچ مو يەرگە ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىپ، سۇ قۇدۇقى قېزىپ ئېگىلىكىنى ئوبدانلا يۈرۈشتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ سايلىقتا كۆچۈپ چىقىشىغا بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان ناسىرجان ھازىر ئوغلىنىڭ ئېگىلىكىنى كۆرگەنلا ئادەمگە ماختاپ بېرىدىغان، ئىشى يوق چاغلاردا ئوغلى ئېلىپ بەرگەن موتوسىكلىتتا مىنىپ قورۇسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ كېلىدىغان بولغانىدى.

مەردان سايلىقنى نىشانلاپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىدىن قېچىپ چىققاندا ۋېلىسىپىتىنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، شۇڭا بەش كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كەلدى.

مەردان سايلىققا ئاز قالغاندا تونۇش موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتتى، چۈنكى بۇ دادىسىنىڭ موتوسىكلىتىنىڭ ئاۋازى ئىدى، مەردان ئىتتىك ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن يان تەرەپتىكى سوقما تاملىق باغچىنىڭ يېنىدىكى قېرى قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇ پەرەز قىلغاندەك ناسىرجان موتوسىكلىتلىق كېلىۋاتاتتى. دېمەك، ئەتىگەنكى ئىشتىن كۆڭلى ئازار يېگەن ئاتا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ دەردىنى تۆكۈپ قايتقانىدى.

مەردان دادىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قارىياغاچ دالدىسىدىن چىقتى، ئەمدى ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ـ بارماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. ناسىرجان مەرداننىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ چىقىپ كەتكەن

بىلەن، بارىدىغان باشقا يېرى بولمىغاچقا چوقۇم مۇشۇ ئۆينى پاناھ تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئۆيگە ئاتايىن چىقىپ مەردانىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئېنىق. «دادام مېنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ نەچچە كۈن سىرتلاردا سەرگەردان بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ، مەندىن كەچۈرۈم سوراپ، قىلغانلىرىغا توۋا قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدۇ ياكى ئاكامغا ‹مەردان ماڭا تەپ تارتماي گەپياندۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، بۇ يەرگە كېلىپ قالسا ئۇنى قوغلاپ چىقار، ئۇ بېشىنى تىقىدىغان بىرەر جاي تاپالمىسىلا قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ نىيىتىدىن يانىدۇ، دېگەندەك بۇيرۇقلارنى بېرىپ قايتقانمىدۇ...»

مەردان شۇنداق خىياللار بىلەن ئاكىسىنىڭ ئۆيگە بېرىشتىن رايى قايتىپ قالغان بولسىمۇ، باشقا بارىدىغان يېرى بولمىغاچقا يەنىلا ئاكىسىنىڭ ئۆيگە بېرىشنى ئويلىدى. ئۇنىڭغا بىردىنبىر يۆلەك بولالايدىغان پەقەت مۇشۇ ئاكىسىلا بار. ئۇ بايا ئايخېنىمنىڭ ئۆيگە بارماقچى بولۇپ تۇختاپ قالغانىدى، ئەگەر ئۇنداق قىلسا بۇ ئىشنىڭ بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە تېزلا بۇ نىيىتىدىن يانغانىدى. بۇ مەھەللىدە ئاجايىپ سۆزمەن ئاياللار بار، يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپلا قالسا ئۆيمۇئۆي ئېرىنمەي كىرىپ بىرگە نەچچىنى قېتىپ بىردەمدىلا ھەممىلا ئادەمگە بىلدۈرۈۋېتىدۇ، مۇنداق خەۋەر ئاشۇنداق ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن نەچچە دومىلاپ چىققاندىن كېيىن

خۇددى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك خەۋەرگە ئايلىنىدۇ. مەردان شۇنداق ئايالالارنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنىلا «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەندەك بىر ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ نىشاننى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە توغرىلىغانىدى.

مەردان هويلا دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ئاكىسى مۇھەممەدنىڭ دەرۋازا ئالدىكى ئۈجمە دەرىخى يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— مەن سېنى چوقۇم كېلىدۇ دەپ ساقلاپ تۇراتتىم، — دېدى مۇھەممەد قولىدىكى تاماكىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن ئېزىپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يېنىغا كېلىپ، — دادام ئالدىڭدىلا كەتكەنتى، ساڭا ئۇچرىمىدىما؟!

— ئۇچرىدى، — دېدى مەردان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — لېكىن مېنى كۆرمەي قالدى، مەن ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا مۆكۈنۈۋالغانىدىم.

— مۇشۇمۇ ئىشمۇ، ئۇكام، — دېدى ئۇ مەرداننى ئۆيگە باشلاپ كىتىۋېتىپ، — دادام يۈز - ئابرۇيىنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدىغان ئادەم، ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولساڭ بوپتىكەن، بەكلا رەنجىپ كەتتى.

— بۇ گەپلەرنى دادام ئۆزى دېگۈزدى ماڭا، بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرگۈدەك پۇرسەت بەرمەي سۆزلەۋېرىپ ئاخىرى مۇشۇنداق چوڭ ئىش چىقتى مانا.

— نېمىلا دېگەنبىلەن دادا ئەمەسمۇ، — دېدى مۇھەممەد ئۇنىڭغا مېهمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىۋېتىپ، — ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىشىڭ كېرەك

ئىدى، خەير، بولغۇلۇق بوپتۇ ئەمدى، مۇشۇ ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇر، دادامنىڭ ئاچچىقى يانغاندا ئۇنىڭغا ناماقۇل بولساڭلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ.

- ئۇلار ياسىداق مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى، مانا بۇ سايغا كۆچۈپ چىقىپ بورداقچىلىق قىلىپ نەچچە يىلدىلا ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان مۇھەممەد ئۆينى خۇددى شەھەرلىكلەرنىڭ داچىلىرىدەك بېزىتۋالغانىدى، مېھمانخانا ئۆينىڭ تاختايلىق پولىغا خوتەننىڭ قولدا توقۇلغان ئېسىل گىلەمنى لىققىدە كەلتۈرۈپ سالغانلىقتىن ئۆي خۇددى ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى، تامغا ئېسىلغان گىلەممۇ يەرگە سېلىنغان گىلەمگە پار قىلىنغانلىقتىنمىكىن، بۇ ئۆي خۇددى شاھلارنىڭ ئايرىمخانىسىدەك ئاجايىپ ئېسىل بىر تۈسكە كىرىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. مەردان ئىشىك ئالدىدىلا ئايىغىنى سېلىپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، سافاغا كېلىپ ئولتۇردى، سافا ئالدىغا قويۇلغان ئەينەكلىك چاي ئۈستىلىگە ھەر خىل مېۋىلەر، تاتلىق ـ تۈرۈملار تىزىلغان بولۇپ، ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان ئەللىك يەتتە دىيۇملۇق سۇيۇق كىرىستاللىق تېلېۋىزوردا يېقىندىلا ئىشلەنگەن سەنئەت كېچىلىكى قويۇلۇۋاتاتتى.

ــ سەن شاھ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياشاۋاتىسەن، ئاكا، ــ دېدى مەردان ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان مۇھەممەدكە قاراپ، ــ مەن بىچارە بايقۇش مانا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ سەرگەردانلىقنى باشلىدىم، يەڭگەم كۆرۈنمەيدىغۇ، ئاكا؟

— ئاپىسىنىڭ مىجەزى يوقكەن، يوقلاپ كىلەي دەپ بالىنى ئىلىپ كەتكەن.

— دادام نىمە دەيدۇ، تايىنلىق مىنى تىللاپ بەرگەندۇ، ياكى مىنى ئۆيۈڭگە كىرمىسۇن دەپ ساڭا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كەتكەندۇ، توۋا! مۇشۇ ئىشقىمۇ بۇنچىلىك چىچىلغان بارمۇ ئەمدى...

— بۇنى كىچىك ئىش دەۋاتامسەن؟ ئوبدانراق ئويلان، سەن ئۆيلەنمەمسەن؟ بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەمسەن؟ كىم ساڭا ئوخشاش تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن بىر قىزغا ئىشتىياق باغلاپ تۇرغان ئادەمگە قىزىنى بىرىدۇ، دادامنىڭ ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ يەردە، جىنىم ئۇكام.

— ئاكا، سىنى تىخى مىنى چۈشىنىدۇ دەپ ئالدىڭغا كەلسەم سەنمۇ دادامدەك گەپ قىلىسەنغۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا دادام ساڭا ئوبدانلا دەرس ئۆتكەن ئوخشايدۇ — ھە؟

— بۇنى ئەقلى بار ھەرقانداق ئادەم پەرەز قىلالايدۇ، ئۇكام، سەن بۇ ئىشتا ھىسسىياتقا بىرىلمەي ئەقلىڭنى ئىشقا سال، ھىسسىيات ئەقىلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسا بىرەر پالاكەت چىقماي قالمايدۇ...

— بولدى، ئاكا، — دىدى مەردان ئاكىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ — قورسىقىم ئاچ مىنىڭ، دادام ماڭا ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ بەرمەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، «بىر ھارغاندىن، بىر ئاچقاندىن گەپ سورىما» دەيدىغان گەپ بارغۇ، ماڭا ئاۋۋال تاماق بەر، ئاندىن سۆزلىشەيلى بۇ ئىشنى.

— يەڭگەڭ ئەتىگەن مىڭىش ئالدىدا بىرنەچچە گۆشنان سىلىپ ماڭا ئىككىنى تاشلاپ، قالغىنىنى ئاپىسىغا

ئېلىپ ماڭغان،ــ دېدى مۇھەممەد چاي ئۇستىلىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك پەشتاختىغا ئېلىپ قويغان گۆشنانىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ،ــ بايا دادام كەلگەندە ئۇنىڭ بىرسىنى يېدۇق، قارىغاندا مۇشۇ گۆشنان سىنىڭ رىزقىڭ ئوخشايدۇ، مەن هازىرلا چاي دەملەپ چىقاي، بۇنى يېگەچ تۇر.

مۇھەممەد سىرتقا چىقىپ كەتتى، مەردان گۆشناننى پارچىلاپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى، چۈنكى ئۇ ئەتىگەنكى ناشتىدىلا دادىسى بىلەن دېيىشىپ قالغانلىقتىن ناشتىنىمۇ تۈزۈك قىلمايلا ئۆيدىن هەيدەپ چىقىرىلغانىدى. مانا ئۇنىڭ قورسىقى دۇمباق چالغىلى تۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بىلەن بىر كۈندە ئۈچ ۋاقلىق ئېچىپ تۇرىدىغان قورساقنى باغلاپ قويغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ــ مانا چاي كەلدى،ــ مۇھەممەد پەتنۇسقا بىر چۆگۈن چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى سېلىپ كىردى.

ــ ئاكا،ــ دېدى مەردان ئاكىسى سۇنغان پىيالىنى ئېلىپ،ــ ئاماق ۋاقتىدا ئامال بار زېھنىمنى چاچماي تۇرارسەن، ئەتىگەن دادامۇ ئاماق ۋاقتىدا سۆزلەپ مېنى تېرىكتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قالدۇق.

ــ ماقۇل، ئەمىسە سەن تامىقىڭنى يەۋەر،ــ دېدى مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ مەن قوتانغا كىرىپ ماللارغا ئازراق چۆپ سېلىپ بېرىپ ئاندىن كىرەي، قورسىقىڭ تويمىسا ئاۋۇ ناندىن يېگەچ تۇر، كەچتە يەڭگەڭ قايتىپ كەلسە ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتىپ بەرسۇن.

ــ بۇ گەپچە مېنى ئۆيۈڭدە ئېلىپ قالىدىكەنسەن ـ

ده، ــ دېدى مەردان كۇلۇمسىرەپ، ــ دادامنىڭ بۇ ئىشىڭنى بىلىپ قېلىپ سېنى جازالىشىدىن قورقمامسەن؟!

ــ سەن دېگەن قېرىندىشىم، ــ دېدى مۇھەممەد كۆزىنى قىسىپ، ــ كوچىدا سەرگەردان بولۇپ يۇرسەڭ قانداق چىدايمەن، ھېلىقى ناخشىمىزنى ئوبدان بىلىسەنغۇ:

بۇ دۇنيادا ئۇچ نەرسە بار، ئىزدەپ تېپىلماس،
بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى قېرىنداش.
قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ تېرىساڭ ئۇنمەس،
كۆز يېشىڭنى دەريا قىلىپ سۇغارساڭ قانماس.

مۇھەممەد بۇ ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتتى.

ــ مەن بۇ ناخشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، قېرىنداشلىق مېھىر ھېچنېمىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا سېنى بۇ ئۆيدە ئېلىپ قالالماقچىمەن، لېكىن دادامغا قارشى چىقىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، يەنە گەپ قىلىپ ئىشتىھايىڭنى تۇتۇپ قويماي، تامىقىڭنى يەۋەر، مەن قوتانغا چىقىپ كەتتىم ئەمىسە.

مۇھەممەد ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى، مەردان غىققىدە بولدى، ئاكىسى ئۇنى ئېلىپ قالغان بىلەن يەنىلا دادىسىنىڭ تەرىپىنى قىلىۋاتاتتى.

«بوپتۇ، ــ دەپ ئويلىدى مەردان كۆڭلىدە، ــ ئاكام ئۆيدىن ھازىرچە مېنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگەندىكىن گېپىنى ئاڭلاپ باقمادىم، يامىنى كەلسە ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئادىلجان ئادۇۋكات بىلەن تېپىشارمەن، نارازىلىق

ئەرزى بىرىش ئۈچۈن دادامدىن، قېرىنداشلىرىمدىن كۆڭلۈم ئازار يېگەنلىكىنى، ھەتتا ئۆيدىنمۇ ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىمنى ئېيتسام ھالىمغا يىتەر، بەلكىم ۋاقىتلىق بولسىمۇ قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىپ بېرىشى مۇمكىن، يىگىرمىدىن ئاشقان بىر يىگىت تۇرۇپ دادام - ئاپاملارنىڭ قولىغا قاراپ ياشاشىمۇ ئىشمۇ... ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىكىن مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا بىر ئىش تەۋرەتكەچ جەۋھەرنىڭ دىلوسىغا ئىشلەيدىغان ئىشلارغا ياردەم قىلاي، مانا ئاكامىمۇ قورۇق قول ئىش باشلاپ شۇنداق ياخشى ئىگىلىك تىكلىۋالدىغۇ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن خەقنىڭ قولىغا قاراپ ياشايدىغان كۈنگە قالمايمەنغۇ ئاخىر...»

مەردان ئەنە شۇ خىياللارنى قىلىپ بىردىنلا ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى، ئۇ تەخسىدىكى گۆشنانىنى بىراقلا يەۋەتتى...

## يەتتىنچى باب

# مەردان تۈرمىدە

مايسەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ جاپپارغا قارىدى، جاپپار قويۇق تۈك قاپلىغان ئۇلۇغ بىلىكىنى يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ ھازىر خۇددى ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھارغان يولۇچىدەك يېنىك خورەك تارتىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىك چاچلىرى، قويۇق ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرى، بولۇپمۇ ياشلىق كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان تۇكلۇك كەڭ كۆكرىكى يېتىلگەن بىر ئەركەكنىڭ سىماسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، مايسەمنى جەلپ قىلىدىغىنىمۇ ئۇنىڭ دەل كۈچتۈڭگۈر ھەم ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىدىن ئىدى. مايسەم جاپپار تۈرمىدىن چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندە ئۇنى ئۆزگە ئۆگىتىۋالغانىدى.

مايسەم تۇغماس ئىدى، ئۇ ئىككى ئەردىن چىققان بولۇپ، جاپپاردىن ئون ياش چوڭ. جاپپار قوناقلىقتا ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويغاندا مايسەم ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك بىر بالىنىڭ ئاستىدا ياتقىنىدىن ھار ئېلىپ نومۇس كۈچىدە ئەرز قىلىپ ئۇنى تۈرمىگە قامىتىۋەتكەنىدى، ئەمما جاپپار سوتلىنىپ تۈرمىگە

كىرىپ كەتكەندىن كېيىن پات ـ پات قوناقلىقتا بولغان ئىشنى خىيال قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئىش زورلۇق بىلەن قىلىنغان بولسىمۇ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياشنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى ئوبدانلا ھېس قىلدى، شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇ يوتقان قۇچاقلاپ يالغۇز يېتىپ قالغان چاغلىرىدا شۇ كۈننى سېغىناتتى. چۈشىدىمۇ جاپپارنى چۈشەيتتى. ئويغانغاندا چۈشىدىكى تاتلىق سېزىمنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ چۈشلىرىنىڭ خىيالىي تۆشەكلىرىدە بىردەم ئېغىناپ يېتىۋالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ جاپپارنى ئەرز قىلىپ سولىتىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپمۇ قالاتتى، ئۆزىنىڭ بىردەملىك ئاچچىقتا ھاي بەرمەي گالۋاڭلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى.

جاپپار تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مايسەم خۇددى ئۇركۈگەك توشقاندەك جاپپارنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولدى. ئۇ جاپپارنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى، لېكىن جاپپار خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنى كۆرسە ئوخشاشلا سالام قىلىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. مايسەم جاپپارنىڭ ئۆگەي سىڭلىسى جەۋھەرگە كۆز تاشلاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر كېچە ئۇخلىماي رەشك ئوتىدا قىلىدەك تولغىنىپ پۇچىلىنىپ چىقتى، ئۇ ئەمدى جاپپاردەك بىر ئەركەككە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، مۇشۇ كۈندە تۇغماس چوكان دەپ نامى بار ئايالنى كىممۇ ئەمرىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ،

ئەمرىگە ئالدى دېگەن تەقدىردىمۇ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان بوۋايلار تەرىتىگە سۇ بېرىدىغان ئايال دەپلا ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىشى مۇمكىن، لېكىن مۇنداق بوۋايلار ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەن، ئاياللىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان چوكاننىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى چۈشىنەمدۇ، شۇڭا ئۇ جاپپاردەك بىرەر ئەركەكنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالسا شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپلا قالماي يەنە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى باياشات ئۆتكۈزمەمدۇ...

مايسەمنىڭ بۇ خىياللىرى ئۇنى ھەر كۈنى ئازابلايتتى، جاپپارنى سېغىنىش، سۆيگۈسىگە ئېرىشىش خىيالى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ باراتتى. ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولدىمۇ ياكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ، جەۋھەر ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن پۈتۈن مەھەللىدىكى كىشىلەر قەبىھ قاتىللىقتىن ياقىلىرىنى چىشلىشىپ توۋا دېيىشىپ، دۇرۇت ئوقۇشۇپ ئائىلىلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى تىلىشىپ ئولتۇرسا، مايسەمنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى. مايسەم كۈشەندىسى بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك يوقالغاندەك، جاپپار ئۆزىگە ئوڭچە قالغاندەك ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان بولدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن بىراقلا ئايرىلغان بۇ قاناتسىز قۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمدى ئۇنچە تەسكە توختىمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەينەكتەكلا ئايان ئىدى.

مايسەمنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ تايانچىسىز قالغان جاپپار بىر مەزگىل ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، ئۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك كوچا دوقمۇشلىرىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدىغان،

كىشىلەرگىمۇ ئانچە گەپ قىلمايدىغان، بۇرۇنقىدەك مەھەللىدە بىر توپ ئالىقاپ باللارنى يىغىۋېلىپ ئالا قۇيۇن چىقىرىپ يۈرمەيدىغان بولغانىدى.

جاپپار بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى، جانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئۇ گەرچە دېھقان بالىسى بولسىمۇ ھازىرغىچە پېشانىسى تەرلىگۈدەك كەتمەن چېپىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۈچ ۋاق تويغۇزمىسا بولمايدىغان قورساق غېمى ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى، مايسەمنىڭ كۆتىدىغىنىمۇ دەل شۇ ئىدى.

جاپپار ئاخشام قوشنىسى ئەكىرىپ بەرگەن نان بىلەن قورسىقىنى توقلاپ سىرتقا چىقتى، ئاغىنىسى سۇلايمان ئۇنى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ بىرەر قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەپ ئازراق بولسىمۇ قورساق غېمىنى قىلىپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە ئىشلىسە ياتاق، تاماق مەسىلىسىدىكى غەم ئۈزۈل - كېسىل تۈگەيتتى، ئۇ ئاشۇ قۇرۇلۇشتا زادى قانچىلىك ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، تۇزۇكرەك كەتمەن چاپمىغان ئادەم قۇرۇلۇشنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىگە چىدالارمەنمۇ، دېگەن خىيال ئۇنى ئىككىلەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، تىلەمچىدەك ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشىغاندىن ياخشىراق بولار، دېگەن خىيال ئۇنى ئۈمىدلەندۈرەتتى.

— ۋوي، بۇ جاپپارغۇ؟

جاپپار خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ مايسەمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى.

جاپپار ئۆزىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان مايسەمگە ئەجەبلەنگەن ھالدا قارىدى، مايسەم خۇددى يېڭى تويى بولىدىغان كېلىندەك ئىنتايىن چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ، دەمدەك قويۇۋالغان ئوسمىسى، قىزغۇچ بويالغان چېچى، قېنىق لاكلانغان كالپۇكى جاپپارنى بىردەمدىلا مەستخۇش قىلىپ قويدى. مايسەم ھازىر بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن قوناقلىقتا كۆرگەن مايسەمگە زادىلا ئوخشىماي قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىللىق چىراي ئېچىپ جىلمىيىشىدىن گاڭگىرىغان جاپپار نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟— دېدى مايسەم كۆزىنى ئوينىتىپ،— يۇرە، ئۆيگە كىر، ساڭا گېپىم بار.

— مېنى ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن،— دېدى جاپپار ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن،— مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلغىنىمنى بىلمەيمەن، مەست بولۇپ قاپتىكەنمەن، شۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتتىمغۇ، ئەمدى بولغاندا يەنە نېمە قىل دەيسەن مېنى؟

— سېنى نېمە قىلاتتىم،— دېدى مايسەم كوچىدا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ھويلىغا ئەكىرىپ،— كاتەكتە بېقىۋاتقان بىرنەچچە توخۇيۇم بار ئىدى، شۇنىڭدىن بىرنى ئەتىگەن بوغۇزلاپ گۆشىدە پولۇ ئېتىۋېدىم، جىقراق بولۇپ قاپتۇ، قاراپ باقسام ئۇنچە جىق ئاشنى ئۆزۈم يالغۇز يەپ بولالمايدىكەنمەن، شۇڭا قوشنىلارنىڭ بىرەرسىگە ئاچىقىپ ياكى بىرەر يېتىمچى ئۇچراپ قالسا شۇنىڭغا يېرىمىنى بەرسەممىكىن دەپ چىقىشىم بۇ يەرگە،

قارىغاندا بۇ سىنىڭ رىزقىڭ ئوخشايدۇ، ماڭ دېگەندىكىن ماڭمامسەن لۆمشىپ تۇرماي... خېلىلا يۇرەكلىكتىڭغۇ، قوناقلىقتىكى جاپپارغا ئوخشمايلا قالدىڭغۇ، بۇگۈن نېمە بولدى ساڭا؟

مايسەم ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتقىنىچە ئۆيگە ئەكىردى، جاپپار بۇ ئايالنىڭ بۈگۈن زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە ئىشىكتىن كىرىپلا تاپىسىدا تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان خوتەن گىلىمى سېلىنغان كاڭغا قويۇلغان كىچىككىنە شىرەدە بىرنەچچە خىل مېۋە، تاتلىق ــ تۇرۇملار تىزىپ قويۇلغانىدى، بۇنىڭدىن مايسەمنىڭ تاماق جىق ئېتىلىپ قېلىپ بىرەر يېتىمچىگە بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشى بولماستىن، بىرەرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلانغان ئىشتەك قىلاتتى.

«تۇل خوتۇن دېگەننىڭ ھىيلىسى تولا بولىدۇ، دىققەت قىلاي جۇمۇ، بىكار بۇ تۇغماس قېچىرنىڭ ئەگرى قىلتىقىغا دەسسەپ سالماي يەنە...» جاپپار ئەنە شۇنداق ئەنسىز خىياللار بىلەن كېلىپ كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇردى.

ــ نېمە بولدى ساڭا، ــ دېدى مايسەم خۇددى قۇيغان ئۆپكىدەك لىغىلداپ تۇرغان يۇمشاق كۆكسىنى ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئەتەي سۈۋاشتۇرۇپ، ــ كاڭغا چىقمامسەن، مەن سېنى يەۋەتمەيمەن جۇمۇ.

مايسەم ئۇنىڭغا تونۇر تەپتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان يۇمشاق كۆكسىنى ئەتەي سۈۋاشتۇرۇپ كاڭغا چىقىرىۋاتقاندا جاپپارنىڭ ئەرلىك ھېسسىياتى بىردىنلا داۋالغۇپ كەتتى، چۈنكى شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇ ئايال

زاتى بىلەن مۇنداق يېقىن ئارىلىقتا، ھەتتا مۇشۇنداق ئۆزىگە سۇۋاشقان ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغاچقىمىكىن ئۆزىنى باسالماي قالغىلى تاس قالدى، لېكىن جاپپار بۇ مەككار خوتۇننىڭ ئويۇن ئويناپ ئۆزىنى يەنە بىر ھەر پالاكەتكە ئۇچرىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ مايسەمنىڭ تولغان كۆكسىنىڭ بىلەكلىرىنى ئويىنىتىشىدىن مەستخۇش بولۇپ قالغان جاپپارنىڭ بەدەنلىرى قىزىشىپ نەپسى تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى.

«توۋا! بۇ خوتۇن نېمە ئويۇن ئويناۋاتقاندۇ؟ — دېگەنلەرنى ئويلىغىنىچە كاڭغا چىقىپ شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان جاپپار ئۇنىڭ تار كۆڭلەك ئىچىدە پارتلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكسىگە كۆز تاشلاپ، — ئەينى چاغدا قوناقلىقتىكى ئىشنى ساقچىلارغا چېقىپ قويۇپ مېنى تۈرمىگە سولىتىۋەتكەنىدى، ئەمدى بولغاندا ماڭا ئەجەب يېقىنچىلىق قىلغۇسى كېلىپ قاپتا؟! كۆكسىنىڭ يېرىمىنى ئېچىپ كىيىۋالغان كىيىمىنى قارىمامدىغان بۇ خوتۇننىڭ... ناھىيە بازىرىدىكى بەدەن ئۇۋۇلايدىغان پاھىشىلەردىن نېمە پەرقى قالدى ئەمدى... مەيلىلا، نېمە كۆرسەم كۆرەي، قورساقمۇ تازا ئېچىپ تۇرغانتى، بىرەر ۋاقلىق تامىقىنى يەپ، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمامدىمەن؟!»

— تالاغا چىقساملا سەن ئۇچراپ قالدىڭ، — مايسەم بۇ ئۇۋنىڭ ئاسانلا قارماققا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ جاپپارغا تەبەسسۇم ئارىلاش تىكىلدى، — بىلىمەن، ھازىر دىلىڭ سۇنۇق، داداڭ بىكاردىن - بىكارلا ئۆلۈپ كېتىپ يۆلەكسىز ئادەم بولۇپ قالدىڭ،

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆگەي ئاناڭنىمۇ ھەيدىۋېتىپ ئۆيۈڭدىن بوران ئۇچۇپ كەتتى ھەرقاچان، قىزىقراق تاماق يەپ باقمىغىلىمۇ خېلى بولغاندۇ ساڭا؟

مايسەم سۆزلەۋېتىپ پىيالىغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى، ئۇ شۇنداق ئېگىشىپ پىيالىنى ئىككى قوللاپ جاپپارغا سۇنغاندا تولغان كۆكسى مانا مەن دەپ ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالدى، بۇ كۆرۈنۈشتىن جاپپارنىڭ كۆزى خۇددى قايماق سالغان چايدەك پارقىراپ، باياتىن پەسكويغا چۈشكەن ھېسسىياتى قايتا داۋالغۇپ كەتتى.

— سەن ماۋۇ مەزەلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇپ تۇر، — دېدى مايسەم شېرە ئۈستىنى شەرەت قىلىپ، — مەن دىككىدە ئاشخانىغا چىقىپ ئاشنى ئۇسۇپ كېرەي.

— ۋاي توختىغىنە... مايسەم... ۋاي... ياق... مايسەم ئاچا، — دېدى جاپپار مايسەمنى مېڭىشتىن توختىتىپ، — قانداق گېپىڭ بولسا دەۋېتىپ ئاندىن ئاشنى ئەكىرگىنە، تايىنلىق ماڭا ئاچچىقىڭ بار سېنىڭ، ئاشۇ ئىشتىن كېيىن سەن ئەرگىمۇ تېگەلمەي قالدىڭ ھەرقاچان، شۇڭا ئاچچىقلايسەن ماڭا، بۈگۈنمۇ ئاشۇ ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن مېنى بۇ ئۆيگە باشلاپ كىرگىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن، كۆزۈڭ كۈلۈپ تۇرغان بىلەن ئىچىڭدە مېنى مىڭنى تىللاۋاتىسەن، مانا مەن ھازىر ساڭا جىمىمىدە تۇرۇپ بېرەي، ئۇرامسەن، تىللامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى.

— قويغىنە ئۇنداق تېتىمسىز گېپىڭنى، — دېدى مايسەم قويۇق ئوسما قويۇلغان قاشلىرىنى سۈزۈپ تۇرۇپ، — مەن سېنى بۇ يەرگە ياخشى كۆڭلۈم بىلەن چاقىرىپ كىردىم، باشقىچە خىياللاردا بولما، تېخى ئاچا

دەپ ئارىمىزنى يىراقلاشتۇرغىلى باشلىدىڭ، يا مېنى ئىتتىكرەك قېرىتىۋەتكۈڭ كېلىۋاتامدۇ، ئاچا دېيىشنى بىلگەن ئادەم قوناقلىقتا ماڭا ئېسىلامتىڭ؟!

— ئۇ چاغدا مەن بىرئاز هاراق ئىچىۋاپتىكەنمەن دېدىمغۇ، — دېدى جاپپار بۇرۇنقى ئىش يادىغا كېلىپ خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ، — خۇدۇمنى بىلمەي قىلىپ قويغان ئىشنى دەۋەرمىسەڭ بولمامدۇ.

— ئەمىسە هازىر ئىچمىگەندىكىن تۈزۈكرەك گەپ قىل ماڭا، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئاچا دەپلا تۇرۇۋالساڭ ئارىمىزغا بىر پەردە تارتىلىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا گەپلىرىمىز باغلاشماي قالىدۇ، مېنى مايسەم دەۋەرگىنە .

— ئۇنداق دېسەم سەت تۇرارمىكىن.

— سەت تۇرىدىغان نەرى بار، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا نازلىنىپ، — ناهايىتى سەن مەندىن بىرنەچچە ياشلا كىچىككۇ شۇ، ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ ئاياللارنى ئېلىۋالغان يىگىتلەرمۇ ئاياللىرىنى ئاچا دەۋالمايدىغاندۇ؟!

مايسەم شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى، جاپپار باناندىن بىرنى سويۇپ يېيىشكە باشلىدى، چۈنكى مايسەمنىڭ بايىقى ئەگىتمە گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ راستىنلا يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقى چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا جاپپار ئەمدى بىرئاز تېتىكلىشىپ قالدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ هازىر تويۇپ پولۇ يەۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇش بولۇۋاتاتتى.

مايسەم بىر تاۋاق پولۇنىڭ ئۈستىگە سارغايتىپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشىنى بېسىپ كىرىپ كەلگىنىدە

جاپپار پىرەنىڭ يەۋاتاتتى، ئۇ مايسەمنى كۆرۈپلا قولىدىكى يىرىملاشقان پىرەنىكنى تەخسىگە قويۇپ پولۇغا ئورۇن چىقىرىش ئۈچۈن شىرەنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مېۋە تەخسىسىنى قولىغا ئالدى. مايسەم پولۇ تاۋىقىنى شۇ جايغا قويۇپ جاپپارنىڭ قولىدىكى تەخسىنى ئالدى.

— قېنى ئەمىسە،— دېدى مايسەم مېۋە تەخسىسىنى شىرەنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ،— ئوخشىمىغان بولسىمۇ تېتىپ باق مېنىڭ تامىقىمنى.

جاپپار ئاجايىپ مەززىلىك پۇراق تارقىلىپ تۇرغان پولۇنى كۆرۈپلا ئاغزىغا بىردەمدىلا شۆلگەي يىغىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئوخشىغان پولۇ يەپ باقمىغىنىغا بەكمۇ ئۇزاق بولغانىدى. مايسەم تاماققا تەكلىپ قىلىشىغا ئۇ ئالدىراپ قولىنى تاۋاققا ئۇزىتىۋىدى، مايسەم ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ۋاي توختىغىنە،— دېدى ئۇ جاپپارغا قاراپ،— بايا گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ قولۇڭغا سۇ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن، مەن سۇ ئەكېلەي، قولۇڭنى يۇيۇپ ئاندىن يېگىن.

— ۋاي بولدىلا، قولۇم پاكىز، ئەتىگەن يۇيغان.

— بولمايدۇ،— دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ،— ئەتىگەن يۇيغان قولنى پاكىز دېگىلى بولاتتىمۇ، يۇيۇۋال.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم يۇياي،— دېدى جاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ،— ساڭا قول تەگلىسەم قانداق بولىدۇ؟

— بايا ئاچا دەۋاتاتتىڭ،— دېدى مايسەم قولىنى ئۆزى يۇيۇشىغا يول قويۇپ،— ئاچاڭنىڭ قولۇڭغا سۇ بېرىشى ھەقلىق ئىشتى.

— بولدىلا، ئۇ گەپنى تەرگىمەيلى ئەمدى، — دېدى جاپپار ئىشىك يېنىدىكى بۇلۇڭدا تۇرغان چۆگۈننى ئېلىپ قولىنى يۇيۇپ تۇرۇپ، — سەن ئاچا دېگۈزسەڭ ئاچا دەي، ئەگەر خاپا بولمايمەن دېسەڭ مايسەم دەۋېرەرمەن.

— هە، ماۋۇ گېپىڭ بولدۇ، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ قولىغا لۆڭگىنى تۇتقۇزۇپ، — ئەمدى خېلى جېنى بار گەپنى قىلدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مايسەم دەۋەر مېنى، بولمىسا مېنى قېرى كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالىدىكەنمەن.

پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مايسەم ئۇنى سىرتقا چىققىلى قويمىدى، ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا تەييارلىقى بولسا كېرەك، تاماقتىن كېيىن ئىككى تەخسە قورۇما تەييارلاپ بىر بوتۇلكا هاراقنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، مايسەم؟ — دېدى جاپپار هەيرانلىقىنى باسالمىغان هالدا، — مەن ئەسلىي سېنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىۋېلىپ مېنى تازا تىللاپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە مەززىلىك پولۇ بىلەن مېھمان قىلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭ، ئەمدى بولغاندا بۇ هاراق دېگەن نەرسىنى قۇيساڭ مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالماي يەنە.

— مەن سېنى تىللاش ئۈچۈن ئەمەس، سەندىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن چاقىرغان بۇ ئۆيگە، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ، — نېمىشقا دېمەمسەن، شۇ چاغدا بىزنى هېچكىم كۆرمىگەندىكىن، بۇ ئىشنى

ھېچكىمگە تىنمىغان بولسام سەنمۇ تۈرمىدە نەچچە يىل يېتىپ چىقمايتتىڭ... شۇ چاغدىكى قوپاللىقلىرىڭ، ئىشتانلىرىمنى تارتىپ يىرتىشلىرىڭ ماڭا بەكلا ھار كەلگەنىدى، شۇ ئاچچىقىمدا سېنى ئەرز قىلىپ سالدىم، سەن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلدىم، بۇ ئىشقۇ ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەستى... لېكىنزە مېنى غۇسۇل تاھارەتسىز، كىيىملىرىم يىرتىق ھالەتتە ئاشۇ قوناقلىقتا تاشلاپ قويدۇڭ ئەمەسمۇ... مەن شۇ كۈنى كەچكىچە قوناقلىقتا پاشىغا يەم بولۇپ ئولتۇرۇپ ئادەم ئايىغى بېسىلغاندا ئاندىن ئۆيگە كەلدىم. بولدىلا، كونا گەپنى تەرگەپ نېمە قىلاي، ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات دەۋېتەيلى، بۇگۈن بۇ ھاراقنى مەنمۇ ئىچىمەن، بۇنى باشقىچە ئويلاپ قالما، پەقەت ماڭا ناماقۇللۇق چىيى بەردى دەپلا بىلسەڭ بولدى.

— مەنمۇ ئۇ كۈنى راستىنلا ساراڭ بوپتىكەنمەن، — دېدى جاپپار قولىنى ھاراق بوتۇلكىسىغا ئۇزىتىۋېتىپ، — سېنىڭ ئۇ يەردە كەچكىچە ئولتۇرغىنىڭنى نەدىن بىلەي... ۋاي بولدىلا، ئۇ ئىشنى ئەمدى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى، سەن ئايال كىشى قارا، مەندەك بىر ئەر كىشى تۇرغان يەردە سەن ھاراق قۇيۇپ ئولتۇرساڭ بولماس، ھاراقنى مەن قۇيۇپ بېرەي.

— مەيلى، سەن قۇيساڭمۇ قۇي، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — لېكىن ماڭىمۇ بېرىسەن جۇمۇ.

— سەن ئايال كىشى، ئاق ھاراق ئىچسەڭ

بولماسمىكسىن، ــ دېدى جاپپار بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن.

ــ نېمىشقا بولمىغۇدەك، ــ دېدى مايسەم ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى رومكىنى قويۇپ، ــ سەن ئىچسەڭ بولىدىكەنۇ، مەن ئىچسەم نېمىشقا بولمايدىكەن. ماڭىمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش قۇيۇۋەر، بۇگۈن زادى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر مەست بولۇپ باقاي، مەست بولغان ئادەم راستىنلا ساڭا ئوخشاش بولۇپ قالامدۇ. يوق... بىلىپ باقاي.

جاپپار مايسەمنىڭ سۆزلىرىدىكى ئەگىتمىلىكتىن بۇگۈن ئامىتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا، ئۇ خاتىرجەم هالدا ئالدىغا قويۇلغان ئىككى رومكىغا هاراق قۇيدى. ئۇ مايسەمنىڭ كۆتۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا يېرىم رومكا هاراق قۇيۇپ رومكىنى مايسەمگە سۇندى.

ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ، جاپپار؟ مېنى ياراتمايۋاتامسەن، قارا، ئۆزۈڭگە لىق، ماڭا يېرىم قۇيغىنىڭنى، مېنىڭ رومكامنىمۇ لىقلا.

ــ هاراق دېگەننىچۇ بىزدەك ئەر كىشىلەرگە چىقارغان نەرسە، سەن ئەسلى ئىچمىسەڭ بولاتتى، بوپتۇ، تەڭ مەست بولۇپ باقايلى دەيسەنغۇ، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن ئىچمە جۇمۇ هاراق دېگەن نەرسىنى، ــ جاپپار مايسەمگە نەسىهەت قىلغاچ ئۇنىڭ رومكىسىغا هاراقنى لىقلاپ قۇيدى، ــ بىزلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەيلى بۇ گۇينىڭ دەردىنى، قېنى، خوشە، ئىككىمىزنىڭ بارلىق هەسرەت ـ نادامەتلىرىمىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئىچەيلى.

— خوشه، — دېدى مايسەممۇ ئۇنىڭ رومكىسىغا رومكىسىنى سوقۇشتۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىنكى دوستلۇقىمىزنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم.

جاپپار ئۇنىڭ لىق بىر رومكا هاراقنى بىراقلا كانىيىغا تۆككىنىگە قاراپ بۇ ئايالنىڭ ئەسلىدىلا هاراق ئىچىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى، چۈنكى ئۇ هاراقنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي رومكىسىنى جاپپارغا قايتۇردى ۋە قولىغا چوكىنى ئېلىپ بىر توغرام گۆشنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

جاپپار مايسەمنىڭ هاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن رومكىسىغا هاراقنى داۋاملىق لىقلاپ قۇيۇشقا باشلىدى. رومكا بەش ئايلانغاندىن كېيىن مايسەم ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىشقا، گەپلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى، يەنە بىر رومكا ئىچىلگەندىن كېيىن ئۇ پوككىدە جاپپارنىڭ قۇچىقىغىلا ئۆزىنى تاشلىدى.

جاپپار هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا سۇنايلىنىپ ياتقان مايسەمنىڭ يېنىك ئىڭراپ قويۇشلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، قۇتراپ تۇرغان هېسسىياتىنى باسالمايلا قالدى، شۇڭا ئۇ مايسەمنىڭ خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى ـ دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتتى.

— ئۇنداق قوپاللىق قىلما، جاپپار، — دېدى مايسەم كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، — هېلى بىكار ساقچىغا دەيدىغان بولسام سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ جۇمۇ.

— نەگە دېسەڭ دە، — دېدى جاپپار ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرىگە چوكۇلدىتىپ

سۆيۈپ، — ئەمدى تۇرمىگە كىرىشتىن ھەرگىز قورقمايمەن.

— ۋاي توختا، ئىشىكنى تاقىۋەتمەمسەن، بىرسى كىرىپ قالمىسۇن.

جاپپار مايسەمنىڭ ئۆزىنى ئاتايىن ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىنىڭ سىرىنى ھەم ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىش خىيالىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، چۈنكى ياش تۇرۇپ تۇل قالغان ئايال ئۆز ھېسسىياتىنى بوغۇپ قويالمايدۇ ـ دە، شۇڭا جاپپار ئالدىرىماي پەسكە چۈشۈپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئورۇن سال، جاپپار، مەن ئۇخلايمەن، — دېدى مايسەم كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ يېتىپ، — بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مېنى بىردەم ئاۋارە قىلماي تۇرساڭ، بىردەم ئۇخلىۋالسام...

— ئورۇن دېگەننى خوتۇن كىشى سالامدۇ، — دېدى جاپپار ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ئالۇچىدەك قىزارغان لەۋلىرىگە لېۋىنى باستى.

— قوپاللىق قىلما دەيمەن، بۇ قوناقلىق ئەمەس جۇمۇ...

مانا مۇشۇ كۈندىن تارتىپ جاپپار ئۇنى كۈندە دېگۈدەك يوقلايدىغان، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان ئادەمگە ئايلانغانىدى، ناھىيەگە بېرىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان ئىشلارنىمۇ ئەمدى ئويلاشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، ھازىر جاپپارغا مۇشۇنداق تەييار تاماق بىلەن ئۆيىنىڭ بولغىنىنىڭ ئۆزىلا چوڭ ئىش ئىدى. مايسەم ئۇنى ئۆزىگە ئوبدانلا ئۆگىتىۋالغاندىن

كېيىن جاپپار بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋالدى. مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدىلا «مايسەم خىجىل بولماي ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بىر بالىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋاپتۇ...» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەندى، «ئۆسەك گەپتە ئۈچ كۈن سۆز» دېگەندەك بۇ سۆزلەرنىڭ ئايىغىنىمۇ ئۈچ كۈندىلا قۇم بېسىپ ئۇلارنىڭ قۇلىقى تىنچلىنىپ قالدى.

مايسەم شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ غۇسۇل تاھارەت ئېلىۋالدى، جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئۆزى قىلىۋاتقان مۇشۇ گۇناھلىرىنى ئاللانىڭ كەچۈرۈۋېتىشىنى تىلەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى، نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغان مايسەم ئاشخانىغا چىقىپ ناشتىلىق تەييارلىغاچ تاغنى ئۆرۈۋەتكەن بايۋەچچىدەك ئۇخلاپ ياتقان جاپپارنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ قىلىپ ئۆتكەن مۇشۇ ئالتە ئايدىن بۇيان جاپپار ئاساسەن بۇنىڭ تامىقىنى يەپ ھەم يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن بولسىمۇ بۇ ئۆيگە تىيىن چاغلىق نەرسە كۆتۈرۈپ كىرىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۈنى كۈندۈزى ئاغىنىلىرى بىلەن كوچا چىڭدىسا، كەچلىكى مۇشۇ ئۆيگە قورسىقى ئاچقان ھالەتتە يېتىپ كېلەتتى، ئۇ دادىسى بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولغان ئىككى مو يەردىكى كېۋەزنىمۇ تۈزۈك پەرۋىش قىلمىغاچقا ھوسۇلى چىقمىغا بويىلماي قاق سەنەم بولغانىدى، شۇڭا بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇ يەرنىمۇ يىللىقى بەش يۈز سومدىن ئىجارىگە بېرىۋېتىپ ئېتىز ئىشىدىن بىراقلا قۇتۇلدى، ئىككى مو يەردىكى تەكىنى پەرۋىش قىلىش ئىشىنى بىر يېتىمچىغا

يىلىغا بەش مىڭ سومغا كېلىشىپ ئۇنىمۇ ئوڭچە بېرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئەر ئىنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان نانىقىپىغا ئايلاندى. مايسەم ئۇنى بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئەمدى ئۈچ-تۆت كۈن بولدى، ئەمما ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. تۇنۇگۈن ئاڭلىغان بىر خەۋەر ئۇنى خۇش قىلغانىدى، قىمىنالمايلا پۇل تېپىشتەك بىر رەزىل پىلان ئۇنى دەيدەيگە سېلىۋاتاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز مايسەمنى دىڭگىدە چۆچۈتۈپ بايىقى خىياللىرىنى خۇددى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى، يېنىدا ئىچ كىيىملىرىنى ئېگىز- پەس كىيىۋالغان جاپپار ھىجايغان ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— ماڭ، يۇيۇنۇپ كەل! — دېدى مايسەم ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي، — غۇسۇل تاھارەت ئالمايلا چىقىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ بەدرەڭگىنىڭ.

— خاپا بولما، ئامرىقىم، — دېدى جاپپار كەينىگە قايتىۋېتىپ، — قارىسام يېنىمدا يوق تۇرىسەن، شۇڭا سېنى نەگە كېتىۋالغاندۇ بۇ قاق سەھەردە دەپ چىقىشىم.

— بولدى، ئەزمەڭنى ئەزمەي يۇيۇنۇپ چىق، سەن تەييارتاپقا گېپىم بار مېنىڭ.

ئەتىگەنلىك ناشتا غورىگىللا بولدى، بۇگۈن مايسەمنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغاچقا ئەتىگەنلىك ناشتىدا تۇخۇم پىشۇرمىغانىدى ھەم ئەتكەنچاينىمۇ قىلمىغانىدى. بىر پارچە نان، بىر پىيالە چاي بىلەنلا قورسىقىنى توقلىغان جاپپار چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلگەندە مايسەم ئۇنى توختىتىۋالدى.

— نەگە بارسەن؟ — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ، — بايا ساڭا گېپىم بار دېگەنتىمغۇ، دۇئا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ماڭغىلى قوپقىنىنى بۇ ناكەسنىڭ.

— ۋاي ئامرىقىم، بۇگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى جاپپار كاڭنىڭ قىرىدا موخوركا يۆگەپ ئولتۇرۇپ، — ئەتىگەندىلا بوراندا قالغان خوتۇندەك كوتۇلدىغىلى تۇردۇڭغۇ، قارىغاندا كېچە سېنى قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ - هە.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، مەن بۇگۈن ساڭا ئەستايىدىل گەپ قىلاي دەۋاتىمەن، ئېيتىپ باقە، سەن زادى قاچانغىچە بىرەر ئىشنىڭ يولىنى قىلماي مۇشۇنداق ئايالىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرسەن، — دېدى مايسەم جاپپارغا قاراپ قولىنى سىلكىپ، — نەق ئالتە ئاي بولدى مەن سېنى بورداۋاتقان كالىدەك بېقىۋاتقىلى، مۇشۇ ئالتە ئاينىڭياقى سەن ماۋۇ مېنىڭ ئۆيۈمكەن، دەپ بۇ ئۆيگە پۇل كۆتۈرۈپ كىرىپ باقتىڭمۇ؟ بىر ئايال كىشىنىڭ تاپقان پۇلىغا شېرىك بولۇپ ياشاشتىن ئۇيالمامسەن، مەن قاچانغىچە سېنى مۇشۇنداق باقىمەن؟

— ۋاي - ۋۇي، نېمە دەيدىكىن دېسەم مۇشۇ گەپمىتى، — دېدى جاپپار موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىتىۋەتكەندىن كېيىن، — ناھىيە بازىرىغا بېرىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ پۇل تېپىپ كېلەي دېسەم زىنھار ئۇنىمىدىڭ، پۇل ئەكىرمىدىڭ دەيسەن تېخى، يەرلەرنى ھۆددىگە بەرگەن پۇل بىلەن بىر قوتان مالنى ئەكەلگىنىم ئەجەب يادىڭدا تۇرماپتا؟شۇلار پۇل ئەمەسمىكەن، يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى ساڭا.

— بىر قوتان مال دە، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — ئۆلەرمەن بولۇپ قالغان ساغلىق بىلەن بىر ئوغلىقىنىڭ بىر قوتان مال كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ساڭا، ئۆلارچۇ ماڭا بەرگەن تويلۇقۇڭ بىلىپ قوي، ئاشۇنچىلىك نەرسەڭ بىلەن مەندەك خوتۇنغا، مۇشۇنچىلىك باغباراڭلىق ئۆيگە ئىگە بولۇپ قالغانغا خۇش بول. جەۋھەر دېگەن تۇمۇچۇقتا كۆڭۈل بەرمەكچى بولۇۋېدىڭ، نېمە بولدى، داداڭنى ئۆلتۈرۈپ سېنى قارا يېتىم قىلىپ قويۇپ ئۆزى تۇرمىگە كىرىپ يېتىۋالدى، مەن ياراتمىغان بولسام سەن هازىر كوچىلاردا سۆرىلىپ يۈرۈپ ئاچلىقتىن ئۆلەتتىڭ.

— ۋاي، ۋاي، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى جاپپار، — قارىغاندا مەن ئەمدى ساڭا ئەمەن تېتىپ قالغان ئوخشايمەن - هە، ئۆزۈڭ مەيدەڭنى سۈركەپ يېقىنچىلىق قىلىپ ئەكىرىۋالدىڭ بۇ ئۆيگە... ئەمدى بولغاندا ئۆيدىن قوغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟!

مايسەم گېپىنىڭ سەل قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى، چۈنكى جاپپار گەپىنىڭ سېسىقىنى قىلىشقا باشلىغانىدى، مايسەم يەنە ئەزۋەيلىسە ئۇ ئۆينى تاشلاپلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئەرسىز قېلىپ سوغۇق يوتقاننى قۇچاقلاپ ياتىدىغان گەپ، ئەرسىز ئۆينىمۇ ئۆي دېگىلى بولامدۇ زادى...

مايسەمنىڭ جاپپارنى زادىلا قولدىن چىقىرىۋەتكۈسى يوق، بىرنەچچە ئەردىن چىققان ئايالنى، بولۇپمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تۇغماس بىر ئايالنى خوتۇن قىلىدىغان ئادەم ئەمدى چىقمايتتى. جاپپار گەرچە قول - ئىلكىدە يوق يېتىم بالا بولغىنى بىلەن تېخى ياش، ئۇنىڭ هاۋايى

ھەۋىسىدىن راۋرۇس چىقىۋاتقان بىر ئەركەك، بۇنىڭدىن ئايرىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتنىڭ ئۆزىغۇ...

مايسەم شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئاستا مېڭىپ كېلىپ جاپپارنى يېنىدىك قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ قويۇق تۈك قاپلىغان مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— نېمانداق ئاچچىقىڭ يامان سىنىڭ، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — بىر ئۆي دېگەننى ئۆي قىلىش ئۈچۈن ئەر - ئايال تەڭ كۈچ چىقارمىسا بولمايدۇ، ئازراق سۆزلەپ قويغانغا چاپاننى تەتۈر كىيىپ چىقىۋاتىسەن، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم ئەسلىي بۇ ئەمەستى، سەن ئاچچىقلاپلا مېنى ئېلەشتۇرۇۋەتتىڭ.

— يەنە نېمە گېپىڭ بار، تېز دېگىنە ئەزمەڭنى ئەزمەي، — دېدى جاپپار قايتا موخوركا يۆگەپ ئولتۇرۇپ، — يەنە يوتقانغا سۆرەيدىغان گەپنى قىلىسەنغۇ شۇ.

— نەدىكى خىياللارنى قىلىدىكەنسەن، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىپ، — ماڭا قارا، سەن ئاراقۇمدىكى ھېلىقى مەردان دېگەن بالىنى تونۇيدىغانسەن؟

— قايسى مەردان ئۇ؟ ئاراقۇمدا مەردان ئىسىملىكتىن بىرنەچچىسى بار.

— ھېلىقى ناسىرجان بوغالتىرنىڭ ئوغلى مەردانچۇ.

— ھە، ئۇنى تونۇيمەن، — دېدى جاپپار يۆگەپ بولغان موخوركىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، — ئۇ ئىككى قېتىملىق سوتقا جەۋھەر دېگەن ساراڭنىڭ ئاپىسىنى ئېلىپ بارغانتى، شۇ يەردە كۆرگەنتىم ئۇ دەلدۈشنى.

— ئاشۇ دەلدۈشنىڭچۇ ئەسلىي جەۋھەر بىلەن مۇناسىۋىتى باركەنتۇق، — دېدى مايسەم كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — هازىر ئۇ سېنىڭ داداڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن دەپ ئەرز قىلىپ يۈرگۈدەك، قارىغاندا ئۇ قىز ساڭا تېگىشكە ئۇنىمىغاچقا داداڭ ئۇنى زورلاپ تەھدىت سالپتىكەن، ئاچچىقىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، مۇشۇنى ئېنىقلىغۋالغان مەردان: «بۇ يوللۇق قوغدىنىش ئۈچۈن بولغان ئۆلۈم ۋەقەسى، بۇ ۋەقەدە جاپپارنىڭمۇ خاتالىقى بار، چۈنكى ئۇ مۇشۇ قىزنى ئالىمسام زادى بولمايدۇ دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا دادىسى بۇ قىزغا ئىنتايىن قاتتىق ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى ئوغلىغا تېگىشكە قىستىغان، ئاقىۋەت مۇشۇنداق پاجىئەنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان» دەپ ئەرز قىلىۋاتقۇدەك، بۇ ئىشقا ئۈرۈمچىدىكى بىر چوڭ ئادۋوكات قول تىققان ئوخشايدۇ.

— نېمە؟! — دېدى جاپپار بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىك تاتارغان هالدا، — تېخى مۇنداق ئىشلارمۇ بار دېگىنە بۇ يەردە، تېخى مېنىمۇ چىشلەپ تارتقىنىنى بۇ يارىماسنىڭ... مەن بۇ دەلدۈشنىڭ قاتىلنىڭ ئانىسىنى سوتقا ئاپىرىپ ـ ئەكىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، قوشنىسى بولغاندىكىن شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ جەۋھەر دېگەن ساراڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن بۇ دەرىجىدە چىڭلىقىنى ئەجەب بىلمەپتىمەن دېسە... ئەسلىي ئىشلار مۇنداقكەن دېگىنە... ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ تويي قىلارمىش تېخى... ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ ئۇ دەلدۈش.

— بەزىلەردىن ئاڭلىسام، مەردان جەۋھەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقىلى بىر ـ ئىككى يىلدىن ئېشىپ قاپتىكەن، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىپ، — ئۇ قاتتىق قىلىپ تۇرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ مەن بايا دېگەن ئەھۋاللارنى ئېنىقلىغان گەپ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى يىللىق مۇھەببىتىگە سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ئەرز قىلىپ ئۇنى تۈرمىدىن بالدۇرراق چىقىرىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ناسىرجان بوغالتىر ئوغلىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن بىر قىزنى ساقلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەرز قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتىمىش، ئۇ هازىر بارىدىغان يېرى يوق ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئۇنىڭ ئاكىسى كىمكەن؟ — دېدى جاپپار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — شۇنىلا دېگىنە، قالغان گەپنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن دېيىشىۋالىمەن.

— هېلىقى ئاراقۇمنىڭ ئۇستىدىكى سايىلىقتا بورداقچىلىق قىلىپ بېيىپ كەتكەن مۇھەممەدنى بىلىدىغانسەن؟ — دېدى مايسەم جاپپارنىڭ چىشلىرىنىڭ غەزەپتىن كىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — ئاشۇ مۇھەممەد ئۇنىڭ ئاكىسىكەن.

— مۇھەممەدنى مەن ئوبدان تونۇيمەن، — دېدى جاپپار قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ، — مەن تېخى دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئېتىپ بەرمىدى دەپ يۈرسەم ماۋۇ پوق يەيدىغان گۈينىڭ بالىسى تېخى ئەرز

قىلىپ يۈرۈپتۇ ـ دە... بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى، مەن مۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن.

ــ توغرا، ئۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك، لېكىن بۇ ئىشنى قوپاللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلماي ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىڭ كېرەك، مېنىڭچە، سەن بۇ ئىشتا قاراملىق قىلماي ئۇنىڭغا شەرت قوي. بىزگە ھازىر پۇل كېرەكقۇ ـ ھە، شۇڭا ئۇلاردىن پۇل ئۇندۇرىدىغان ئىشنى قىل، چۈنكى ئاشۇ مەردان دېگەن دەلدۈش ئۇ قىز بىلەن يۈرمىگەن بولسا داداڭ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلمەيتتى... ئۇ قىزمۇ مەردانغا بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەيمەن دەپلا داداڭنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارغان گەپ، بولمىسا ئۇ قىزدا نەدىمۇ ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك يۈرەك بار دەيسەن.

ــ ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ جۇمۇ،ــ دېدى جاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ مايسەمنى چىڭ قۇچاقلاپ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ تۇرۇپ،ــ مۇشۇ يەرلىرىڭنى دەيمەندە سېنىڭ، ئەمدى بىز بېيىپ كېتىمىز، مەن مەردان دېگەن گۆيدىن خۇن تۆلىمى ئالىمەن، بولمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، رىزقىمىغا چاڭ سالغىنىغا تويغۇزىمەن ئۇ خۇمسى گۆينى، مەن دېگەن كىم، مۇشۇ يۇرتتا قۇرۇق يەردىن چاڭ چىقىرىپ يۈرگەن جاپپار توخمەن، جاپپار كەپتۇ دېسە بىر مەھەللىلا ئەمەس، بىر يۇرت تەۋرەپ كېتىدۇ... ئانىلار غەلۋە قىلىۋاتقان بالىلىرىغا: «جاپپار كېلىۋاتىدۇ، يەنە غەلۋە قىلىدىغان بولساڭ جاپپار سېنى ئەكېتىدۇ» دەپ قورقۇتۇپ يىغىسىدىن توختىدىغان بىر ئادەممەن.

ــ ئۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلما،ــ دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ ئادەم ئۆلتۈرسەڭ ھۆكۈمەت سېنىمۇ

بوش قويۇۋەتمەيدۇ، جەۋھەر بارغان تۇرمىگە سەنمۇ بېرىپ قالىسەن، مەن مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئازراق پۇل تاپىدىغان ئىش قىلايلى دەۋاتىمەن، شۇڭا قارامىلىق قىلماي ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل ئۇندۇرۇۋالىدىغاننىڭ يولىنى قىل دېدىمغۇ.

— بۇنى ئوبدان بىلىمەن، خوتۇن،— دېدى جاپپار خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھىجىيىپ،— خاتىرجەم بول، ئاغزىمدا ئۇنداق دەپ قويغىنىم بىلەن پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلايدىغان ئادەم ئەمەسمەن.

جاپپار ئايالى بىلەن خوشلىشىپ تالاغا چىقتى، ئوت تەپتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان قۇياش شەرقتىن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى، قارىغاندا ھەممىلا كىشى ئېتىزلىرىغا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، مەھەللە يولىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. دېمىسىمۇ، كۈن قىزىغىچە ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىۋالىدىغان دېھقانلار مۇنداق چاغدا مەھەللىدە لاغايلاپ يۈرمەيتتى.

جاپپار قايسىبىر ھويلىدىكى ئادەمنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالسىلا قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالغاچ مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. سۇلايمان ئۇنىڭ جانجىگەر دوستى بولۇپ، ئىچكىرىدە بىرگە بىرنەچچە يىل باشقىلارغا مەدىكار بولۇپ كاۋاپچىلىق قىلغانىدى، ئۇ ئىچكىرىدىن قايتىپ چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاتا - ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن شىرەم تۇغقىنى پاتىگۈلنى نىكاھىغا ئېلىپ ئىككى باللىق بولغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا جاپپارنى بۇرۇنقىدەكلا ئىزدەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن قىمار، ھاراق سورۇنلىرىدا ۋە ئۇرۇش -

جىدەللەردىمۇ بىللە بولاتتى، ھەتتا ئايالىغا تىنمايدىغان ئىچكى سىرلىرىنىمۇ بىر - بىرىدىن يوشۇرمايتتى.
«ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەندەك پاتىگۇل ناھايىتى پەملىك ئايال چىقىپ قالدى. ئۇ ئاساۋ ئاتقا سالما سېلىۋالغاندەك بالىلىق بولغاندىن كېيىن جاپپار بىلەن قالايمىقان كوچا چىگدايدىغان سۇلايماننى ناھايىتى تېزلا ئۆزى سىزغان سىزىقتا چۇشۇرۇۋالدى. ئۇ ھازىر ئۆيى بىلەن ئېتىزنىلا چۆرگۈلەيدىغان، تاپقان نەرسىسىنى ئۆيگە توشۇيدىغان ئادەم بولغاندى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئائىلىسىگە بېغىر باسىدىغان ئادەمگە ئايلىنىشى سەۋەبلىك ئۇلار ھازىر كەمدىن - كەم ئۇچرىشىدىغان بولدى.
بۇگۈنمۇ قېرىشقاندەك سۇلايمان ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى، پاتىگۇل ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك سۇپىدا ئولتۇرۇپ سۇلايماننىڭ ئاياغ تەرىپى قىرچىلغان ئىشتىنىنىڭ چۆرىسىنى تىكىپ ئولتۇراتتى، يېنىدىكى بۆشۈكتە كىچىك ئوغلى ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىدى، چوڭ ئوغلى ھويلىدا سۇلايمان ياساپ بەرگەن كىچىك غالتەكلىك ھارۋىغا بىرنەچچە تال كېسەكنى سېلىۋېلىپ سۆرەپ يۇرەتتى.
پاتىگۇل جاپپارنى كۆرۈپلا ئۆرۈپ كەتتى، ئۇ جاپپارنى پەقەت ياقتۇرمايتتى، ئېرىنى ئۆزىگە ئوخشاش تەييارتاپ قىلىۋېتىش كويىدا ھەر يان سۆرەپ يۇرگەن بۇ لايغەزەلنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى ياراتمايتتى، ئۇنى سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى، كاززاپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئاخىرى بۇ ئەسكى چاپاننى دولىسىغا تاشلاپ قەلەندەرچىلىك قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئېرىنىڭ

ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرلەرگە بېرىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن جاپپار ئۆيىگە كېلىپ قالغان كۆڭلىرى ئاساسەن دومسىيىپ قالاتتى ياكى چىنە - قاچىلارنى بىر - بىرىگە سوقۇپ غودۇرايتتى، شۇڭا ئۇ جاپپارنى كۆرۈشى ھامانلا قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ بالىسىنىڭ بۆشۈكىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ ئۇنىڭغا تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— سۇلايماننى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى جاپپار پاتىگۈلنىڭ ئەتەي تەتۈر قارىۋالغانلىقىنى سېزىپ، — ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇچۇ دېھقان بالىسى، — دېدى پاتىگۈل تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — باشقىلاردەك كۈن چۈش بولغۇچە ئۇخلايدىغان ئادىتى يوق.

— يا ئاللا، مۇشۇ پاتىگۈلزە مېنى چېقىپلا تۇرىدۇ جۇمۇ، — دېدى جاپپار ئۇنىڭ سۆزىنى ئېغىر ئالماي سۇپىنىڭ قىرىغا سۆڭگىچىنى چاپلاپ ئولتۇرۇپ، — بولدى، مەن ھۇرۇن، سىز ئىشچان، ئەمدىغۇ بولغاندۇ، قېنى دەڭە، مېنىڭ ئۇنىڭدا مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، ئۇ نەگە كەتتى؟

— نەگە كېتەتتى، ئېتىزغا كەتتى، — دېدى پاتىگۈل ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، — بىزگە سۇ نۆۋىتى كەپتىكەن، ئېتىزغا سۇ تۇتقىلى كەتتى.

— ئاپلاھۇئەكبەر، — دېدى جاپپار تاماكا يۆگەپ ئولتۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا سۇلايماننىڭ ۋېلىسىپىتىنى بېرىپ تۇرۇڭە، ئاراقۇمغا بارىدىغان مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالغانىدى.

— ۋېلىسىپىتىمۇ يوق، — دېدى پاتىگۈل سۇپىدىن

چۈشۈۋېتىپ، — ۋېلىسىپىتنى ئۇ ئېتىزغا مىنىپ كەتتى.

— يالغان سۆزلىمەڭە، پاتىگۇل، — دېدى جاپپار ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ۋېلىسىپىتنى شەرەتلەپ، — ۋېلىسىپىت ئاۋۇ يەردە تۇرمامدۇ؟

— ئۇ دادامنىڭ ۋېلىسىپىتى، ئۆتكەندە بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپ مۇشۇ يەردە تاشلاپ كەتكەن، سۇلايماننىڭ ئۇنى ياماپ قويۇشقىمۇ ۋاقتى چىقمايۋاتىدۇ.

— يالغان سۆزلەشنى نەدىن ئۆگەنگەنسىز، پاتىگۇل، — دېدى جاپپار ۋېلىسىپىتنى شەرەتلەپ، — مەن سۇلايماننىڭ ۋېلىسىپىتىنى تونۇمامدىم، قاراڭە، «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىت ئەمەسمۇ، ئاۋۇ رەڭلىك لېنتىلارنى ۋېلىسىپىتنىڭ راملىرىغا ئىككىمىز بىرلىكتە يۆگىگەن.

— ھە، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى پاتىگۇل تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ قويۇپ، — ئۇ دادامنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ياماپ بولغاندا بىزنىڭ ۋېلىسىپىتنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى دەۋاتقان، شۇڭا ئۇ دادامنىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ بىزنىڭكىنى تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ ئەمىسە.

— ئۇنداق بولسا مەن ئېتىزغىلا باراي، — دېدى جاپپار كەينىگە يېنىپ.

— ئېتىزغا بېرىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى پاتىگۇل بىردىنلا جىددىيلىشىپ، — ئۇ ئېتىزغا سۇ تۇتۇۋاتىدۇ، «بىر بىكارچى مىڭنى بىكارچى قىپتۇ» دېگەندەك ئۇنى ئېتىزغا سۇ تۇتقىلى قويماي ئەپقاچماقچىمۇسىز؟

— ئۇنداق بولسا ۋېلسىپىتنى بەرسىڭىزلا بولمىدىمۇ، يالغان سۆزلەپ ۋاقىتنى ئالغۇچە.
— بولدى، ۋېلسىپىتنى ئېلىڭ، لېكىن ئېتىمىزغا بارغۇچە بولماڭ جۇمۇ، — دېدى پاتىگۈل بۇ لايغەزەلنىڭ ئېرىنى ئىش قىلغىلى قويماي ئەپقېچىشىدىن ئەنسىرەپ، — ئاۋايلاپ مىنىڭ جۇمۇ ئۇنى... بىرەر يېرىنى بۇزۇپ قويسىڭىز تۆلەيسىز.
— خاتىرجەم بولۇڭ، پاتىگۈل خان، — دېدى جاپپار ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ چىقىۋېتىپ، — باياتىنلا گەپنى ئاۋۇتماي بەرسىڭىزلا بولىدىغان ئىش بۇ.
پاتىگۈل جاپپارنىڭ نەگە ماڭىدىغانلىقىنى كۆرمەك بولۇپ سىرتقا چىقتى، ئۇ جاپپارنىڭ ۋېلسىپىتنى مىنىپ ئاراقۇم تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى، چۈنكى ئۇ جاپپارنىڭ سۇلايماننى ئىزدىتىۋرۇپ ئېتىز ئىشىنى تاشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.
«يا بېشىنى يېمىدى بۇ تەييارتاپ، — پاتىگۈل جاپپارنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى، — كەچكىچە سۇلايماننى ئىزدەپلا يۈرگەن، سۇلايمان مۇشۇنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بىرەر بالا - قازاغا ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ يۈرىكىم سۇ مېنىڭ... ئاشۇ مېڭىشىڭدا بىرەر ماشىنىغا سوقۇلۇپ جېنىڭ چىقىپلا كەتكەي ئىلاھىم.»
جاپپار ۋېلسىپىت بىلەن بىردەمدىلا ئاراقۇمغا يېتىپ كەلدى، ئۇ مايسەمنىڭ دېگىنى بويىچە سايلىققا قاراپ ماڭدى، مۇھەممەدنىڭ ھويلىسى كۆرۈنگەندە ۋېلسىپىتنى ئاستىلاتتى، ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپلا

كىرگەن بىلەن ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەك تەس. «ئۇنىڭدىن پۇل ئۇندۇرىمەن دەيدىكەنمەن چوقۇم مۇۋاپىق بىر پەيتنى تاللاپ مەردان بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشىم كېرەك، بولمىسا ئاكا ـ ئۇكا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا ئۇلارغا تەڭ كەلمەك تەس بولىدۇ.»

جاپپار ۋېلىسىپتنى يان تەرەپتىكى يارداڭلىقتا قويۇپ قويۇپ بۇ قورۇغا يېقىنلاشتى، شۇ چاغدا كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان موتورنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۇتۇۋەتتى، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن بىر كىچىك ماشىنىنى كۆردى، ئۇ يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدا توختاپ ئەينەكنى سىيرىلىپ چۈشتى ـ دە، مۇھەممەدنىڭ قارىمۇتۇق چىرايى كۆرۈندى.

ــ بىرسىنى ئىزدەمتىڭىز؟ ــ دېدى مۇھەممەد جاپپارغا قاراپ.

ــ مەن مەردانىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئاكىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەچكە بۇ يەرگە كېلىشىم، ــ دېدى جاپپار.

ــ مەردان ئۆيدە، يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى.

ــ بولدىلا، ئۆيگە كىرمەي، ــ دېدى جاپپار ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، ــ ئۇنى چاقىرىپلا قويسىڭىز بولىدى، مەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان ئامانەت سۆزى بار ئىدى، شۇنى دەپ قويۇپلا قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

ــ شۇنچە يىراقتىن كەلگەن ئادەم ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆيگە كىرمەي كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ دەيمەن، ــ دېدى مۇھەممەد ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىپ

پەسكە چۈشۈپ،ــ يۈرۈك دەيمەن، بىزدە ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھماننى ئۆيگە باشلىماسلىقتىنمۇ ئېغىر گۇناھ يوق.

مۇھەممەد ئۇنىڭ گەپ قىلغاندا سەل ھودۇقۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭغا سەپسالدى، چىرايى بەكمۇ تونۇش بىلىندى، يەنە كېلىپ تەلەپپۇزىمۇ مۇشۇ يۇرتتىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. مۇھەممەد بىرئاز دېلىغۇل بولدى.

ــ مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ،ــ دېدى مۇھەممەد ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ،ــ سىز مۇشۇ يۇرتتىنغۇ دەيمەن ـ ھە؟

ــ شۇنداق، مەن سىلەرنىڭ قوشنا مەھەللىگىلەر قۇمبۇلاقتا ئولتۇرىمەن،ــ جاپپار ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يالغان سۆزلىدى،ــ ئىسمىم ئەسقەر، يېقىندا بىر ئىش بىلەن ئۈرۈمچىگە چىققان، ئاشخاندا تاماق يەۋېتىپ بىر ئادۇوكات بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىم، ئۇ مېنىڭ قۇمبۇلاقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن مەرداننى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىمنى سورىغاندى، بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن تونۇيدىغانلىقىمنى دېۋىدىم، بىر پارچە خەتنى ماڭا بېرىپ مۇشۇنى ئۆز قولۇم بىلەن مەردانغا يەتكۈزۈشۈمنى ئېيتتى، شۇڭا بوگۈن ۋاقىت چىقىرىپ بۇ يەرگە كېلىشىم.

ــ ئۇنداق بولسا چوقۇم ئۆيگە كىرمىسىڭىز بولمايدىكەن، يۈرۈك، ئۆيگە كىرەيلى، قارىغاندا ئۇ ئادۇوكات ئىنىمنىڭ ھېلىقى دەۋا ئىشلىرى توغرىسىدا بىرەر گەپ ئەۋەتكەن گەپ.

— بولدى، رەھمەت، — دېدى جاپپار كەينىگە داجىپ، — مەن ئۆيگىزنى كۆرۈۋالغاندىكىن كېيىن كېلەرمەن، مېنىڭ يەنە بوگۈن كەچكىچە بېجىرىدىغان بىرمۇنچە مۇھىم ئىشلىرىم بار دەڭا، ئۆيگە كىرگەندىكىن بىردەم ئولتۇرۇپ قالىدىغان گەپ، شۇڭا خاپا بولماي مەرداننى چاقىرىۋەتسىڭىز بوپتىكەن.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى مۇھەممەد ماشىنىسىغا چىقىپ، — مەرداننى چاقىرىپ قوياي، لېكىنزە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆيگە كىرمەي بەك سەت ئىش قىلدىڭىز جۇمۇ.

مۇھەممەد ماشىنىسىنى قوزغاپ ھويلىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن جاپپارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. شۇڭا ئۇ ئاستا كەينىگە يېنىپ بۇ ئۆيدىن سەل يىراقلاشتى - دە، موخوركا يۆگەپ ئۇنى تۇتاشتۇردى ۋە قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھېلىلا ماشىنا كىرىپ كەتكەن ھويلا دەرۋازىسىغا قارىدى، دەرۋازا ئالدىدا مەردان بىلەن مۇھەممەد پەيدا بولدى. مۇھەممەد مەردانغا جاپپارنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، جاپپار مەرداننىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— مېنى ئىزدىگەنمىدىڭىز؟ — مەرداننىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ يېنىدىلا چىققىنىدا جاپپار كەينىگە ئۆرۈلدى.

— شۇنداق، — دېدى جاپپار مۇھەممەدنىڭ دەرۋازا ئالدىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم ھالدا مەردانغا تىكىلىپ.

— سەن جاپپاركەنسەنغۇ، — دېدى مەردان جاپپارنىڭ رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ، — بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

— نېمىشقا كېلەتتىم، — دېدى جاپپار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، — ئاڭلىسام سەن دادامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئاقلاپ تۈرمىدىن ئاچىقىمەن دەپ يۈرگۈدەكسەنغۇ... شۇڭا مۇشۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئۇقۇپ باقاي دەپ كەلدىم، بولماپتىما.

مەردان ئۇنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىرئاز ھودۇقتى، كەينىگە قاراپ ئاكىسىنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەمدى بۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك تۇتۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ يانچۇقىنى سىلاپ باقتى، يانچۇقىدا كۇچانىڭ كىچىك بەكىسى بار ئىدى. ئۇ بۇ بەكىنى يېنىدا ساقلاپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى، ئەمما بەكە بايىلا ئالما ئاقلاپ يېگەن چېغىدا ئۈستەلگە قويغان يېرىدە قالغانىدى.

— يانچۇقۇڭنى سىلايسەنغۇ، يانچۇق سىلايدىغان چاغلىرىڭ ئالدىڭدا تېخى... ئاۋۋال سوئالىمغا جاۋاب بەر، ئۇ قاتىلنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن دەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلغىنىڭ راستمۇ؟

— راست، — دېدى مەردان ئەمدى جىم تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— ئۇنىڭ دادامغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن، — دېدى مەردان ئاۋازىنى يەنىمۇ قاتتىقراق چىقىرىپ، — لېكىن ئۇ زورلانغان، سەندەك بىر ئادەمگە ئۇنى زورلاپ ئېلىپ بېرىمەن دەپ قويۇپلا قىلغانلىقى ئۇچۇن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

— يالغان، — دېدى ئۇ مەردانغا قولىنى شىلتىپ، — ئۇ ئەسلىي ماڭا تېگىشكە ماقۇل بولغان، ئاردا سەن

ھارسمى ئىشنى بۇزۇپ ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكەن، مەن ئەمدى بۇ ھېساباتنى سەندىن ئالىمەن.

— سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، — دېدى مەردان غەزەپلەنگەن ھالدا، — جەۋھەر قانداق بولۇپ سەندەك لۈكچەككە تېگىشكە ماقۇل بولسۇن، سېنىڭ جەۋھەرنى ياخشى كۆرگۈدەك نەرىڭ بار دەيمەن، سەن بىر تەييارتاپ، لايغەزەلغۇ...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى جاپپار مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇنىڭ بۇرنىغا بوش تەگكۈزۈپ، — غوجىكاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى بىلەلمەي ئەجەب سەكرەيسىنا، بىقسنلىرىڭ مۇشت سېغىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ سېنىڭ.

— قولۇڭنى تارت! — دېدى مەردان ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — ساڭا بوزەك بولىدىغان مەردان ئەمەس جۇمۇ مەن.

— مانا ئەمىسە.

جاپپار ئۇنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت سالدى، مۇشت تۇيۇقسىز ئىتىلغاچقا مەردان ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى ـ دە، زاڭقىغا تەگكەن مۇشت دەستىدىن كەينىگە ئىككى قەدەم سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى، جاپپار يەنمۇ تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى، مەردان ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن جاپپارنى قۇچاقلىۋالدى. مەردان گەرچە مۇشت ئاتالمىغان بىلەن چېلىشىشقا ماھىر ئىدى، ھېيت ـ ئايەملەردە يېزىدا بولىدىغان چېلىشىشلاردا ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىقلارنى ئاسانلا يېقىتىۋاتتى، شۇڭا ئۇ جاپپارنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ سول پۇتىغا چىرماق

سىلىپ ئۇنى يىقىتتى ـ دە، ئىككىسى يومىلاقلىشىپ بىرى ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ مۇشتىلىشىپ كەتتى. بىر چاغدا جاپپار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ مەردانىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ يۈزىگە، بىقىنلىرىغا قالايمىقان مۇشتلاشقا باشلىدى. مەردان ھالسىزلىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن تۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى، ئۇ يېنىدىلا تۇرغان مۇشتۇمدەك بىر تاشقا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى رەھىمسىزلەرچە مۇشتلاۋاتقان جاپپارنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى، تاش تېگىش بىلەن تەڭلا يېلى چىققان توپتەك بوشاپ كەتكەن جاپپار ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈم چۈشتى ـ دە، خارتىلداشقا باشلىدى. مەردان قاتتىق چۆچۈپ ئۇنى ئۈستىدىن ئىتتىرىپ قارىدى، ئۇنىڭ يۈزى ئىسلغا قىلغۇسىز ھالەتتە قانغا بويالغان بولۇپ، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. مەردان بۇ تاش ئۇنىڭ جان يېرىگە تېگىپ كېتىپ ئۇنى ئۆلۈپ قالغانمىكىن، دەپ بەكلا قورقۇپ كەتتى. جاپپار يۈزى قانغا بويالغىنىغا قارىماي ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتاتتى.

— سەن نامەردلىك قىلدىڭ، مەردان، — دېدى بىردەم ياتقان جاپپار تۇيۇقسىز مىدىرلاپ بىر قولىدا يەرنى تىرەپ، يەنە بىر قولىدا يۈزىدىكى قاننى ئېرتىپ، — مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

مەردان ئاكىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئۇ قاچمىسا جاپپار يېنىدىكى پىچىقى بىلەن ئۇنى بوغۇزلىۋېتىشتىن يانمايدىغاندەك پەيلى بەكمۇ يامان

ئىدى، بايا ئۇنىڭ بىلىنى تۇتقاندا يېنىدىكى غىلاپ قولىغا ئۇرۇلغانىدى.

— ئاكا، ئاكا، تېز چىقە بۇياقىقا! — دەپ توۋلىدى مەردان ھويلىغا كىرىپلا.

نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمىگەن مۇھەممەد ئۈكىسىنىڭ يۈزىدىكى قاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ دەلدەڭشىپ تۇرغان مەرداننى يۆلىدى.

— مەن جاپپار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ياتقۇزىۋەتتىم.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىنەي؟ — دېدى مۇھەممەد ئۈكىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، — بايىقى ئادەم جاپپاركەندە، ئۇ مەن ئەسقەر دەۋاتامتى، قېنى؟

— تالادا قالدى، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەمەن دەپ ياتىدۇ.

مۇھەممەد ئۈكىسىنى يۆلەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى، بايا ئولتۇرۇپ قالغان جاپپار ئەمدى ئۆلۈپ قالغاندەك يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشىمامسەن...

ئۇلار ئىككىسى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جاپپارنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە جاپپار خارتىلدىغىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگىنىنى سەزگەن جاپپار يەنە زوۋانغا كەلدى.

— نامەرد نېمىكەنسەن، مەردان، — دېدى ئۇ قولىنى مىدىرلىتىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇپ، — مېنى تاش بىلەن ئۇردۇڭ، بولمىسا... ۋاي بۇرنۇم، ئەجەب ئاغرىپ

كېتىۋاتىدىغۇ... مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار، بۇرنۇم ماكچىيىپ كېتىپتۇ، تېز ئاپىرىڭلار... — ئۇنىڭ نەپسى يېتىشمەي خارتىلداپ يەنە يېتىپ قالدى.

— مەن ماشىنىنى ئەكېلەي، — دېدى مۇھەممەد كەينىگە يېنىپ، — بۇ ئۆلۈپ قېلىپ بىزگە ئىش تېپىپ بەرمىسۇن يەنە...

ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى جاپپارنى جىددىي كېسەللەر ياتىقىغا ئېلىپ شۇ ھامان ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېزىلگەن بۇرۇن كۆمۈرچىكىنى ياسىغان بولسىمۇ تازا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ چۇشۇپ كەتكەن تۆت تال چىشىنىمۇ ئورنىغا سېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. مايسەم ئېرىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ سوتقا ئەرز سۇنۇپ مەردانىنى قولغا ئالغۇزدى. قانۇن دوختۇرلىرى جاپپارنىڭ ئېزىۋېتىلگەن بۇرۇن كۆمۈرچىكى بىلەن ئالدى چىشىدىن تۆتى چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭغا بەشىنچى دەرىجىلىك مېيىپ دېگەن كىنىشكا چىقىرىپ بەردى. مايسەم بۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەرز قىلغاچقا ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەردانىغا جاپپارنىڭ بارلىق دوختۇر خىراجىتى ۋە يىگىرمە مىڭ سوم روھىي تۆلەم پۇلى تۆلەتكەندىن باشقا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىش ھۆكۈمى چىقىرىپ ئۇنى تۈرمىگە يولغا سېلىپ قويدى.

## سەككىزىنچى باب

# سېغىنىش مەكتۇپلىرى

جەۋھەر تۇنۇگۇن خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتمىغانىدى، ئەمما بۈگۈن سەل خىيالچان كۆرۈنەتتى. ئۇ بۈگۈن كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ يېڭىدىكى سېۋەتكە لىق قاچىلانغان كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسىنى قوندۇرۇۋاتاتتى، ئەمما خىيالى باشقا ياققا كېتىپ ئىشى ئاۋۇمايۋاتاتتى، سەۋرچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن تۈرمە كادىرلىرىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان جەۋھەرنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى تۈرمىداشلىرىنىڭلا ئەمەس، ئەترەت يېتەكچىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقانىدى.

— بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، جەۋھەر؟ — بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن جەۋھەر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ يېنىدىلا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئالدە يېتەكچىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇر، ئولتۇرۇۋەر، — دېدى ئالدە ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، — باياتىن ساڭا دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، قولۇڭ ئىشتا بولغان بىلەن كاللاڭ باشقا يەردە پالاس قېقىنىۋاتىدۇ، مىجەزىڭ يوق ئوخشىمامدۇ، ئاغرىپ قالغان بولساڭ ئوچۇقىنى دە ماڭا.

— دوكلات، يېتەكچى! — دېدى جەۋھەر ئورنىدىن قايتا تۇرۇپ، — ئۆزۈم ساق، ئاغرىپ قالمىدىم، شۇ ئازراق...

— دۇدۇقلايسەنغۇ، — دېدى ئالىدە ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ، — تېخى تۈنۈگۈنلا ئىككى يېرىم يىل كەچۈرۈم ئالدىڭ، ئاكتىپ ئىشلەۋاتقانلىقىڭنى بىز ئوبدان بىلىمىز، لېكىن سەن باشقىلارنىڭ ئىككى يېرىم يىل كەچۈرۈم ئېلىپلا بوشاپ كەتتى دەپ ئۇستۇڭدىن گەپ تېپىشىدىن ئەنسىرىمەمسەن؟ بولدى، كۆپ سۆزلىمەي... كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىشخانامغا كىر، شۇ يەردە ئوبدانراق سۆزلىشەيلى، بۇ كۆڭلەكلەرنى ئەتە كەچكىچە تەييار قىلىدىغان ئىش تۇرسا سۆرەلمىلىك قىلساڭ بۇنى قانداق پۈتكۈزەلەيسىلەر، قارىغاندا بۈگۈن كېچىمۇ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىمىسەڭلار تۈگىتەلمەيدىغان ئوخشايسىلەر، ئەمدى ئىشىڭنى ئىشلەۋەر، كاللاڭ ئىشتا بولسۇن جۇمۇ.

— ماقۇل، يېتەكچى، چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، — جەۋھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىدە يېتەكچىنىڭ بايىقى نەسىھەتكە ھەم بۇيرۇقمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزىگە جاۋاب بەردى.

ئالىدە ئۇنىڭغا «ئولتۇر» دېگەن مەنىدە قولىنى سىلكىپ قويۇپ كەينى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، جەۋھەر ئورنىغا قايتا ئولتۇرۇپ ياقا قوندۇرۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. دېمىسىمۇ، غوجايىنلار بەزى بۇيرۇتمىلارنى ئىككى ياكى ئۈچ كۈندە پۈتكۈزۈش مۆھلىتى بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەتتى، مۇشۇ مۆھلەتتە پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلار كۈنىگە ئون نەچچە

سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى، مۇنداق چاغدا يېتەكچىلەر سان ھەم سۈپەتنى تەڭ تۇتۇشنى تەكىتلەپ ئۇلارنى تېزرەك ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى بىرئاز ئەركىنرەك باشقۇراتتى، چۈنكى ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەش ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى، شۇڭا بەزىدە ئۇلار كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەپكىسىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپمۇ قالاتتى، بەزىلەر تېخى ئۇيقۇچىلىقتا قولىغا يىڭنە سانجىۋېلىپ ۋايجانلاپ سەكرەپمۇ كېتەتتى، يېتەكچىلەر ئۇلارنى ئون - يىگىرمە مىنۇتلۇق ئارام ئېلىشقا تەشكىللەپ ناخشا ئېيتقۇزۇپ، ئۇسسۇل ئويناتقۇزۇپ ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا جەۋھەر ئېچىلىپ كېتەتتى - دە، بەزىدە ناخشا ئېيتىپ، بەزىدە ئۇسسۇل ئويناپ ئۆزىنىڭ ھەم ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى سەگىتىپ ئۇيقۇسىنى ئېچاتتى.

ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىدىغىنى ھېلىقى تۇردا قىلىنىدىغان قۇرۇپ ئەرلەرنى قويىدىغان دىلرەبا بىلەن گۈلزىبا ئىدى، ئۇلار بىر - بىرىگە سوئال قويۇپ ئۇنىڭغا ھەزىل جاۋاب بېرىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى ئاپتاپتەك يورۇتۇۋېتەتتى، بەزىدە تېخى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قىز - چوكانلارغا چاقچاق قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ ئۇچەيلىرىنى ئۈزۈۋەتكىلى قىل قالاتتى.

جەۋھەر كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسىنى ئورنىتىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈن كەچتىكى چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ قالدى، ئاخشام يېتەكچى گۈلشەن دىجورنى ئىدى، ئۇ سائەت ئوندىن ئاشقاندا ئۇلارنى يىگىرمە

مەنۇتلۇق دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى، ھاجەتخانىغا بارىدىغانلار بېرىپ كەلگەندىن كېيىن گۈلشەن دىلرەبا بىلەن گۈلزىبانىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېنى ئەمىسە بۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئوبدانىراق ئېچىپ قويۇڭلار، چاقچىقىڭلار تەملىك چىقسۇن.

— خوپ، باشلىق،— دېدى دىلرەبا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ،— بىز بۇگۇن بۇ خانىملىرىمىزنىڭ ھازىر نېمىلەرگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆزىتىپ باقايلى. ھە، گۈلزىبا قارىغىنە، جەۋھەر ھازىر نېمىگە ئوخشاپ قاپتۇ؟

— يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان قۇشقا،— دېدى گۈلزىبا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

— دىققەت بىلەن ئۇچمىسا سارغا يەم بولىدىغان قۇشقا دېمەمسەن.

— ئۇچۇشقىمۇ پەم كېرەك، ئاۋايلىمىسا قانتى سۇنىدۇ بۇ بايقۇشنىڭ.

جەۋھەر ئۇلارنىڭ ئويلانمايلا دەپ سالغان چاقچاقلىرىدىن بىرەر نەرسىنىڭ بېشارىتىنى سېزىپ ئۆزى كۈلۈپ تۇرسىمۇ خىيالى باشقا ياققا كەتتى: «يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان قۇش، سارغا يەم بولۇش، قانتى سۇنۇش... ئەجەبا، بۇلارنىڭ گەپلىرى بۇگۇن كېچىدىكى چۇشۇمگە مۇناسىۋەتلىك بولسا ـ ھە؟!»

جەۋھەر خۇددى بىرەيلەن ئۇنى تۇيۇقسىز نوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ ئالدىغا قارىدى، دىلرەبا بىلەن گۈلزىبا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ چاقچاقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دىلبەرگە قارىغىنە، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۇ نېمىگە ئوخشايدۇ؟

ــ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازغا.
ــ قىمار ئوينىماڭ دىسەك ئۇنىماي مانا ئەمدى ئىرىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى، ئەرسىز قالغاننىڭ دەردى بۇ.
ــ ياش تۇرۇپ تۇل قالغاندىكىن يامغۇردا قالغان چالمىدەك ئىزىلىپ ئولتۇرىدىغان گەپ ئەينا.
ــ قاراڭلار ئاۋۇ ئايگۇلگە، جالاقشىپ تىترەپ كېتىۋاتىدىغۇ.
ــ ئۇ تاقىر تاغدا جۇدۇندا قالغان يالاڭتۆشكە ئوخشاۋاتىدىغۇ...
ــ بۇنداق سوغۇقتا ئىرىدىن يامانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭمىسا بولاتتى ئەمەسمۇ...
ــ ئىرىنى ئاشنىسى بىلەن تۇتۇۋالغان خوتۇن قانداق تۇرىدۇ ئۇ ئۆيدە.
ــ ۋاي ئىسىت، ئىرىدىن ئايرىلىپ ياشىماقنىڭ تەسلىكىنى نىمە دەي، ئەمدى نىمە كۈننى كۆرەر بىزنىڭ بۇ سەتەڭ.
ــ قاراڭ بىزنىڭ رىزۋانغا، مۇنكىر ـ نەكىرگە ئۇچراپ گۆردىن قىچىپ چىققاندەك سارغىيىپ كېتىپتىغۇ.
ــ سارغايغىنى پىشقىنى.
ــ پىشقان بولسا چاتاق، ۋاقتىدا ئۇزمىسەڭ تورۇكلاپ بېشىڭغا چۈشۈپ رەسۋا قىلمىغىيتتى ماۋۇ ئىسىل كىيىملىرىڭنى.
ــ مېنى رەسۋا قىلسىغۇ مەيلى، ھېلىقى مۇنكىر ـ نەكىرلەر كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ ئۇنى رەسۋا قىلمىسىلا بولاتتىغۇ.
ــ ھا ـ ھا ـ ھا...
بىردەم داۋاملاشقان بۇ چاقچاقلاردىن قانغۇچە

ھۆزۈرلانغان مەھبۇسلارنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى، ئەمدى ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئوخشىتىشلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ يېتەكچىنىڭ بۇيرۇقىسىزلا ئۆز ئىشلىرىغا چۇشۇپ كېتىشكەندى.

جەۋھەر ئاشۇ چاقچاقلارنى ئەسلەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يېقىندىن ئۇچۇرما بولغان قۇشقا ئوخشاتقانلىقىنى ئويلاپ قالدى، دېمىسىمۇ ئۇ تېخى قانىتى قاتمىغان بىر قۇش چېغىدىلا بۇ جايغا ئېلىپ كېلىنگەندى. مانا بىردەمدىلا ئىككى يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى، بىر يىلدىن كېيىنلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلگەن جازا بىردىنلا يىگىرمە يىللىققا چۈشۈپ قالدى. ئالدە يېتەكچىنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، مۇنداق جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتى ئاۋۋال ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا چۈشۈرۈلۈپ ئاندىن ئۆزگىرىش ئىپادىسىگە قاراپ يىگىرمە يىلغا چۈشۈرۈلىدىكەن، لېكىن جەۋھەرنىڭ جازا مۇددىتىنىڭ بىراقلا يىگىرمە يىلغا چۈشۈرۈلۈشى بۇ ئالاھىدە كەچۈرۈم ھېسابلىنىدىكەن. دېمەك، مەردانىنىڭ سىرتتا ئادىلجان ئادۋوكات ئارقىلىق ئۇنىڭ جازاسىنى يېنىكلىتىش ئۇچۇن قىلىۋاتقان ئەرزلىرىنىڭ ئۇنۇمى بولۇۋاتىدۇ دېگەن گەپ، بۇ ئەلۋەتتە خۇشال بولىدىغان ئىش، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز بەختىنى نابۇت قىلىشى ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

— نېمە بولدۇڭ، جەۋھەر؟ — دېدى جېنەستەم ئۇنىڭ ياقىسىنى ئورنىتىپ بولغان كۆڭلەكلىرىنى رەتلەۋېتىپ، — بۈگۈن مىجەزىڭ بەكلا بوشقۇ؟

— بۇگۈن سەھەردە مېنى قارا بېسىپ قاپتىكەن، — دېدى جەۋھەر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى توختىتىپ، — ئاشۇ قاباھەتلىك چۈش مېنى سەل بىسەرەمجان قىلىپ قويدىغۇتاڭ.

— قانداق چۈش كۆردۈڭ؟ دېگىنە، مەن ئۆرۈپ بېرەي شۇ چۈشۈڭنى.

— مەردان ئاق بوز ئاتقا مىنىپ كېلىپ مېنى ئېلىپ مېڭىپتۇ، — دېدى جەۋھەر جېنەستەمگە قاراپ ئېغىر خورسىنغان هالدا، — بىز كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇق، شۇنداق خۇشال كېتىۋاتساق بىر چاقماق چېقىلىپلا ئىككىمىز ئاتتىن يىقىلىپ بىر چوڭ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇق، سۇ بىردەمدىلا قاينام هاسىل قىلىپ پۈتمىزدىن تارتىپ سۇ ئاستىغا سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقۇدەك... بىر قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرگەندە مەرداننى يوقىتىپ قويدۇم، مەن سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىپ ئويغىنىپ كەتتىم، پۈتۈن بەدىنىم تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاخشام دىلرەبا بىلەن گۈلزىبا «ئۇچۇرما بولغان قۇش، سارغا يەم بولۇش، ئۇچۇش» دېگەندەك چاقچاقلارنى قىلىشىدى، يۈرىكىم سېلىپ كەتكەن. مانا كېچە ئۇچۇپ قانىتى سۇنغان قۇشتەك قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتىمەن، بۇ چۈش بىرەر بېشارەتتىن دېرەك بېرەمدىكىن دەپ ئاللاغا سېغىنىپ: «ئىھ، ياراتقۇچى ئاللا! سېنى سېغىنىپ تۇرغان مۆمىن بەندىلىرىڭنى مۇنداق پالاكەتچىلىكتىن ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا قىلدىم، سەھەردىكى چۈشىنىڭ ئوڭغا تارتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا مەردانغا بىرەر ئىش بولغانمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، ئۇ مېنى دەپ بىرەر بالا - قازاغا

ئۇچراپ قالمىسا بولاتتى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى مانا نەق بىر يىل بولدى، كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىۋاتىدۇ.

— چۈشكە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى جېنەستەم رەتلەپ بولغان كۆڭلەكلەرنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — ئۇنى ئوڭغا دېسەڭ ئوڭغا، سولغا دېسەڭ سولغا ئۆرۈگىلى بولىدۇ، مېنىڭچە چۈشۈڭنىڭ ئالدىنى ئوڭغا ئۆرۈسەك مەردان سېنى ساقلايدىكەن، سەن تۇرمىدىن چىققۇچە ئۇ سەن ئۈچۈن جىق ئىشلارنى قىلىدىكەن. قارا، ئۇ ھازىر سەن ئۈچۈن ئەرز قىلىپ جازا مۇددىتىڭنى قىسقارتقىلى تۇردى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سېنى خاتىرجەم ئىشلەپ، ئارتۇق خىياللارغا بېرىلمەي ياخشى ئۆزگىرىشىڭنىڭ كاپالىتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى چۈشۈڭنىڭ كەينىنى ئۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى چۈشۈڭنىڭ داۋامى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ.

— جېنەستەم ئورنۇڭغا قايت، — دېدى ئالدە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — دەزمالالايدىغان كىيىملەر يىغىلىپ كېتىپتۇ، قاچان تۈگىتىسەن بۇ ئىشنى؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، باشلىق، — دېدى جېنەستەم ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ، — قولۇمدىكى ئىشنى تۈگەتمىگۈچە تاماقمۇ يېمەيمەن.

جېنەستەم ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىغا كەتتى. جەۋھەرنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەپكىسىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك تېپىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى ياخشى ئىشلەپ يىل ئاخىرىدا ئاكتىپ سايلىنىپ كەچۈرۈم ئېلىپ تېزرەك تۇرمىدىن چىقىشنى ئويلىدى. تۈنۈگۈن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ جازا مۇددىتى قىسقارتىلغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا ئۇ ھاياجىنىنى باسالمايلا قالغانىدى، تۈرمىگە كىرگەن كۈنى «مېنى ئېتىۋېتىڭلار، مېنىڭ يەنە ئىككى يىل ياشىغۇم يوق» دەپ ئىشىك مۇشتىلىغان چاغلىرى يادىغا كەلدى.

جەۋھەر ئۇ چاغلاردا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى ئىككى يىلدىن كېيىن چوقۇم ئاتىدۇ، دەپ چۈشىنىۋالغاچقا ئىككى يىل ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقاندىن كۆرە ھازىرلا ئېتىۋەتسە بۇ يورۇق دۇنيادا ئازاب تارتىپ ئۆلۈم ۋاقتىنى كۈتكەندىن ياخشى ئەمەسمۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغانىدى. بىراق، تۈرمە كادىرلىرىنىڭ تەربىيەسى، تۈرمىداشلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئۇنى ھاياتلىق ئالىمىگە قايتۇرۇپ كەلگەنىدى، ئاستا ـ ئاستا تۈرمە ھاياتىغا، ئىش تۈزۈملىرىگە كۆنۈپ، ھاياتقا، بولۇپمۇ ئەركىن ھاياتقا بولغان بىر خىل مۇھەببەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق ئاكتىپلار قاتارىغا ئۆتۈپ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىشنى چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق تالانتىنى نامايان قىلىپ تۈرمە گېزىتىگە خەۋەر ۋە ئۆگىنىش ئىرادىنامىسىنى يېزىش ئارقىلىق تۈرمە كادىرلىرى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى، ھەتتا بۇ تۈرمە گېزىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ سايلىنىپ تۈرمە كادىرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئۇ ھەر قېتىم ئىشقا ماڭغاندا ھەم ئىشتىن چۈشكەندە بىرىنچى چوڭ دەرۋازىغا قاراپ: «ئاھ، ئەركىنلىك! مۇشۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتسەملا ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن،

هاياتىمنى يېڭىدىن باشلايمەن. مېنى كۆتۈپ تۇرغىنى ئەركىنلىكمۇ ياكى ئازابمۇ؟ مەن قايتىپ چىقسام جاپپار ماڭا زىيانكەشلىك قىلارمۇ؟ مەردان بىلەن بىللە بولۇش چۈشكە ئايلىنىپ كېتەرمۇ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن تالاي ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئىككى يېرىم يىل كەچۈرۈم ئالغان چېغىدا هاياجانلانغان بولسىمۇ يەنىلا ئەنسىز خىياللار ئىسكەنجىسىدە قىسىلىۋاتاتتى، بۇ قىسىلىش ئۇنى روھىي جەھەتتىن ئازابلاپ تۇرسىمۇ ئىلان قىلىنغان ئىككى يېرىم يىللىق كەچۈرۈم ئۇنى يېنىك تەۋرىتىپ يەنىلا ئەركىنلىككە چىقىدىغان چاغلىرىنىڭ هامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئۇنى هاياجان قۇچىقىغا بۆلەپ تۇراتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى جەۋھەرنى خىيالىدىن ئويغاتتى، ماشىنىلار مېڭىشتىن توختىدى. بۈگۈنكى ۋەزىپە ئورۇندىلىنىپ بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئەمدى كەچتە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىمىسە بولمايتتى، شۇڭا بۈگۈنكى دىجورنىلار ئاشخانىغا چىقىپ كەچلىك تاماقنى سېخقا ئەكىلەتتى. بۈگۈنكى دىجورنى گۈلزىبا بولغاچقا، ئۇ تاماق چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا ماڭدى. تاماق ۋاقتى يېرىم سائەت بولغاچقا بەزىلىرى هاجەتخانىغا مېڭىشتى، بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ بەللىرىنى تولغاپ هەرىكەت قىلاتتى. ئۈچ ـ تۆت سائەت كېيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىش قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى.

ـــ جەۋھەر، ساڭا خەت كەپتۇ، ـــ دېدى رىزۋان

جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ــ ئوبۇرنىدىن قايتىپ كېلىشۋاتسام ئالىدە يېتەكچى ئۇچراپ قالدى، سىنى كېلىپ خىتنى ئېلىۋالسۇن دەيدۇ.

ــ ئاپامدىن خەت كەپتۇ ـ دە، ــ دەپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى جەۋھەر. ئاپىسىدىن خەت كەلمىگىلى ئالتە ئايدىن ئاشقانىدى.

ئۇ ئالىدەنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئالىدە قانۇنچىلىق گېزىتىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان جەۋھەرنىڭ ئىشىكنى بوش چېكىپ «رۇخسەتمۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولىدىكى گېزىتنى ئۈستەلگە تاشلىدى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ كىرىۋەر، ــ دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى يان تەرەپكە قويۇلغان قوش كىشىلىك ئورۇندۇققا باشلىدى.

ــ مەن خېتىمنى ئالغىلى كىرىۋىدىم، ــ دېدى جەۋھەر.

ــ بۇنى بىلىمەن، بىردەم ئولتۇر، ــ دېدى ئالىدە ئورنىدىن تۇرۇۋالغان جەۋھەرنى مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ــ بىردەم مۇڭدىشايلى، پىكىر ئالماشتۇرايلى، مەن كادىرلار ئاشخانىسىغا ئىككى كىشىلىك تاماق بۇيرۇتۇپ قويدۇم، بىللە تاماق يەيلى.

جەۋھەر بۇگۈن ئالىدەنىڭ بۇ ئىشىدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى ـ يۇ، ناھايىتى تېزلا بۇ خىيالىدىن يېنىپ قالدى. «ئۇ بايا كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىشخانامغا كىر، ئوبدانىراق سۆزلىشەيلى دېگەن ئەمەسمىدى، قارىغاندا ماڭا تەربىيە بەرسە كېرەك، بۇ

خەتتە ئانام بىرەر شۇم خەۋەرنى يازغانمىدۇ؟ بوۋام ـ موماملارغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ... ئەستا، خەتنى بەرسە بوپتىكەن...»

ــ خەتنى بىرنۆەتكەن بولسىلا...

ــ ئالدىرىما دېدىمغۇ مەن ساڭا، ــ دېدى ئالىدە مىيىقىدا كۈلۈپ، ــ باشقىچە خىياللاردا بولۇپ ئانچە ئەنسىرەپمۇ كەتمە، بىزدە «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن گەپ بارغۇ، تاماقتىن كېيىن ئالىمسەن ئۇ خېتىڭنى.

بۇ گەپتىن جەۋھەرنىڭ كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كېلىپ پۇشايمىنىدىن تەر چىقىپ كەتتى، چۈنكى بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق خالتا ياكى خەت تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىغا تېگىدىغانلىقى ئۈچۈن جەۋھەر خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئالىدەنىڭ ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئالىدەنىڭ بۇ سىرلىق ھەرىكەتلىرىگە قاراپ بۇ قېتىمقى خەتتە بىرەر شۇم خەۋەرنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك بولدى.

ــ جېنىم ئالىدە يېتەكچى، ــ دېدى جەۋھەر يۈرىكىنى ئوڭ قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، ــ خەتتە قانداق خەۋەر بولسا مەيلى، مەن بەرداشلىق بېرەلەيمەن، مېنى بۇنداق قىينىماي خەتنى بىرنۆەتكەن بولسىلا، مەن چىقىپ ئەترەتتىكىلەر بىلەن بىللە تاماق يەۋېرەي.

ــ نېمانداق تەنتەكلىك قىلىسەن؟ ــ دېدى ئالىدە كۈلۈمسىرەپ، ــ ئولتۇر دېگەندىكىن ئولتۇر، مەن ئىككى كىشىلىك تاماق بۇيرۇتۇپ قويدۇم دېدىمغۇ ساڭا... خەتنىڭ ئىشىنى تاماقتىن كېيىن دەيمەن.

— خەت ئاپامدىن كەپتىمۇ؟
— ياق.
— ئۇنداق بولسا ئۇكامدىن كەپتىمۇ؟
— ياق.
— ئەمىسە كىمدىن كەپتۇ؟ ماڭا تېزرەك دەپ بەرگەن بولسىلا، ماڭا مۇشۇ تۇغقانلىرىمدىن باشقا كىم خەت يازىدۇ، مەن بۇ جايغا قامالغاندىن باشلاپلا بارلىق دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بىر بىچارە قۇش.
— سىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرسىدىن كەپتۇ، بىراقزە...
— بىرىنچى تۇرمىدىن كەپتۇ — دە.
— سەن بۇنى قانداق بىلىسەن؟
— بىلمەيچۇ،— دېدى جەۋھەر تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ،— ئۇ ئادەمنى تازا بىزار قىلىدىغان بىرنېمىكەن زادى... بولدىلا، ئەگەر راستتىنلا بۇ خەت ئاشۇ يېپيېشقاق ساراڭدىن كەلگەن بولسا خەتنى قايتۇرۇۋەتسىلە.
ئالىدە جەۋھەرنىڭ بىردەمدىلا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلدى. ئۇ ئۆتكەندە بىرىنچى تۇرمىدىن بۇ يەرگە تەشۋىقات دوسكىسىنى بېزەشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا كەلگەن ھېلىقى بۇغداي ئۆڭلۈك، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بالىنىڭ ئىشىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ ئۈچ كۈن ئىشلەش جەريانىدا شۇنچە كۆپ قىزلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە ياردەملىشىشكە كەلگەن جەۋھەرگە ئاشىق بولۇپ قالغانىدى، شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ جەۋھەرگە بىرنەچچە قېتىم تەلەپ قويۇپ خەت يازغان بولسىمۇ جەۋھەر ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىغانىدى، مانا بۈگۈن ئۇ تۇرمىدىن خەت كەلدى، دېگەننى ئاڭلاپلا

قاپىقىدىن مۆز ياغدۇرغىنى ئۇنىڭدىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

— مانا تاماق كەلدى،— گۈلشەن ئىشخانىغا كىردى، ئۇ ئىككى قولىدا ئىككى تەخسە گۆش بېسىلغان پولۇنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەززىلىك پۇراق كېلەتتى.

— قېنى، ماۋۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر،— دېدى ئالدە جەۋھەرنى ئۇستىلىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە قويۇلغان چاي ئۇستىلىگە باشلاپ،— پولۇنىمۇ سېغىنىپ قالغانسەن ھەرقاچان... ھە، گۈلشەن، ئۆزۈڭنىڭ تامىقى قېنى؟ بىللە ئولتۇرمامدۇق.

— ئۆزۈمنىڭكىنى ئىشخانامغا ئەكىرىپ قويدۇم،— دېدى گۈلشەن كەينىگە يېنىپ،— مەن سىلەرگە كاشىلا قىلماي، سىلەر بىمالال سۆزلىشىپ ئولتۇرۇڭلار. جەۋھەر، ھەقىقەتەن تەلىيىڭ باركەن جۇمۇ سىنىڭ، مۇھەببەتكە مۇشۇنداق سادىق بولسا ئايال كىشىگە نېمە ئارمان قالىدۇ زادى .

— مېنى ئۇنداق زاڭلىق قىلمىسىلا،— دېدى جەۋھەر چىقىپ كېتىۋاتقان گۈلشەنگە،— مەن بۇ يەرگە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا ئۇنداق مۇھەببەت دېگەن گەپلەرنى يەتتە تاغنىڭ ئارقىسىغا تاشلىۋەتكەن.

— بۇ گېپىڭ تازا قاملاشمىدى،— دېدى ئالدە ئىككى ئىستاكانغا قېنىق دەملەنگەن چاينى قۇيۇۋېتىپ،— سەن بۇ يەردە مەڭگۇ تۇرمايسەن، ئەمدىلا يىگىرمىگە كىردىڭ، تۈرمىدىن چىققاندا ئوتتۇزدىن ئاشىسەن، شۇنداق بولغاندىكىن يەتتە تاغنىڭ كەينىگە تاشلىغان مۇھەببەتنى ئۇيلىمىساڭ يەنە بولمايدۇ، چۈنكى سەن مەڭگۇ مۇشۇنداق

يالغۇز ئۆتۈپ كېتىمەن دېيەلمەيسەن، ۋاي بولدىلا، تاماق ۋاقتىدا مۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى، قېنى، پولۇنى تېتىپ باققىنە، ئوخشاپتىمۇ؟

جەۋھەر قولىغا تۇتقۇزۇلغان قوشۇق بىلەن پولۇنى يېيىشكە باشلىدى، بۇ پولۇ ھەقىقەتەن ئوخشىغان بولۇپ، جەۋھەر مۇشۇنداق تەملىك پولۇ يەپ باقمىغىلى خېلى يىللار بولغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى، شۇڭا ئۇ ئالدىدىكى چايدىن ئوتلاپ ئولتۇرۇپ پولۇنى بىردەمدىلا يەۋەتتى ھەم سەل خىجىل بولۇپمۇ قالدى.

— بىز مۇشۇنداق تېز تاماق يەپ ئۆگىنىپ قاپتىمىز، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى تازىلىق قەغىزىدە قولىنى ۋە ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، — زاڭلىق قىلمىسىلا جۇمۇ.

— نېمىشقا زاڭلىق قىلاتتىم، — دېدى ئالىدە ئۆزىنىڭ تەخسىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — مېنىڭكىدىن ئازراق يەۋالامسەن؟

— بولدى، رەھمەت، تويۇپ قالدىم، ئەمدى ئىشىمغا چىقسام بولامدۇ؟

— خېتىڭنى ئالامسەن؟

— بولدى، ئۇ خەتنى قايتۇرۇۋەتسىلە دېدىمغۇ.

— بۇ خەتنى قايتۇرغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئالىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، — چۈنكى بۇ خەت سېنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان ھېلىقى بالىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشىقىڭدىن كەپتۇ.

— مېنىڭ ئاشىقىم كىم؟ ئادەمنى گاڭگىرىتىپلا قويدىلىغۇ.

— تاپالمىدىڭما؟ — دېدى ئالىدە كۈلۈمسىرەپ، —

يۇرتۇڭدا كىم ساڭا ئاشىق بولغان؟ كىم سەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان؟ كىم سەن ئۈچۈن ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ يىلىڭنى قىسقارتىشقا ئۇرۇنغان؟ بۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

ــ مەردان...ــ جەۋھەر ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلىغا ئالغىنىدا بەدىنىگە يىپىنىك تىترەك ئولاشتى.

ــ دەل شۇ يىگىت ساڭا خەت يېزىپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا بىرىنچى تۈرمىدىن خەت كەپتۇ دېيىلىغۇ، مەردان بىرىنچى تۈرمىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ــ ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ، جەۋھەر.

ــ نېمە؟ــ جەۋھەر خۇددى تىكەنگە ئولتۇرۇۋالغان ئادەمدەك ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى، كالپۇكى يىپىنىك تىترەپ كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى،ــ ئۇ نېمە ئىش قىپتۇ؟ تېز خەتنى بەرسىلە ماڭا.

ــ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەن سېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىشتىيىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بايا راست گەپنى قىلمىغانىدىم. بولغۇلۇق بوپتۇ ئەمدى، ئورنىغا كەلمەك تەس، لېكىن سەن بۇ رېئاللىقنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ ساڭا سادىق يۈرىكى، چىن سۆيگۈسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى مېنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى، مانا بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت. ھەقىقىي مۇھەببەت مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

ــ جېنىم ئالىدە،ــ جەۋھەر كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ ئالىدەنىڭ قولىغا ئېسىلدى،ــ مېنى

بۇنداق قىينىماي خەتنى تېزرەك بەرسىلە، مەن زادى مەردانىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك، ئۇنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن بۇنداق نادانلىقتا قول بولۇشىنى كۆرگۈم يوق، شۇڭا مەن ئۆتكەندە «مېنى پۈتۈنلەي يادىڭدىن چىقىرىۋەت، بولمىسا سەنمۇ بىر ەر پالاكەتكە ئۇچرايسەن» دەپ خەت يېزىپ ئەسكەرتكەنىدىم، ئۇ نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىماي مۇشۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلغاندۇ؟

ئالىدە جەۋھەرنىڭ كۆز ياشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

— سەن بۇ خەتنى مۇشۇ ئىشخانىدا ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى ئالىدە ئاشقان تامىقىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن گۇلشەننىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ سىنى بىردەم خالىي قالدۇراي.

ئالىدە ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئىشىكنى ھىم ياپقاندىن كېيىن گۇلشەننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. جەۋھەر خەتنى لېپاپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىگە تونۇش پوچېركىغا نەزەر تاشلىدى، بۇ خەت ناھايىتى ئاددىيلا باشلانغان بولسىمۇ ھەربىر جۈملە سۆز جەۋھەرگە قاتتىق تەسىر قىلىۋاتاتتى.

*«سۆيۈملۈكۈم جەۋھەر، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟*
*بەلكىم مېنىڭ مۇشۇنداق بىر جايدىن خەت يازغانلىقىمنى كۆرۈپ چۆچۈگەنسەن، ھەتتا بۇ ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ يىغلاپمۇ كەتتىڭ... توغرا، سەن ھەقلىقسەن، مېنى*

ئاگاھلاندۇرغانلىقىڭنى پەش قىلىپ مېنى ئەيىبلەۋاتىسەن، بىراق ھەرقانداق ئادەم تەقدىرنىڭ ئارغامچىسىغا باغلاقلىق تۇرسا، تەقدىرنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن قىسمەتلىرىنى تارتماي ئىلاجىمىز يوق، بولمىسا بىز يەنە نېمە ئۈچۈن زارلىنىپ ياشايمىز، مانا ھازىر ھەر ئىككىمىز ئىككى جايدا ئەركىنلىكتىن ئايرىلغان ھالەتتە مۇڭداشماقتىمىز، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولماي نېمە؟ بەلكىم سەن ھازىر مېنى ئەيىبلەۋاتقانسەن، مېنى ئۇنتۇپ كەت دېسەممۇ جاھىللىق قىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدى، دەپ ئازابلىنىۋاتقانسەن، بىھۇدە ياش تۆكمە، بەربىر بولىدىغان ئىش بولدى، يىغلىساقمۇ، قاقشىساقمۇ ئەمدى ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدۇ.

تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ ئىكەن، جەۋھەر. ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز تۇرمۇش دېگەن سۆزنى بىزگە مۇنداق شەرھلەپ بەرگەن: «تۇرمۇش دېگەنلىك، تۇر ـ مۇشت دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان، شۇڭا بۇ زىددىيەتلىك دۇنيادا مۇشتۇڭنى تۈرۈپ دادىل قەدەم بېسىپ ياشىيالىساڭ ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى، بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى تونۇيالايسەن.» ئويلاپ باقسام، راستتىنلا بۇ ھاياتلىقتا ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەر قاينىمىدا ئۆزىنى تاۋلاپ، توغرا بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلمىگەن ئادەم ھەقىقىي ئادىمىيلىككە ئېرىشەلمىگەن ئادەم بولۇپ

ھېسابلىنىدىكەن، دېمەك ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە مۇشۇنداق تەقدىر - قىسمەتلەر پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، بىز ئاشۇ قىسمەتلەر ئوچىقىدا تاۋلىنىپ ئاندىن ھەقىقىي بىر ئىنسانغا ئايلىنىشىمىز مۇمكىن، بىزدە «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەيدىغان بىر گەپمۇ بارغۇ، مەن بۇ سۆزگە چوقۇنغۇچى ئەمەسمەن، لېكىن تەلەي، ئامەت دېگەن گەپنىڭمۇ ئاساسى باركەن، بەزىلەر تۇرۇپلا بېيىپ كېتىدۇ، بەزىلەرنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز ئامەت قۇشى قونۇپ بىرەر ئەمەلنىڭ ساھىبى بولۇپ قالىدۇ، بەزىلەر بىزگە ئوخشاش توساتتىنلا مۇشۇنداق ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپمۇ قالىدۇ، بۇلار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ خاھىشىمىز بويىچە بولۇۋاتقان ئىشلار ئەمەسقۇ، پېشانىمىزگە مۇشۇنداق كەچمىشلەرنىڭ يېزىلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغان.

بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن مۇشۇ خەتنى بىر بولسا يىغلاپ ياكى بولمىسا ئاجايىپ بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئوقۇۋاتىسەن. مېنى گالۋاڭ، جاھىل، گەپ يېمەيدىغان كالۋا ئاشىق دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن دەللىلەپ، ئىچىڭدە نەچچە مىڭنى تىللاپ، بولۇشىغا ئەيىبلەۋاتقانسەن، ئەمما مەن بۇ ئىشنى بىزنىڭ ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتىمىزنىڭ تاۋلىنىشى ئۈچۈن ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئويلاپ باققىنە، پولات نەچچە مىڭ گىرادۇسلۇق ئوتتا تاۋلىنىپ چىققانلىقى ئۈچۈنلا ئەڭ قىممەتلىك بىر ماتېرىيال تەرىقىسىدە ئەتىۋارلىنىدۇ، مۇھەببەتمۇ

*شۇنداق، «جاندىن كەچمىگىچە جانانىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولماس» دېگەن نەقىل بىكارغا چىققان ئەمەستە، دېمەك بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھازىر ئاشۇنداق بىر تاۋلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا مەن بۇ قىسمەتنى ئاجايىپ رايىشلىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، چۈنكى باشقا كەلگەن مۇنداق سەرسانلىقنى تارتماي ئىلاجىڭ يوق، سېنىمۇ مۇشۇنداق بىر قىسمەتكە دۇچار بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالىدۇ دەپ ھېچكىم ئويلىغان ئەمەس، مانا بۇلار بىزنىڭ پېشانىمىزگە يېزىلغان قىسمەت بولماي نېمە...*

جەۋھەر كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى سۈرتۈۋېتىشكىمۇ كۆڭلى بارماي ئولتۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ خەتنىڭ ئاخىرىنى، يەنى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بىر قىسمەتكە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىش ئىستىكى خەتنىڭ داۋامىنى تېزرەك ئوقۇپ تۈگىتىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن قايساپ كېلىۋاتقان يىغا، چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئازاب ـ ھەسرەت ئۇنى بىراقلا ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى.

*سېنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنۈم مېنىڭ نېمىلەرنى قىلغىنىمنى بىلگۈڭ كېلىدىغاندۇ... شۇ كۈنى مەن خۇددى خام ياغ يەۋالغان ئادەمدەك بىر كۈن گاراڭلىقتا يۈردۈم، چۈنكى بۇ خېتىڭ تەستە، شۇنداقلا بەكمۇ ئۇزاقتا كەلگەن ئىدى، ئىككى*

يىللىق سېغىنىش، ئازاب، تەڭقىسلىق، تىڭىرقاشلار مېنى ئاجايىپ بىر ئادەمگە، يەنى ھېچقانداق ئىش خۇشياقمايدىغان مۇھەببەت سەۋداسىغا ئايلاندۇرغانىدى، چۈنكى مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيان پەرۋىش قىلىپ ئەمدىلا ئېچىلىشقا تەييار بولغان ئەتىرگۈلۈم بىردەمدىلا ئۈششۈك تەگكەن غازاڭدەك سولۇشۇپ كەتكەنىدى، ياق سولۇشۇشلا ئەمەس، بەلكى تۈپ يىلتىزىدىن ئايرىلغان قامغاقتەك نەلەرگىدۇ دومىلاپ قول يەتكۈسىز يىراقلىقتا كېتىپ قالغانىدى، مۇنداق پاجىئە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىغا كەلسە ماڭا ئوخشاشلا ئازابلىنىشى، تىڭىرقىشى تەبىئىي ئىدى، چۈنكى مەن سۆيگەن، پەرۋىش قىلغان بۇ ئەتىرگۈل خۇددى مۇشۇ يوقاپ كەتكىنىچە بارسا ـ كەلمەس بولغا كىرىپ كېتىپ شۇ جايدىن مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدىغان بىر مەۋھۇم نەرسىگە ئايلىنىپ، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان غايىبانە تەسىرات مېنى ئازاب دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتكەنىدى. توغرا، مەن سەن تۇتۇلۇپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمدىغانسەن، مەن شۇ كۈنى ھاياتىمنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتىدىن بەك گاڭگىرىدىم، بۇ جاھان قىسمەتلىرىنىڭ غەلىتىلىكىنى، بەزىلەر يىغلىسا، بەزىلەرنىڭ كۈلۈپ ياشايدىغانلىقىنى، بىراق بۇ كۈلكە بىلەن يىغىنىڭ ھەر زامان ئوڭ ـ تەتۈر تاناسىپ بويىچە ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتكەنىدىم، لېكىن كۆز ئالدىمدىكى بۇ رېئاللىق ماڭا ھەقىقەتەن

*رەھىمسىزلىك قىلىغانىدى، بۇنىڭغا بەرداشلىق بىرەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى، گاراڭلاشقان كاللام رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا يىمىرىلىۋاتاتتى، ھېچقانداق بىر ئادەم بۇ ئازابلىرىمغا تەسەللى بىرەلمەيتتى، ھەرقانداق بىر ئىش مېنى بۇ ئازابلىق خىياللاردىن نېرى قىلالمايتتى، چۈنكى مەن ئەمدى ئۆز بەختىمنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى بىراقلا يىمىرىلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم...*

جەۋھەر خەتنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇغۇدەك جۈرئىتى قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇ مەردانىنىڭ ئۆزىدىن ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بەربات بولغان سۆيگۈسىگە بولغان رەنجىشلىرىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى يىلدىكى ئازابلىرىنى «مېنى ئۇنتۇپ كەت، ئۆز بەختىڭنى تېپىۋال» دېگەن ئىككى جۈملە سۆز بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

جەۋھەر يىغىسىنى توختاتقىنىدا ئۆزىنىڭ ئىشخانىدا، يەنە كېلىپ ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان بىر جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. بايىلا ئىشقا چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنغان بولسىمۇ مۇشۇ خەت ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭغا تازا دىققەت قىلماپ كەتمىگەنىدى، مانا ئەمدى تېزرەك ئىش ئورنىغا بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى يادىغا كېلىپ خەتنى قولىغا

ئېلىپ كونۋېرتقا سالدى ـ دە، ئىشىكنى ئاچتى.

ــ ئوقۇپ بولدۇڭما؟!ــ جەۋھەر ئىشىكتىن چىقىپلا ئالدەنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ جەۋھەرنى تازا يىغلاپ بولۇپ چىقىشىنى كۈتۈپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بولسا كېرەك، ئۇ جەۋھەرگە سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى.

ــ تېخى ئوقۇپ بولالمىدىم، ئىش ۋاقتى بولۇپ قالدى،ــ دېدى جەۋھەر كۆزىدىكى ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ،ــ قالغان قىسمىنى كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ئوقۇۋالارمەن.

ــ ئىشىڭدىن ھەرگىز غەم قىلما، ئورنۇڭغا ئىشلەيدىغان بىرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم،ــ دېدى ئالدە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ،ــ سەن كىرىپ بۇ خەتنى تولۇق ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىپ كېتەرسەن، ھازىر ئىشقا بارغىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر كاللاڭ جايىدا بولمىغاچ تۈزۈك ئىشلىيەلمەيسەن.

ــ رەھمەت سىلىگە،ــ دېدى جەۋھەر كەينىگە قايتمۇيتىپ،ــ سىلى ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئەترەتتىكى بىر قىسىم ئادەملەر گەپ تاپارمىكىن دەيمەن.

ــ ئۇنىڭدىن غەم قىلما، مەن سېنى ئىشخانىدا تەشۋىقات تېزىسى تەييارلاۋاتىدۇ دەپ قويدۇم، بەرىبىر مۇشۇ تەشۋىقات تاختىسى ئىشلەشمۇ سېنىڭ ۋەزىپەڭ بولغاندىكىن ئۇلارمۇ ئارتۇق ئويلاپ كەتمەيدۇ، شۇڭا قايتىپ كىرىپ خېتىڭنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن قايتساڭ بولىدۇ.

— رەھمەت سىلىگە، — دېدى جەۋھەر كەينىگە داجىپ، — ماڭا خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشتەك مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلا.

ئىشىك يېپىلىپ ئىشخانا ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى، جەۋھەر كونۋېرتتىن خەتنى ئالدىراپ ئېلىپ تېز - تېز ئوقۇشقا باشلىدى:

*سىزنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقى خېتىڭىز (بەلكىم ئەمدى ئاخىرقىسى بولماس) مېنىڭ ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئۈمىد شامىمنى قايتا ياندۇردى، مەن خېتىڭىزنى بىر قېتىم ئەمەس بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدۇم، ھەتتا بالا ۋاقىتلىرىمىزدا دوملاپ ئوينايدىغان قۇمتاغقا بېرىپ بارخانلىرىمىزغا، بىزنى يەپىلەپ چوڭ قىلغان پايانسىز قۇملۇققىمۇ ئوقۇپ بەردىم، شۇ چاغدىلا مەن ئۆزىمىزنىڭ چىن سۆيگۈسى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئەترگۈلىمىزنىڭ ئۇششۇگەن بىلەن تېخى توزۇپ كەتمىگەنلىكىنى، ھامىنى پورەكلەپ ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم، مەن خېتىڭىزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بارخانلارغا قاراپ ئۇنۇمىنىڭ يېتىشىچە شۇنداق توۋلىدىم:*

*— جەۋھەر، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!*

*مېنىڭ بۇ ئاۋازىم، مەڭگۈلۈك قەسىمىم يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ بارخانلار قوينىغا سىڭىپ كەتتى، گەرچە بۇ قۇملۇق ئاۋازىمدىن ئەكس سادا قايتۇرالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قەسىمىمنى باغرىدا نۇرغۇن يىللار*

ساقلايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن، چۈنكى سەن مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىڭنى ئۆز ساداقىتىڭ ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدىڭ، ئىپپىتىڭنى، قىزلىق نازاكىتىڭنى، سۆيگۈگە سادىق پاك قەلبىڭنى بىر مەلئۇننىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ساقلاش يولىدا مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ چىقالىغان ئىدىڭ، ئاشۇ مەلئۇنغا، ئۇنىڭ ياۋۇز تەلەتىگە دادىل يۈزلىنىپ ئۆز نومۇسۇڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلۈمنىمۇ پىسەنتىڭگە ئېلىپ قويمىدىڭ، بۇنداق قەيسەرلىك ئالدىدا كىممۇ ساڭا لەنەت تامغىسى بېسىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ مۇھەببەتكە سادىق قەلب ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرسا چىن سۆيگۈسىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىدىغان ئاشىقنىڭ بولماسلىقى ساپ مۇھەببەتكە قىلىنغان خائىنلىق ئەمەسمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ئوي ـ خىياللار مېنى رېئاللىققا ــ سەن بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇشقا قەسەم قىلغان ئاشۇ مىنۇتقا قايتۇرۇپ كەلدى، سادىق قەلبكە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكى مېنى غەيرەتلىك بىر ئەزىمەتكە ئايلاندۇردى.

مەن سېنى بىر ئۆمۈر ساقلاشقا نىيەت باغلىغان شۇ كۈنى ئۆيدىن رەھىمسىزلەرچە قوغلاندىم، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ بۇ خىيالىمنى ئۆز ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى، ئۆزىنىڭ شۇنچە يىللار باققان ئەجرىنى پەش قىلىپ ھەيۋە قىلىشتى، مۇھەببەتكە سادىق قەلبىمنى چېكىدىن ئاشقان سارائلىق، ئەخمەقلەرچە خىيال دېگەن چۈشەنچە بويىچە

تۇيغۇلىرىنى، كونىلارچە ئويى ـ خىيالىنى، مۇتەئەسسىپلەرچە پىكىرلىرىنى ماڭا زورلاپ تاڭماقچى بولۇشتى، ئەمما مەن تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلدىم، ئۇلار ماڭا لەنەتلەر ئوقۇپ مېنى رەھىمسىز تىللار ئارىسىغا ئېلىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا مەن نېمىنى ئويلىدىم، بىلەمسەن؟

«مەن مۇھەببەتكە سادىق پاك قەلبىم، ۋىجدانىي بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماقچىمەن، مۇھەببەتلىك يۈرىكىمدە پۇرۇقلاپ تۇرۇۋاتقان ۋولقاننىڭ نېمە ئۈچۈن قايناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىڭلار، مېنىڭ بۇ قارارىمنى ئالدىراپلا رەت قىلىۋەتمەڭلار» دەپ ئىچىمدە مىڭلارچە چۇقان كۆتۈردۈم ـ يۇ، بىراق بۇ خىتابىمنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدىم، چۈنكى ئۇلار شۇ تاپتا ياردار ئىدى، ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقان بۇ «ئەخمەق»، لەرچە قىلىقلىرىدىن ئۇلار گاڭگىراشلا ئەمەس، بەلكى ئەسەبىيلەشكەنىدى، مېنىڭ بۇ «ئەخمەق» لەرچە خىيالىمدىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پۇچۇلىنىپ، شۇنچە يىل ئاززۇلاپ باققان ئوغلىنىڭ بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىگە مۇشۇنداق قارشى مۇقام تۇۋۇلاۋاتقانلىقىدىن باغرى ئېزىلىپ باغرى مىيىپ ئادەملەرگە ئايلانغانىدى.

ئاتا ـ ئانىنى يىغلىتىش نامەردلەر، تۇزكورلارنىڭ ئىشى، لېكىن مەن ئۇ كۈنى ئۆزۈمنى نامەردلەر ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان تۇزكورلار قاتارىغا قويغۇم كەلمىدى، چۈنكى بۇ

ئەسەبىي سۆيگۈنىڭ پارتلىشى ئەمەس، ياكى بىر دەملىك قىزىقىشتىن پەيدا بولغان ھېسسىياتمۇ ئەمەس، بۇ خۇددى غېرىبنىڭ سەنەمگە، پەرھاتنىڭ شېرىنغا، تاھىرنىڭ زۆھرەگە بولغان پاك سۆيگۈسىگە ئوخشاتقىلى بولىدىغان بىر خىل سەممىي سۆيگۈنىڭ تىمسالى ئىدى، شۇنداقلا ئاشۇ پېشۋا ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ روھىنىڭ يەنىلا بۇ زېمىندا قايتا جۇلالىنىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى...

ئۆز ئۆيىدىن قوغلىنىش بىر ئەركەك ئۈچۈن ۋەزنى بەكمۇ ئېغىر كېلىدىغان مۇشكىلات، چۈنكى بۇ ئاتا ـ بالىلىقنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، لېكىن چېقىلغان قاچىنى قادىتىپ يەنىلا سۇنۇقى بىلىنىپ قالغىنىدەك ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتكە دەز كەتتى دېگەن گەپ، مەن شۇ چاغدا يەنىلا سېنى ئويلىدىم، ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىنى باشقىلارنىڭ پايخان قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەردلەرچە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىر قىزنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك خارلىققا قېلىشىمنىڭ كارايىتى چاغلىق دېگەن بىر سادا مېنى يەنىلا بېشىمنى تىك كۆتۈرۈپ ياشاشقا ئۈندەپ تۇراتتى.

كېيىم ئۈزۈراپ كەتكەنلىكتىن بەلكىم سەن بىزار بولۇۋاتقانسەن، لېكىن ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپقانلىقىم ئۈچۈن گەپنى مۇشۇنداق سوزۇۋەتتىم، «ئەمدى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش تۇرمىگە كىرىپ يېتىۋالدىڭ؟ ساقلىغۇڭ بولسا ئاشۇ ئەركىن ھايات قايناملىرىدا ياشىساڭ، مەن

تارتقان ئازابىنى سەن تارتمىساڭ بولمامدۇ، دېگەن سوئالنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغانسەن ـ ھە... بۇنىڭ جاۋابى بەكلا ئاددىي، بۇنى ساڭا كېيىن چۈشەندۈرەي، دەپ ئويلاپ بېقىپ مۇنداق قىلىشىمنىڭ ساڭا تۇغمەس ئازاب ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىسقىلا جاۋاب بېرەي.

مەن گەرچە ئۆيدىن قوغلانغان بولساممۇ مۇھەممەد ئاكامنىڭ ھىمايىسىدە ئۆيىدە تۇردۇم، مەقسىتىم سەن سوراقلاردا تاشلاپ كەتكەن بەزى زىل مەسىلىلەرگە پاكىت تولپلاپ بىزنىڭ ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتىمىزگە قايىل بولغان ئادىلجان ئادۋوكاتقا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇش قارارىغا كېلىپ ئىشنى باشلىغانىدىم، بۇنىڭدا ساڭا تۇرغۇزۇلغان دېلونى قايتا ئىشلەش ئارقىلىق يىل تارىخىڭنى كېمەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى ئۇقۇپ قالغان سابىق ئۆگەي ئاكاڭ ــ سېنى ھەم مېنى مۇشۇنداق دەردلەرگە مۇپتىلا قىلغان جاپپار مېنى ئىزدەپ كېلىپ ماجىرا چىقاردى، ئاخىرىدا مەن ئۇنى ياربدار قىلىپ قويدۇم، ئۇنىڭ يۈز قىسمى قىسمەن بۇزۇلغانلىقتىن بەشىنچى دەرىجىلىك مېيىپ بولۇپ قېلىپ ماڭا ئۈچ يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىنىشتى، مانا تۈرمىگە كىرىپلا ساڭا بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇشۇمدىكى سەۋەبمۇ شۇ. بۇ تۈرمىدە ياخشى يېرى، ئىدىيەنى ئۆزگەرتىشتىن باشقا ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسپلەرنى ئۆگىنىۋېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن، شۇڭا مەن ئاشپەزلىك سىنىپىنى

*تاللىۋالدىم، ئۈچ يىل بۇ كەسىپنى ئۆگەنسەم بەلكىم خېلىلا داڭلىق ئاشپەز بولۇپ چىقىدىغانلىقىمغا ئىشەنچەم كامىل، بىز بۇ جايدىن چىققاندىن كېيىن سەن كىيىم تىكىش ئورنى ئاچىسەن، مەن ئاشپەزلىك قىلىمەن ياكى بولمىسا بىرەر ئاشخانا ئاچىمەن. ئاشخانىنى مېنىڭچە ئۈرۈمچىدە ئاچقان ياخشىمىكىن دەيمەن، چۈنكى بىزنىڭ ھازىرچە يۇرتقا قايتقۇدەك يۈزىمىز قالمىدى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ يۇرتقا قايتىشىمۇ بىزگە ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز مۇشۇ جايدا قەد كۆتۈرەيلى، مەن سېنىڭ قايتىپ چىقىشىڭنى ئۈرۈمچىدە كۈتەي، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەن.*

*ئاخىرىدا ساڭا سالامەتلىك تىلەپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇراي.*

*سېنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرغۇچى مەرداندىن.»*

جەۋھەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇ مەرداننىڭ بۇنچىۋالا قەيسەرلىكىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ: «مەردان خېتىمنى ئوقۇپ مەندىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدۇ، ئۇ باشقا بىر قىز بىلەن تورمۇشلۇق بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، بۇ خەت ئۇنى ئۆز سۆيگۈسىنى باشقا بىرىگە بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۆچۈش ئالدىدا

تۇرغان مۇھەببەت شامىنى قايتا ياندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ جاپپارنى ياردار قىلىپ بەشىنچى دەرىجىلىك مېيىپكە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىغا قىلچە ئۆكۈنمىدى، چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق ساپ مۇھەببەت گۈللىرى ئارىسىغا ئۈنگەن بىر چېقىر تىكەن ئىدى، ئۇ گويا غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ ئۇلارنى سەرسانچىلىققا سالغان ئابدۇللا شاتىرىدەكلا مۇھەببەت قاتىلى ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ رايىچە بولغاندا پىچاق يەپ ئۆلىدىغىنى دادىسى بولماستىن ئۆزى بولۇشى كېرەك، لېكىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇ دادىسىنى قۇربانلىق قىلىش ھېسابىغا ئۆزى قۇتۇلۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى مەردانغىمۇ يېتىپ، ئۇنىمۇ مۇشۇنداق تېگى يوق ھاڭغا تاشلاپ يەنىلا ئۆزى قۇتۇلۇپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن تەمسىل بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن.

جەۋھەر خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئىشخانىدىن چىقتى، ئىشىكنى ھىم ياپقاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى، سىرتقا ئىچى تاراق ـ تۇرۇق، شالدىر ـ شۇلدۇر ئاۋازلارغا تولغان بولۇپ، ھەربىر كىيىم تىكىش ۋە تورلاش ماشىنىلىرى تولۇق ھەرىكەتكە كەلگەنىدى، جەۋھەر ئۆزىنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسى تەرەپكە كېتىۋاتقىنىدا ئىسكىلات تەرەپتىن چىققان ئالىدە ئۇنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى.

ــ ئىشىڭنى تۈگەتتىڭمۇ؟ــ دېدى ئۇ بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

ــ تۈگەتتىم،ــ دېدى جەۋھەرمۇ ئالىدەنىڭ بۈگۈنكى

بۇ يېقىنچىلىقىدىن تەسىرلىنىپ، — رەھمەت سىلىگە.

جەۋھەر ئىش ئورنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ ئالدىنىڭ بۇگۇن ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىدىن دىلى سۆيۈندى، بىر جىنايەتچىگە ساقچىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. ئادەتتە بۇ يېتەكچىلەر ناھايىتى قاتتىق قول، قوپال، سۇرلۇك كۆرۈنسىمۇ يەنىلا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ياخشى ئۆزگىرىۋاتقانلارنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنى پات ـ پات ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ سۆھبەتلىشەتتى، تاماققا تەكلىپ قىلىپ بىللە غىزالىنىش ئارقىلىق ئۇلارغا تەربىيە بېرەتتى.

«تۇۋا! مەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى تۇرۇقلۇق ئۇلار ماڭا ئۆز سىڭلىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك ياخشىلىق قىلىشىدۇ، — دەپ ئويلىدى جەۋھەر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەپكىسىنى تېپىۋېتىپ، — مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان ئۇلار ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، بىرنەچچە قېتىم تاماققا چاقىرىشتى، ھەتتا خىزمەت ئىپادەمگە قاراپ يۇقىرىغا چوڭ كەچۈرۈم بېرىش توغرىسىدا دوكلات يوللاپ مۇددىتىمنى بىراقلا يىگىرمە يىللىققا چۈشۈردى. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، مەندەك جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلغاندا ئاۋۋال مەڭگۈلۈك قاماق جازاسىغا، ئاندىن يىگىرمە يىللىققا چۈشۈرىدىكەن، مېنىڭكىدەك بىراقلا يىگىرمە يىللىققا چۈشۈرۈش ئالاھىدە ئەھۋال ئىكەن، يەنە تېخى تۈنۈگۈنلا ئىككى يېرىم يىللىق كەچۈرۈم ئالدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېتەكچىلەرنىڭ مېنى ياخشى تەربىيەلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ... ئۇنىڭدىن

سىرت، مەردان دەۋاتقان ئۈرۈمچىلىك ھېلىقى ئادۋوكات قايتا ئەرز يوللىغان بولسا شۇنىڭ ئۈنۈمىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، مانا مۇشۇ ئىشلارنى بىجىرىمەن دەپ مەردانمۇ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. ھەي، مەردان مېنىڭ غېمىمنى يېمىگەن بولسا بۇ كۈنگە قالمايتتىغۇ... مەنمۇ ئۆز تىرىشچانلىقىم بىلەن يەنە كەچۈرۈم ئېلىپ تېزرەك چىقىپ كېتىشكە يول ھازىرلايتتىم ئەمەسمۇ... خېتىڭ مېنى خۇشال قىلىش ئورنىغا يۈرىكىمگە زەرداپ توشقۇزۇۋەتتىغۇ، مەردان...»

ئىشتىن چۈشۈش قوڭغۇرىقىنىڭ چېلىنىشى بىلەن كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى بىردەك توختىدى، جەۋھەرنىڭ خىياللىرىمۇ ئىشتىن چۈشكەنلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقى بىلەن تەڭلا ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپ يېنىدىكى سېۋەتكە قاراپ بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالدى، چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە تەقسىملەنگەن ئىشنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە بىردەم ئىشلەشنى ئويلىدى - يۇ، بىراق مەردانغا جاۋاب خەت يېزىش ئىستىكى ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى.

ئۇ ياتاقتا كىرگەندە ياتاقداشلىرى ئۆزلىرىنى كارىۋاتلىرىغا تاشلىغان ھالدا سۇنايلىنىپ ياتقانىدى، چۈنكى ئون بەش سائەتلىك سىجىل ئەمگەك ئۇلارنى مۇشۇنداق ئېزىۋەتكەنىدى، بۇنداق ئىشلەشلەر ئادەتتە يېگىدىن تىكىلىدىغان زاكاز كىيىملەر كەلگەن چاغلاردىلا بولۇپ قالاتتى، ئۇلار بۇ زاكاز كىيىملەرنى دېگەن قەرەلدە پۈتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق ھارغۇدەك ئىشلەپ كېتەتتى. زاكاز كىيىملەر كەلسىلا ئۇلارنىڭ

جەھلى قېتىپ قالاتتى، چۈنكى زاكاز ئىگىلىرى بۇ جايدىكى تىكىمچىلەرنى ماشىنا ئادەم چاغلامدىكىن، زاكازنى تاپشۇرۇۋېلىش ۋاقتىنى بەكلا قىسقا بېرەتتى، شۇڭا ئۇلار مۆھلەت ئىچىدە پۈتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىسمىنا قوشۇپ ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

— بۇگۈن چىرايىڭ بۆلەكچىلىغۇ، — دېدى جېنەستەم جەۋھەرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن بۈگۈن قارا تاختاي چىقىرىش ئۈچۈن تەشۋىقات تېزىسى يازمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ساڭا خەت كەلگەن ئەمەسمىدى، سەن ئاشۇ خەتنى ئالغىلى كېتىپلا قايتىپ كەلمىدىڭ، ماڭا راست گېپىڭنى قىل، جەۋھەر، خەت كىمدىن كەپتۇ؟

جەۋھەر چۆچۈدى، چۈنكى جېنەستەم ھوشيار ئايال ئىدى، ئۇ بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ھېچقانداق بىر ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. جېنەستەم بايا ئۇنىڭغا خەت كەلدى دەپ ئوقتۇرۇلغاندىلا جەۋھەرنىڭ چىرايى خۇددى يېڭىكارىۋىتىغا ئولتۇرغۇزدى.ى ئېچىلغان سەبدەر گۈلدەك يالتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى، «ئانىسىدىن خەت كەلمىگىلى ئۇزاق بولغان، مانا ئاخىرى ئۇنىڭغا ئانىسىدىن خەت كەپتۇ، ئىلاھىم بۇ خەتتە بىرەر شۇم خەۋەر بولمىغاي» دېگەنلەرنى ئويلىغان جېنەستەم ئۇ قايتىپ كەلگۈچە كۆزى تۆت بولۇپ ئولتۇرغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاقتا قايتىپ كەلگىنى يەتمىگەندەك چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنى ئوبدانلا

ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. مانا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ بولغۇچە ئانىسىدىن دەشنەم يېگەن بالىدەك چىرايى ئۆمسە، دېمەك ئائىلىسىدە بىرەر ئىش بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ جەۋھەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ ئۇنى

— مەردانىدىن خەت كەپتۇ،— دېدى جەۋھەر جېنەستەمنىڭ سۇتتەك ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا،— ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ، خان ئاچا.

— نېمە دەيسەنوي،— دېدى جېنەستەم قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا،— ئۇ قانداق بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالىدۇ ئەمدى؟

— ھېلىقى جاپپار ساراڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ،— دېدى جەۋھەر تۆكۈلۈشكە باشلىغان يېشىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ.

— ئۇرۇشۇپ قالغانغىلا تۈرمىگە سولايدىغان ئىش يوق بۇ جاھاندا،— دېدى جېنەستەم ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ،— قارىغاندا ئۇلار بەكلا قاتتىق ئۇرۇشقان ئوخشايدۇ - ھە، ئىككىسىلا كىرگەن ئوخشىمامدۇ تۈرمىگە؟

— بۇنى مەندىن سورىمىسىلا،— دېدى جەۋھەر يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ جېنەستەمگە ئۇزىتىپ،— مېنىڭ ئەمدى بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرگۈدەك ھالىم قالمىدى، خان ئاچا، سىلىدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق سىرىم يوق، ئەمدى مەندىن گەپ سورىماي مۇشۇ خەتنى ئوقۇسىلا ھەممىنى چۈشىنىۋالىلا.

جىنەستەم خەتنى تېز ـ تېز ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ بالدۇرلا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇشقا باشلىدى، ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى جەۋھەرگە تۇتقۇزۇۋېتىپ:

— ۋۇ نامەرد ئەبلەخ، سەنمۇ بىر كۈنى بېشىڭنى يەرسەن، قاراپ تۇرۇپ ئىككى ياشنىڭ بەختىگە ئولتۇردۇڭ، شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنىلا قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قاپسەن، ئۆتنە جاهان، بۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن هامىنى سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىدۇ، ئاشۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن بىرەر يەردە يولۇڭ ئۈزۈلۈپ ئۆلەرسەن تۈزكور تېجىمەل. بولدى، جەۋھەر، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، سەن بۇ ئىشتا مەردانىنىڭ قەيسەرلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىشىڭ كېرەك، — ئۇ جەۋھەرنىڭ بېشىنى يېنىك سىلاپ قويدى.

— ئۇ بۇ يەرگە كىرىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى، جىنىم خان ئاچا، — دېدى جەۋھەر جىنەستەمنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە تاشلانغان هالدا ئېسەدەپ، — نىمىشقىمۇ ئۆزىنى تۇتالمىغاندۇ، ئاچچىقىغا هاي بەرسە بولماسمىدى دەيمەن.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، — دېدى جىنەستەم جەۋھەرنىڭ بېشىنى كۆكرىكىدىن ئاجرىتىپ، — سەنمۇ ئاچچىقىڭغا پايلىماي ئۆگەي داداڭنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭغۇ، بۇمۇ شۇنداقلا بىر ئىش، پىچاق سۆڭەككە يەتسە هەرقانداق ئادەم مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ئىشقا تەن بېرىش كېرەك، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ مۇهىتقا كۆنۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان

سۆزلەرنى قىلىپ مەدەت بېرىشىڭ كېرەك، ئەمدى سەنمۇ تەقدىرگە تەن بەر، ئۇنىڭ سەن ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ھازىر مۇھەببىتىگە سادىق ئاشىقنى تېپىش ھەقىقەتەن تەس جۇمۇ... قارىغىنا، ئۇ سەن ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتسا سەن نازى بار خوتۇندەك كەينىڭگە داجىپ تۇرۇۋالساڭ ياخشى بولماس، شۇڭا بۈگۈندىن قالدۇرماي جاۋاب خەت ياز، خېتىڭنى يېزىپ بولغاندا مەن تەكشۈرىمەن، ئەگەر يەنە ئۆتكەنكىدەك «مېنى ئۇنتۇپ كەت، مېنى يادىڭدىن چىقىرىۋەت» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، چۈنكى بۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى يارا قىلىسەن، بۇ يارىنى ساقايتماق بەسى مۇشكۇل ئىش، بۇنى بىلىپ قوي.

جېنەستەم ئىشىكنىڭ كەينىگە قويۇپ قويغان تۆت بۇرجەك تاختاينى ئەكىلىپ جەۋھەرنىڭ يوتقىنى ئۈستىگە قويدى، بۇ تاختاي ئۆيىگە خەت يازىدىغانلار ئىشلىتىدىغان تاختاي ئىدى، ئادەتتە ئىشىكنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇلاتتى. بۇ تاختاينى ئادەتتە جەۋھەر كۆپرەك ئىشلىتەتتى، ئۇ ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلىرىدا بۇ تاختاينى تىزىغا قويۇپ بەزىدە شېئىر، بەزىدە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ شېئىر، ماقالىلىرى تۈرمە گېزىتىدە ئېلان قىلىنسا ياتاقتىكى ھەممەيلەن بىرلىشىپ ئوقۇشاتتى، بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدىكى تەسىراتلىرىنى قارا تاختاي گېزىتى قىلىپ ئىشلەپمۇ قوياتتى، شۇڭا ئۇ يېتەكچى ساقچىلارنىڭ

ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىپ پات ـ پات تەقدىرلىنىپ تۇراتتى.

جىنەستەم جەۋھەرنىڭ خەت يېزىشى ئۈچۈن ئۈستىلنى تەييار قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىدى، جەۋھەر جىنەستەمنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن دەپتەر ـ قەلەمنى ئالدى ـ دە، ئۈستىلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ ئۇنىڭغا چوقۇم تەسەللى بېرىدىغان گەپلەرنى ياز جۇمۇ، ــ دېدى جىنەستەم ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، ــ بولمىسا خېتىڭنى يىرتىۋېتىمەن.

ــ بولىدۇ، خان ئاچا، چوقۇم ئۆزلىرى دېگەندەك يازىمەن.

جەۋھەر جىنەستەمگە شۇنداق ۋەدە بەرگىنى بىلەن قولىغا قەلەمنى ئېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى، چۈنكى قەلەمنى قولىغا ئالغان بىلەن گەپنى قانداق باشلاشنى، ئۇنىڭغا قانداق گەپلەرنى يېزىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

«قەدىرلىكىم مەردان...

جەۋھەر بۇ سۆزنى يېزىپ بولۇپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى، چۈنكى بۇ خەت ئۆچۈرۈلسە جىنەستەمنىڭ خاپا بولۇشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئۇ بۇ خەتنى ئۆچۈرمەسلىكنى قارار قىلىپ خەتنىڭ داۋامىنى يېزىشقا باشلىدى:

*سېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ ئارقامغا ئۆچۈپ چۈشكىلى تاس قالدىم، توۋا! ھەر قانچە بولسىمۇ سەن بۇنداق ئېغىر تەقدىر ـ*

قىسمەتكە قالماسلىقنىڭ كېرەك ئىدىغۇ، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ قىسمەت سېنىڭ بېشىڭغا كەلسە مېنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدىغىنىمنى بىلىدىغانسەن، مەن ساڭا ئۆتكەنكى خېتىمدىلا ئەسكەرتكەنىدىم، مېنى ئۇنتۇپ كەت، بولمىسا سېنىمۇ پالاكەت باسىدۇ، دېيىشىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى. مانا ئەمدى سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ تۈرمىگە كىرىپ يېتىۋاپسەن، بۇنى كىمدىن كۆرىمىز ئەمدى، مېنىڭچە بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن قىسمەتتۇ بەلكىم، لېكىن بۇ قىسمەتنى سەن ئۆزۈڭ تېپىۋالغاندەك قىلىسەن.

مەن جاپپارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىنىڭ سەن تەرەپكە سوزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈل - كېسىل ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدىم، چۈنكى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز داۋاملاشسا بېشىڭغا كېلىدىغان قىسمەت مېنىڭكىدىن ئېغىر بولۇشى تەبىئىي... ئوتنىڭ تېشىدا كۆيۈش بىلەن ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈش گەرچە ئوخشاش ئۇقۇم بولسىمۇ، بىراق تېشىدا كۆيگەننىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بەرمەك بەك تەس. مېنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىڭ ئاخىرى سېنى ئاتا - ئاناڭدىن ئايرىغىنى ئاز كەلگەندەك جاپپارغىمۇ دۈشمەن قىلىپ قويىدى. قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان لەنتى ئەبلەخ ئاخىرى سېنىمۇ بۇ ئەركىن دۇنيادىن مەھرۇم قىلدى، بۇنىڭغا نېمە

*دېگۈلۈك ئەمدى؟ سېنى بۇ قىسمەتكە يولۇقتۇرغانلىقىم مۇھەببەت ئۈچۈن بولسا، مەن مۇنداق مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىشقا يەنىلا ئامالسىزمەن، چۈنكى بۇ بەكلا قىممەت توختىغان مۇھەببەت بولدى. ئويلاپ باقمامسەن، بۇ جايدا تۇرىدىغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن بەزىدە ئۆزۈمنى مۇشۇ جايدا ئۆلۈپلا قالىدىغاندەك سېزىمەن. مەن بۇ يىللارنىڭ چېكىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلگەن ماڭا ئوخشاش جىنايەتچىلەر ھەرقانچە چوڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، يىل تارىخىنى قىسقارتقان تەقدىردىمۇ ئون تۆت يىل ياتماي چىقىپ كېتەلمەيدىكەن، شۇڭا مېنىڭ يەنە ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقتىم بار دېگەن گەپ، سەن يەنە ئۈچ يىلدا چىقىپ كەتسەڭ مېنى يەنە يەتتە ـ سەككىز يىل ساقلايسەن، مەن ياشلىق باھارىڭنىڭ مېنى ساقلاش بىلەن كۆز غازاڭلىرىدەك سارغىيىپ كېتىشىگە ھەرگىز چىدىيالمايمەن، لېكىن مەن ساڭا بىر ئۆمۈرلۈك تەشەككۈر قەرزىگە بوغۇلغانلىقىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن...*

جەۋھەر قەلەمنى ئۈستەلگە قويۇپ ئىككى يانغا قارىدى، ياتاق ئىچى جىمجىت، ئون نەچچە سائەت ئىشلىگەن ياتاقداشلىرى ئاللىقاچان ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى، يېنىك پۇشۇلداشلار، ئوڭدىسىغا يېتىپ قالغانلارنىڭ ئوششاق خورەكلىرى جىمجىت كېچىنى

تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. جەۋھەر خېتىنىڭ داۋامىنى قانداق يېزىش ئۈستىدە بىرپەس ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، چۈنكى باياتىن يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى رەنجىش، ئۆزرىنى، ئۆزگىنى ئەيىبلەشلەر بىلەنلا ئايىغلاشقان بولغاچقا، ئەمدى ئۇنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ يازمىسا مەردانىنىڭ كۆڭلىگە تېگىشى مۇمكىن ئىدى، ئۆزى ئۇچۇن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ تۇرمىگە كىرىپ قالغان بىر ئاشىققا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرۇش ئېشىۋالغانلىق بولۇپ قالماسمۇ؟ جەۋھەر سەل ئويلىنىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى.

*كىم دېيۇيدىكىن، مۇھەببەت گويا بىر دېڭىزدا بىللە سەپەرگە چىققان ھەمسەپەرلەرگە ئوخشايدۇ، پايانسىز دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقى ئۇلارغا نائېنىق، لېكىن بۇ ھەمسەپەرلەر قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئەگەر ئاشۇ بىر جۈپ ھەمسەپەر قىيىنچىلىقلارنى تەڭ تارتىپ قارشى قىرغاققا بىخەتەر يېتىپ بارالىغاندىلا بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلى چىڭ، ئەڭ مۇستەھكەم بىر قورغانغا ئايلىنىدۇ، دېمەك مۇشۇنداق تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن مۇھەببەتلا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مۇشۇنداق تاۋلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتسا كېرەك، ئىككىمىز ئوخشاشلا مەھبۇس، توۋا! بۇ قانداق قىسمەت؟...*

بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى نېمە دېسەم بولار، مەردان، مانا ئىككىمىز ئىككى تۇرمىدە خۇددى كاككۇك بىلەن زەينەپتەك سايرىشىپ، بىر - بىرىمىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ خەت ئارقىلىق كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇۋاتىمىز، بەلكىم مۇشۇمۇ مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولسا كېرەك، شۇڭا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز توغرۇلۇق ھازىرچە گەپ قىلغۇم يوق، لېكىن سەن بىلەن خەت ئارقىلىق دىدارلىشىپ تۇرۇش مېنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم. ساڭا تەسەللىي بېرىش، ئۇ جايدىكى ئۈچ يىللىق تۇرمۇشۇڭنى بىلىپ تۇرۇش مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەن ساڭا ھەر كۈنى خەت يېزىشقا، خىياللىرىمدا بولسىمۇ سەن بىلەن ھەمراھ بولۇشقا تەييار تۇرۇۋېتىمەن، ساڭا روھىي تەسەللىي بېرىش مېنىڭ قەرزىم ھەم پەرزىم، مەن ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىڭ بولالمىساممۇ سىرداش ھەمراھىڭ بولۇشقا تەييار تۇرۇۋېتىمەنغۇ. سەن قەلبىمدىكى بىر ئابىدە، مەڭگۈ قولۇم يەتمەيدىغان، ئەمما سېغىنىدىغان بىر تايانچىم ئىكەنلىكىڭ ماڭا ئەينەكتەك ئايان.

سۆيۈملۈكۈم مەردان، شۇنچە كۆپ ئادەم ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقان بۇ جاھان بىزگە كەلگەندە تار كېلىپ قالدى، ئەركىن تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ قىستاڭ كوچىلىرىغا ئىككىمىز پاتماي قالدۇق، ئەسلىي بۇ جايدا يېتىشقا تېگىشلىك ئادەم دەل جاپپار ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ قېتىممۇ يەنىلا قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، مەن ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇ

جايغا كېلىپ بىز كۆرگەن كۈننى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنچەم كامىل.

مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك بولغان مەرد يىگىتىم مەردان، خەتنى يېزىۋېتىپ ساڭا بىرەر سۆيەت بەرمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىپ خىجىل بولۇپ قالدىم، بىر يىگىت سەن ئۈچۈن شۇنچە قەيسەرلىك كۆرسىتىپ ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرسە سەن ئۇنىڭغا مۇشۇنچىلىك سۆيەت بەرمىسەڭ قانداق بولىدۇ، دېگەن بىر خىتاب نىرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ ماڭا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. سېنى سۆيۈملۈكۈم، ئامرىقىم، جېنىم دېگەندەك سۆيەتلەر بىلەن نەچچە مىڭ قېتىملاپ چاقىرساممۇ سېنىڭ بىر ئېغىز قەدىرلىكىم دېگەن سۆزۈڭگە تەڭ بولمايدىغۇ...

مەن بۇ خەتنى سەن ئۈچۈنلا ئەمەس، جېنىمەستىنەم ھەدەم ئۈچۈنمۇ يېزىۋاتىمەن، چۈنكى جېنىمەستىنەم ھەدەم ھېرىپ كەتكىنىڭگە قارىماي مۇشۇ خېتىمنى ئوقۇپ بېقىش ئۈچۈن مېنى ساقلاۋاتىدۇ، ئۇ: «ئەگەر مەردانىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بىر جۈملە خەت يازساڭ مەن ئۇ خېتىڭنى يىرتىۋېتىمەن» دەپ پەرمان چۈشۈرگەن، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمايمەن، لېكىن مۇھەببەتلىك تۈرمۈشىمىزنىڭ قايتا باشلىنىدىغانلىقىغا پەقەتلا كۆزۈم يەتمەيدۇ، بۇنداق دېسەم، سەن مېنى ئۈمىدسىز، مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، ھالسىز، روھسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپسەن دېيىشىڭ مۇمكىن. شۇنداق

*دىيىشكە ھەقلىقسەن، لېكىن بىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، ياشلىق غۇنچىسى ئەمدىلا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ناتىۋان قىزنىڭ شېرىن خىياللار قۇچىقىدا ئەركىلىمەي ياشاپ كېتەلىشىگە ئىشىنەمسەن، مەردان؟ كۆڭلۈم تارتىپ تۇرغان ئاشۇ شېرىن خىياللار مېنىڭ بۇ يەردە تۇرىدىغان ۋاقتىمنىڭ بەك ئۇزاقلىقىنى ھېس قىلغىنىدا ئۆرتەنمەي، ياش تۆكمەي، مۇشۇ قىسمەتتىن زارلانماي ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللارنى قاچان ئاخىرلاشتۇرىدىغىنىمغا پەقەتلا كۆزۈم يەتمەيدۇ، مەردان، بىر قانىتى سۇنغان قۇشنىڭ يەنە ئەركىن پەرۋاز قىلالىشىغا كىممۇ ئىشەنچ قىلالىسۇن...*

*ئاخىرىدا ساڭا قىلىدىغان تەۋسىيەم ياخشى ئىشلە، قانچىلىك ياخشى ئىشلىگىنىڭنى يېتەكچى ساقچىلار كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىرەر يىل كەچۈرۈم ئالساڭ يەنە ئىككى يىلدىلا چىقىپ كېتىسەن، دېمەك سېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىڭ كۆز ئالدىڭدىلا...*

*سېنى سېغىنىپ تۇرغۇچى بەختى قارا جەۋھەردىن.»*

جەۋھەر خەتنى يېزىپ بولۇپ يېنىدىكى كارىۋاتقا قارىدى، جېنەستەم ئۇخلاپ كەتكەنىدى، بىر كۈن كەچكىچە ئىشلىگەن جېنەستەم ھەقىقەتەن ھارغانىكەن، يېنىك تارتىۋاتقان خورىكى جەۋھەرگە شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

جەۋھەر ئۆزىگە ئۇستەللىك رولىنى ئوينىغان تاختاينى جايىغا ئاپىرىپ قويۇپ ئورنىغا قايتىپ كەلدى، خەتنى مەردانىنىڭ خېتىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ياستۇقى ئاستىغا باستۇرغاندىن كېيىن ئورنىغا كىرىپ ياتتى، ئەمما ئويقۇسى قاچقانىدى. مەردانغا يازغان خەتلىرىدىكى زىددىيەتلىك مەزمۇنلار، ئۆزىنى ھارغۇچە ئەيىبلەپ مەردانىنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويىدىغان ئىبارىلەر ئۇنى قامچىلاۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن خەتنى قايتا يېزىش بىلەن مۇشۇ خەتنى سېلىشتا جېنەستەمنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەكلىكى يادىغا يەتكىنىدە يېنىك تىندى، كۆڭلى ئارام تاپقان بىلەن خىيالى بىرىنچى تۇرمىدە ياتقان مەردانغا ئاغدۇرۇلغان جەۋھەرنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.

## توققۇزىنچى باب

# تۇتقۇندىكى جەۋھەر

ئۈرۈمچى ئاسمىنى بوگون بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى، نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان قارا بۇلۇتلارنى ئاخشام چىققان بوران تەگرىتېغىنىڭ ئۇ قېتىغا سۈرۈپ تاشلىغانىدى. سەھەردىلا چىققان قۇياش باھار ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇرغان زېمىننى سۈتتەك يورۇتۇپ كىشىلەر قەلبىنى خۇددى باھار تەپتىدەك ئىللىتىۋەتكەنىدى. يېنىك چىقىۋاتقان مەيىن شامال ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېچىكىپرەك كېلىدىغان باھار ھىدىنى دىماقلارغا ئۇراتتى، نورۇز بايرىمىنى ئاللىقاچان ئۆتكۈزۈپ بولغان شەھەر خەلقى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن باھار تەپتىدىن ھوزۇرلانغاندەك چىرايلىرىدا شادلىق نۇرى چاقنايتتى.

مەردانىنىڭ بۈگۈن كەيپى چاغ ئىدى، ئۇ داچىسىدىن چىقىپ كېرىلدى، سۈتتەك يورۇپ كەتكەن ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا قاراپ قويۇپ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى – دە، ئىشىكىنى ئېچىپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا قويغان لۆڭگىنى ئېلىپ ماشىنىسىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بۇيان تارتقان جاپاسىنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بەدىنىگە يامراۋاتقان ئىللىق بىر سېزىمنى

سەزدى، چۈنكى ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇ جەۋھەرنىڭ تۇرمىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەنىدى، مانا يەتتە يىللىق كۈتۈشكە ئاخىرى خاتىمە بېرىلىپ جۇدالىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىش دەقىقىلىرى يېتىپ كەلگەنىدى.

— بالام، ماڭىدىغان ۋاقىت توشۇپ قالغاندۇ؟

مەردان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى، ئىشىك ئالدىدا خۇددى ھازىدار ئاياللاردەك قارا پەرەنجە كىيىپ، بېشىغا ئاق داكا ياغلىق سېلىۋالغان ئايخېنىم مەردانغا ئانىلىق مېھرى بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مەزگىلسىز قورۇق چۈشكەن چىرايى قىزىنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولغاندەك ئاجايىپ نۇرلانغانىدى.

— تېخى ۋاقتى بار، ئانا، — دېدى مەردان قولىدىكى لۆڭگىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — نېمىشقا ئاق ياغلىق سېلىۋالدىلا، جەۋھەر سىلىنى بۇ ھالدا كۆرسە يۈرىكى ئېزىلمەمدۇ...

— دادامنىڭ قىرىق نەزىرى توشماي تۇرۇپلا بۇ ياغلىقنى ئېلىۋەتسەك دۇرۇس بولمايدۇ، بالام، — دېدى ئايخېنىم بىردىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بىچارە قىزىم ئامراق بوۋىسىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدى، داداممۇ بۇ نەۋرىسىگە بەكلا ئامراق ئىدى قارىسىلا، مۇشۇ قىزىمنىڭ دەردى دادامنى تۈگەشتۈردىغۇ.

— سەۋر قىلسىلا، ئانا، — دېدى مەردان قولىدىكى لۆڭگىنى ماشىنىنىڭ ئىشىكىدىكى كىچىك بوشلۇققا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، — بۇ دېگەن تەقدىر، مانا بۈگۈن نېمىلا بولمىسۇن جەۋھەر ئاخىرى ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغان بولدى، خۇشال بولسىلا بولىدۇ، ئەگەر

مۇمكىن بولسا جەۋھەر بىلەن كۆرۈشۈپ مۇشۇ ئۆيگە ئەكىلىۋالغىچە بولسىمۇ ئاق ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ تۇرغان بولسىلا، بولمىسا قىزلىرىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ چېچىپ قويۇلا.

— بۇنى ئېلىۋەتسەم توغرا بولماسمىكىن، بالام،— دېدى ئايخېنىم ئاق ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈپ،— بىرەر تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ قالسا «ماۋۇ خوتۇن دادىسىنىڭ قىرقى توشمايلا بېشىدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىپتۇ» دەپ كەينىمدىن گەپ تاپماسمۇ، بالام.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم بۇ ئەمەس،— دېدى مەردان ئايخېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ،— جەۋھەر بۇۋىسىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۆزلىرى مۇشۇنداق قارىلىق كىيىم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىلا ئۇنىڭ خۇشاللىقى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتمەمدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆرۈمچى، سىلىنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىز ئۇ يەرگە ماشىنىلىق بارىدىغان تۇرساق.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ راست، بالام،— دېدى ئايخېنىم كەينىگە داجىپ،— يېرىم كۈن ئاق سالمىغانغا ھېچ نەرسە بولۇپمۇ كەتمەس، شۇنچە يىل ھەپسىدە ياتقان قىزىمنى چىرايلىق كۈتۈۋالمىساقمۇ بولمىغۇدەك. بوپتۇ، مەن كىيىمىمنى يۆتكەپ چىقاي، قاچان ماڭىمىز، بالام؟

— بىر سائەتتىن كېيىن ماڭساق بولىدۇ، جەۋھەر سائەت ئوندا چىقىدۇ، بىز توققۇزلاردا ماڭساق بولار، ئۇ يەرگە بالدۇر بېرىۋالساقمۇ ئىچىمىز تىتىلداپ تۇرىدىغان گەپ، ماشىنا بىلەن بارغاندىكىن بىردەمدىلا يېتىپ

بارىمىز، شۇڭا خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنى دەل ۋاقتىدا ئاپىرىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن.

— بالام، بۇگۈن ئىشلىرىغا بارالماي قالدىلا ــ ھە؟ رېستوراننىڭ ئىشلىرىنى...

— رېستوراننىڭ ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى مەردان ئايخېنىمغا قاراپ، — ئۇ ئىشلارنى قەيسەرگە تاپشۇرۇپ قويغان، قەيسەر ھازىر مەن بولمىساممۇ رېستوراننىڭ ئىشلىرىنى جايىدا قىلىدىغان بولدى، مۇنداق ئىشلاردىن ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، بۈگۈن بىزگە جەۋھەرنىڭ ئالدىغا چىقىشتىنمۇ چوڭ ئىش يوق، شۇڭا سىلى ئۆيگە تېزرەك كىرىپ كىيىملىرىنى يۆتكەپ چىقسىلا.

— ئۆزلىرىنى بەك جاپاغا قويدۇق، بالام، — دېدى ئايخېنىم مەرداننىڭ ئۇششاق قورۇق چۈشكەن پېشانىسىگە قاراپ، — مۇشۇ قىزىمنى دەپ بەك جىق ھەرەج تارتتۇق، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا بىز ئۆزلىرىنى بۇ ئالەمدە رازى قىلىپ كېتەلمەيمىز جېنىم بالام، خۇدا ئۆزلىرىنىڭ تەنلىرىنى ساق قىلغاي، بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرگەي ئىلاھىم.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، — دېدى مەردان ماشىنىسىنىڭ تېخىچە ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ، — جەۋھەر تارتقان ھەرەجگە قارىغاندا مېنىڭ تارتقىنىم ھېچقانچە گەپ ئەمەس، بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم.

ئايخېنىم مەرداننىڭ سۆيلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەردان ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك گۈللۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم ئارام ئالغاچ گۈللۈك يېنىدىكى

ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، گۈللۈكتىكى يېڭىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ھەر خىل گۈللەر تېخى غۇنچىسىنى يېرىپ چىقمىغان بىلەن باھار ھىدىنى ھېس قىلدۇرۇپ سەھەر ئاپتىپىدا ئاجايىپ جۇلالانغان ئىدى، سەھەردىلا ماڭدۇرۇۋەتكەن سۇ سەپكۈچ ھەر يان چۆرگۈلەپ ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنى گۈللەرنىڭ بەرگىگە يېنىك قوندۇرماقتا ئىدى.

مەردان ئاشۇ ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنىڭ گۈللەر بەرگىدە خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يالتىراشلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالى بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى تۈرمىدىن چىققان ۋاقىتلىرىغا كەتتى...

قولىغا بىر كىچىك سومكا كۆتۈرگەن مەردان دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن چىقىپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى، يول ياقىسىدىكى ئىشخانا ۋە بىرنەچچە پاكار تاملىق ئۆيلەر، كۆك تېرەك، قارىياغاچلار بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنقىدەك تۇراتتى، ئادەم قارىسى كۆرۈنمىگەن بۇ يول ئۇنىڭغا غېرىبلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ، ھۆرلۈككە چىققان مەردانىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا غەش بولدى، ئۇنى ئالغىلى بىرمۇ قېرىندىشى چىقمىغانىدى.

«توۋا، ئۇلار مېنى راستىنلا تاشلىۋەتكەنمىدۇ، — دېگەنلەرنى ئويلىدى مەردان تۈرمە دەرۋازىسىدىن يىراقلىشىپ قېرى قارىياغاچ يېنىغا كېلىپ، — ئالدىمغا ھېچكىم چىقمىسىمۇ مۇھەممەد ئاكام چىقىشى كېرەكتىغۇ، بۈگۈن تۈرمىدىن چىقىدىغانلىقىمنى ئۇلارغا خەۋەر بەرگەن تۇرسا؟! قارىغاندا دادام قېرىنداشلىرىمنىمۇ بۇ يەرگە چىققىلى قويمىغان

ئوخشىمامدۇ؟ بولدى، ئەگەر بۇ ئىش مەن ئويلىغاندەكلا بولسا ماڭا ئەمدى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرت هارام دېگەن گەپ. قايتمايمەن، ئۇلار قاچان مېنى قېرىندىشىم دەپ ئېتىراپ قىلغۇچە مۇشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىمەن...» مەردان خۇرسىنغان هالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ هېچكىمنىڭ ئۆزىنى ئالغىلى كەلمەيدىغانلىقىغا رەسمىي ئىشەنگەنىدى.

«توۋا،— دېدى ئۇ قارىياغاچ تۈۋىدىن يولغا چىقىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ،— مېنى بۇلار شۇنچىلىك ئۆچ كۆرۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئىككى كۈن ئاۋۋاللا خەۋەر تاپقان تۇرۇقلۇق بىرەرسى بولسىمۇ چىقسا بولمامدۇ، دادام، ئاپاملارغۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارار كۆزى يوق، لېكىن ئاكىلىرىمچۇ؟ هېچبولمىسا شۇلارنىڭ بىرى بولسىمۇ چىقىپ قويمىغىنىنى، مەن ئۇلارنىڭ قېرىندىشىغۇ...»

ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىۋېتىپ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. شۇ تاپتا يۈرىكى ئاغرىۋاتاتتى، باغرى ئۆرتىنىپ، دىمى سىقىلىۋاتاتتى، ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان ئاچچىق يىغا دىماقلىرىنى غىدىقلىماقتا ئىدى. كەينى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتتى. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ يېنىدىلا توختىغان ماشىنىغا قارىدى، يان ئەينىكى چۈشۈرۈلگەن ماشىنىدا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەردان ئۇنىڭ كىملىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— نەگە بارىسىز؟ مەن ئاپىرىپ قوياي،— دېدى ئۇ ئادەم مەردانغا قاراپ.

— سىز؟ — مەردان بۇ ئادەمگە ۋە كونىرىغان ماشىنىسىغا تەئەججۇپ ئىلكىدە قارىدى.

— ھە، مەن كىراكەشلىك قىلىمەن، تاكسىچىلارغا بەرگەن پۇلنى ماڭا بەرسىڭىز بولىدۇ، چىقىڭ ماشىنىغا، — دېدى ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يېنىنى شەرەتلەپ.

مەردان شۇ چاغدىلا بۇ ئادەمنىڭ قارا تاكسىچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بىرپەس ئىچىنى تىڭشاپ قالدى، چۈنكى يېنىدىكى پۇلىنىڭمۇ تايىنلىقلىقى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك ئايان، لېكىن ئۇ مۇشۇ تاكسىغا ئولتۇرمايمۇ ئىلاج يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ يولىنىمۇ بىلمەيتتى.

— تۇرىسىزغۇ، — دېدى ئۇ ئادەم مەرداننىڭ ئىچىنى تىڭشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — چىقمۇۋېرىڭ دەيمەن، چاتاق يوق جۇمۇ، پۇلىڭىز بولمىسا بىرەر قېتىم بىكارغا ماڭغانغا كەمبەغەل بولۇپ كەتمەيمەن، چىقىڭ دېگەندىكىن چىقمامسىز.

مەردان ئەمدى تارتىنمايلا ماشىنىغا چىقتى.

— مەنمۇ مۇشۇ تۇرمىدە بەش يىل ياتقان، — دېدى ئۇ ئادەم بىردەم جىممىدە ماڭغاندىن كېيىن گەپ باشلاپ، — ھەر راست، سىزنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىمنى ئېيتمىدىڭىزغۇ؟

— مەن كونسۇل كوچىسىغا باراي، — دېدى مەردان بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— توغرا، قايسىبىر ئۇيغۇر كونسۇل كوچىسىنى سېغىنمايدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەپ، — مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىغان، بۇ يەردىن چىققان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر زاتى كونسۇل كوچىسىغا

بىرىسى لەغمەن، كاۋاپ ياكى پېتىر مانتا يەپ، دۈگكۈرۈكتە كېلىپ بىردەم شۇ يەردىكى ئاۋات بازارلاردىن ھۇزۇرلىنىۋالمىسا خۇمارى قانمىغان بەگدەك خاموش بولۇپ قالىدۇ. پولۇ، نارىن دېگەن تاماقلارنىمۇ كۆزگە سۈرتكۈدەك بولۇپ كەتتىگىز ھەرقاچان.

مەردانىنىڭ ئاغزىغا بىردىنلا سىرىق شۆلگەي يىغىلىپ خۇددى بايا ئىسمى ئاتالغان تاماقلار كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا جىممىدە ئولتۇردى.

— نېماندا خىيال بېسىپلا ئولتۇرىسىز، — دېدى ئۇ ئادەم مەردانىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — مەن پاراڭ خۇمارى ئادەممەن، بىر ئادەمنى ماشىنامغا ئولتۇرغۇزسام ئۇنىڭ بىلەن ھال — مۇڭ قىلىشقاچ مەنزىلگە ئاپىرىپ قويىمەن، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. قانداق قىلىمىز، ئىنسانچىلىق دېگەندە بەزىدە ئاشۇنداق ئەگرى — توقاي يوللاردا مېڭىپ قالىدىكەنمىز، ئازمايدىغان بەندە بولمايدىكەن، بۇ... جاھان تەڭشەلمىگەن جاھان، بەزىمىز كۈلسەك، بەزىمىز يىغلايدىكەنمىز، زىددىيەتلىك دۇنيا ئەمەسمۇ بۇ، شۇڭا بۇنداق تەڭشەلمىگەن جاھاننىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوق جۇمۇ. دېسەم — دېمىسەم سىز تالاغا چىقىپلا ئۇرۇق — تۇغقانلارنىڭ بىرەرسى ئالدىڭىزغا چىقمىغانلىقىدىن كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالدى، كېرەك يوق، ئۇلارمۇ كېيىن چۈشىنىپ قالىدۇ، قانچە يىل ياتتىڭىز بۇ يەردە؟

— ئۈچ يىل، — دېدى مەردان ئەمدى بىر ئاز ئېچىلىپ، — بۇ ئۈچ يىل ماڭا ئوتتۇز يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى جۇمۇ.

ــ ئۈچ يىل بولسا ئازلا گەپكەنغۇ، ــ دېدى ئۇ ئادەم مەردانغا يالت قىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ياش بالىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى مۇنداق تاشلىۋەتمەڭ، كىمنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ بۇنداق ئىشلار، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئوبدانراق ئويلىسىڭىزلا بولىدۇ، نېمە جىنايەت بىلەن كىرگەنتىڭىز؟

ــ ئادەم زەخىملەندۇرۇش جىنايىتى بىلەن، ــ دېدى مەردان جاپپارنىڭ سۆزىنى تەلەتنى يادىغا كەلتۈرۈپ.

ــ كىچىككىلا بىر ئىشكەنغۇ، ــ دېدى ئۇ ئادەم دېمىقىنى قېقىپ قويۇپ، ــ مانا مەنچۇ، مېنى بىكاردىن ـ بىكار بوزەك قىلغان بىر گۇينىڭ سامانلىقىغا ئوت قويۇۋېتىپ بەش يىل ياتقان ئاشۇ تۈرمىدە. باشقىلار قۇتقۇزۇۋالمىسا ئۇ گۇي كۆيۈپ ئۆلەتتى.

ــ قارىغاندا بىز بىر يۇرتلۇق ئوخشايمىز ـ ھە، ــ دېدى مەردان ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن، ــ سىز قەيەردىن؟

ــ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن، ــ دېدى ئۇ ئادەم مەرداننىڭ چىرايىغا قاراپ، ــ چىرايىڭىز، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىڭىز، گەپلىرىڭىز ئەينى بىزنىڭ يۇرتنىڭ ـ دە. تونۇشۇۋالايلى، ئىسمىم ئىمىرنىياز، مۇزتاغ باغرىدىكى يېڭى كۆلدىن.

ــ مېنىڭ ئىسمىم مەردان، قۇمتاغ باغرىدىكى ئاراقۇمدىن.

ــ مانا بىر يەرلىككەنمىز ئەمەسمۇ، ــ دېدى ئىمىرنىياز كۈلۈمسىرەپ، ــ بۇگۇنزە ئۆز يۇرتلۇقۇمنى ئېلىپ مېڭىپتىكەنمەن ئەمەسمۇ، بۇ ياخشى بولدى، ھە، يۇرتقا قايتامسىز ياكى مۇشۇ شەھەردە قالامسىز؟

— ھازىر مەن نەگە بېرىشنى تازا بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى مەردان ئىمىرنىيازغا قاراپ بېشىنى چايقىغان ھالدا، — ئاتا - ئانامنىڭ مېنى ئالغىلى كەلمىگىنىگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئاز كەلگەندەك قېرىنداشلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ چىقماپتۇ. قارىغاندا تۇرمىگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئېتى يامان بولىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ يەردە قالاي دېسەم چوڭ شەھەر دېگەندە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتمىغىچە جان باقماقمۇ تەس گەپ. ئەمما، يۇرتقا پەقەتلا قايتقۇم يوق، كەتمىسەم نەدە تۇرىمەن، شۇڭا بىشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتتى.

ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى. ماشىنا ساي يولىدىن چىقىپ كۆتۈرمە كۆۋرۈكلۈك يولدا كېتىۋاتاتتى، نېمە ئۈچۈندۇ بۇ يولدا بۈگۈن ماشىنىلار بەك كۆپ بولغانلىقتىن مېڭىش تەسكە توختاۋاتاتتى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئىمىرنىياز ماشىنىلار قاينىمى ئىچىدە يول تېپىپ مېڭىشقا ئامالسىز قېلىپ، — ئايالىم بالىنى ئېلىپ يۇرتقا كەتكەن، ھازىر ئۆيدە مەن يالغۇز، بىرنەچچە كۈن ئۆيۈمدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئاتا - ئانىڭىز ياكى قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىپ باقايلى، ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدە بىر ئاز ياخشىلىنىش بولسا يۇرتقا قايتىڭ، ئۇنداق بولمىسا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ. ئۇرۇمچى دېگەندە قىلايچۇ دېسىلا ئىش دېگەن تولا گەپ، مانا مەنمۇ يۇرتقا بېرىپ سوغۇق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن بولدىلا دەپ مۇشۇ شەھەرگە قايتىپ چىقىپ بىر ئوبدان جان بېقىپ

كېتىۋاتىمەن. تۇرمىگە كىرىپ چىققان ئادەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە بەك سەت كۆرۈنىدىغان ئوخشايدۇ.

ئىمىرنىيازنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ قالغان مەردان ئاكىسى مۇھەممەدنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئاشخانا ئېچىۋالدى، «ئەجرى قىلساڭ كۆكلەيسەن، بىكار ياتساڭ ئۆلەرسەن» دېگەندەك ئىككى يىلدىلا ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان مەردان يەنە ئاكىسىنىڭ ياردىمى ھەمدە بانكىدىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن يۈز ئۇستەللىك بىر رېستورانني ئېچىۋالدى. توي - تۆكۈنلەر رېستورانلىشىپ كېتىۋاتقان دەۋر يېتىپ كەلگەچكە سودىسى يۇرۇشۇپ ئۈچ يىلدىلا شەھەردىكى داڭلىق بايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مانا ھازىر ئۇ مۇشۇ ئىككى يۈز ئەللىك كىۋادرات مېتىرلىق داچا ھەم بىر ماشىنا سېتىۋالدى. جەۋھەرنىڭ كەنجى ئۇكىسى قەيسەرنى ئاچقىپ رېستوراننىڭ خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى، يېزىدا كەتمەن چېپىپ پىشىپ كەتكەن قەيسەر رېستوراننىڭ ئېپى - جېپىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولدى.

ناسىرجانمۇ ئون يىلغا يېقىن تاشلىۋەتكەن مەردانىنىڭ بالىلىق سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىمۇ بۇ يەرگە قايتۇرۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىغانىدى، ئەمما ئۇلار بۇ يەرنىڭ سۈيىگە، تۇرمۇش رىتىمىغا كۆنەلمىگەچكە بىر ئايمۇ تۇرالماي كېتىپ قالدى.

جەۋھەرنىڭ ئىككىنچى ئۇكىسى كەۋسەر ياخشى

ئوقۇغاچقا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ قانۇن كەسپىدە ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتاتتى، يېقىندىلا توپى بولدى. بۇ قېتىم ئاچىسىنىڭ تويمىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان كەۋسەر ئاچىسىنى ئەكېلىشكە ئاپىسىنى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىغانىدى، ئەمما قاتناشمىسا بولمايدىغان بىر ئوچۇق سوت چىقىپ قىلىپ ئايالى ئاپىەرنى ئانىسىغا قوشۇپ ئۈرۈمچىگە چىقارغانىدى.

— بالام، سائەت توققۇز بولدىغۇ، — دېگەن ئاۋازدىن ئېسىگە كەلگەن مەردان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، مەردان ئايخېنىمنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر قاراپ ھازىرقى كىيىنىشىدىن خېلىلا رازى بولدى. ئايخېنىم بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇچىسىغا ئاق شايى كۆڭلەك، ئۇستىگە ماش رەڭ چاپىنىنى كىيىۋالغانىدى، ئايپەرىمۇ قارىلىق كىيىملىرىنى سېلىپ كۆك پىلاتى يوپكىسىنى كىيىپ، كۈل رەڭ گاز ياغلىقنى بۇدۇر قىلىۋالغان چېچىنى باستۇرۇپ چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى.

— كىيىملىرىمىزگە بەك قاراپ كەتتىلە، بالام، — دېدى ئايخېنىم مەردانغا ئەيمىنىپقىنە قاراپ، — ياراشمىغان بولسا باشقىنى كىيىۋالاي.

— تازا يارىشىپتۇ، — دېدى مەردان ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، — قېنى ماشىنىغا چىقسىلا، تېزرەك ماڭايلى، بەزىدە مۇشۇ ماشىنا دېگەن نەرسىنىڭ كۆپلۈكىدىن يول توسۇلۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

— ئۇنداق بولۇپ قالمىغاي خۇدايىم، — دېدى ئايخېنىم بىسمىللا دەپ ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — بولمىسا قىزىم تالاغا چىقىپلا بىزنى كۆرمىسە كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدۇ.

— يېرىم سائەتتىلا يېتىپ بارىمىز، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى مەردان ماشىنىسىنى يېنىك قوزغاۋېتىپ، — بايا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ساي يولىغا چۇشۇۋالساقلا يېرىم سائەتتىلا يېتىپ بارىمىز ئۇ يەرگە.

ئۇلار يولغا چىقىپ بىر دەمدىلا ماشىنىلار قايىنىمىغا سىڭىپلا كەتتى. ھەممىلا ماشىنا كەڭرى ۋە راۋان دەپ بۇ يولغا كىرىۋالغاچقىمىكىن مەردان ئويلىغاندەك ئۇنداق تېز ماڭغىلى بولمىدى، ماشىنىلار ئالدى تەرەپتە بىرەر توسالغۇ باردەك ھېلىدىن ـ ھېلىغا توختاپ قېلىشاتتى، بۇنى كۆرگەن مەردانىنىڭمۇ، ئايخېنىمنىڭمۇ جەھلى قېتىشقا باشلىدى، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا كىچىككىنە بوشلۇق تېپىۋالسا ماشىنىسىنىڭ بېشىنى شۇ يەرگە تىقىپمۇ يەنىلا يولنى ئاۋۇتالماي قالدى. ۋاقىت مىنۇت، سېكونتلاپ ئۆتمەكتە، ماشىنىلار تېزرەك مېڭىشقا ئامال تاپالماي مۇشۇ يولدىن چىقىپ كېتىدىغان بىرەر يەرگە بولسىمۇ بېرىۋېلىشنى ئويلاپ توختىماي سىگنال بەرمەكتە... كىملەرگىدۇ ئاچچىقلاپ، كىملەرنىدۇ غايىبانە تىللاپ غۇدۇراشماقتا ئىدى.

※ ※ ※

جاپپار ئايالى مايسەمنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئاخشاملا ئۇرۇمچىگە چىقىۋالغانىدى، ئۇلار ئۇرۇمچىگە

چىقىپلا ئۇدۇل ئىككىنچى تۇرمىگە بەش يۈز مېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەردىكى بىر كىچىك مېھمانخانىغا چۈشتى. ئۇلارمۇ جەۋھەرنىڭ تۇرمىدىن چىقىشىنى ساقلاش ئۈچۈن چىققانلار بولۇپ، سۇيىقەست پىلانلاۋاتاتتى.

— جەۋھەر دېگەن ئالۋاستىنى ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىۋېتەمدىكىن دېسەم قويۇپ بەرگىنى نېمىسى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ، — دېدى جاپپار مايسەمنىڭ ھېلىلا ئەكەلگەن بۇ خەۋىرىدىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، — ئۇ جادۇگەر ئالۋاستى بۇ يەرگە كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى، كۆرگەن يېرىمدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي زادى.

مايسەم جاپپارنىڭ قارىدىغان چىرايىغا قاراپلا نەچچە يىلدىن بېرى توختاپ قالغان جېدەل خۇمارىنىڭ بۈگۈن يەنە قوزغىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەردانىدىن تاياق يەپ ئېزىلىپ كەتكەن بۇرۇن كۆمۈرچىكى دوختۇرلارنىڭ ياخشى داۋالىشى بىلەن ساقايغاندەك قىلىغان بىلەن تازا ئوڭشىلىپ كېتەلمىگەنىدى. شۇڭا، يېپلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ماكچىيىپ كەتكەن بۇرنى يۈز كىپتى بىلەن تەڭلىشىپ پاناق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇرۇن ماكچايسا ئادەمنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەمدۇ قانداق؟ ئۇ ھازىر دېمىقىدا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى «جاپپار پاناق» دېسە ھەممىلا كىشى تونۇيتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ خىڭىلداپ گەپ قىلىشلىرىغا قاراپ «جاپپار خىڭ — خىڭ» دەپمۇ قوياتتى. جاپپار گەرچە ئۆزىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان مەردانىنىڭ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن،

بارلىق داۋالىنىش چىقىمىنى كۆتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغىنىغا يەنىلا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇ مەردانىنىڭ تۈرمىدىن چىقىپلا يۈرتقا قايتماي ئۈرۈمچىدە ئاشخانا ئېچىۋالغىنىنى ئاڭلاپ: «خەپ، ھارامزادە، مەندىن قورقۇپ شۇ يەردە يېتىۋالغىنىڭمۇ بۇ... قىساس ئۇنتۇلماس، ئەجىر كۆمۈلمەس دەپتىكەن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تاپقان پۇللىرىڭنى كۆزۈڭگە ئوبدان كۆرسىتىپ قويىمەنغۇ، مىنى مۇشۇنداق پاناق قىلىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن سېنىمۇ ناكار قىلمىسام ھېساب ئەمەس» دەپ ئويلىدى. ئۆز كۆڭلىدە مانا ئەمدى مەرداندىن ئۆچىنى ئېلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي تۈرۈپلا يەنە بىر كۈشەندىسى بولغان جەۋھەرنىڭ كەچۈرۈم قىلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن تۈرمىدىن چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئاشۇ يارىسىغا تۇز سەپكەنلىك ئەمەسمۇ.

— جەۋھەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېسەن، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ ساق قالىمەن دېيەلەمسەن؟ — دېدى مايسەم ئۇنىڭ ئاچچىقىدا كەينى - كەينىدىن موخوركىنى ئۇلاپ چېكىشىگە قاراپ،— جەۋھەر تۈرمىدىن چىقسا سېنىڭ كىرىپ ياتقۇڭ كەپتۇ - دە تۈرمىگە؟ بىلىپ قوي، ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ سەنمۇ ئۆلىسەن، بۇ جاھانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بىراقلا قۇرۇق قالىسەن، شۇڭا كاللاڭنى ئوبدان ئىشلىتىپ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋۇ مەردان دېگەن بايۋەچچىدىن پۇل ئۇندۇرىدىغان ئىشنى قىل. ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن پۇل ئۇندۇرۇۋال دېسەم ئىشنى بۇزۇپ ئۇنىڭغا مۇشت كۆتۈرۈپ قويۇپ بۇرنۇڭنى ماكچايتىپ قايتىپ كەلدىڭ، بۇ

ئىشىنچۇ ئەسلىي چىرايلىق گەپ بىلەن ھەل قىلىدىغان ئىشتى، ئۆزۈڭ بۇزۇپ قويدۇڭ بۇ ئىشنى. مانا ئۇ ھازىر تۇرمىدىن چىقىپ رېستوران ئېچىپ ئۇرۇمچىدە داڭلىق بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئىككى قەۋەتلىك داچىسى، نەچچە يۈز مىڭلىق ماشىنىسى بارمىش. بىز ئۇچۇن مۇشۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەت، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىز ئۇنىڭدىن نۇرغۇن پۇل ئۈندۈرۈۋالىمىز. نېمىشقا دېمەمسەن، مەردان شۇنچە باي تۇرۇپ ھازىرغىچە بىرەر قىزنىڭ پېشىنى تۇتۇپ توي قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ئۇ يەنىلا جەۋھەر دېگەن كۆڭلى قارىنى ياخشى كۆرىدۇ، بىر قىز بالىنى ئون يىلغا يېقىن ساقلىيالىغان ئادەمنىڭ ئىرادىسى بەك چىڭ دېگەن گەپ، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر ـ بىرىگە بولغان سادىقلىقىدىن پايدىلىنىپ پۇل ئۈندۈرۈۋالايلى. ئەگەر بىلسەڭ بۇ ئىككىسىلا ساڭا ئۆمۈرلۈك قەرزدار، بىرى داداڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، يەنە بىرى بۇرنۇڭنى ماكچايتىپ سېنى مۇشۇنداق ئىسكەتسىز ئادەمگە ئايلاندۇرغان جىنايەتچى، بىز مانا مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن پۇل ئۈندۈرۈۋالىمىز، ھازىر پۇللا بولسا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

ــ يەنىلا سەن ئەقىللىك جۇمۇ، ــ دېدى جاپپار خىخىلداپ، ــ شۇڭا بۇنىڭ پىلانىنى ئۆزۈڭ تۈز، مەن ساڭا ئەگىشىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنىنىڭ راستتىنلا پايدىسى يوق، قېنى پىلانىڭنى دە ماڭا.

ــ مېنىڭ پىلانىم مۇنداق، ــ دېدى مايسەم ئۇنىڭ

يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ بىز بۇگۇنلا ئۇرۇمچىگە ماڭىدىكەن، ئاياللار تۇرمىسىنىڭ يېنىدىن بىر ياتاقنى ئېلىپ شۇ يەردە يېتىپ ئۇنىڭ چىقىشىنى يوشۇرۇن كۆزىتەيلى. ئۇنى چوقۇم مەردان دېگەن بايۋەچچە ئالغىلى بارىدۇ، بىز ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ئۇنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىۋېلىپ ئۇنىڭ يالغۇز قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەپقېچىپ كەتسەكلا بولىدۇ. ئۇنى قولغا چۈشۈرسەكلا پۇل دېگەن ئۆزلۈكىدىنلا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بىز «ئەگەر جەۋھەرنى ساق قايتۇرۇۋالىمەن دېسەڭ بىزگە مۇنچىلىك پۇل بېرىسەن، بولمىسا مەشۇقۇڭنى مەڭگۇ كۆرەلمەيسەن» دەپ تاقاق سالساقلا ئۇ شۇ زامان پۇلنى تەييار قىلىدۇ.

ــ بۇ ئىشىمىز ئەپلىشەرمۇ، مايسەم؟ ــ دېدى جاپپار مايسەمنىڭ مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ، ــ بۇنداق ئىشلارنى بىز كىنولاردىلا كۆرگەن، كىنولاردا ئۇنداق ئادەملەرنى بەربىر ساقچىلار تۇتۇۋالىدىغۇ، مېنىڭچە باشقىچىرەك پىلان تۈزەيلى، بۇ بەك خەتەرلىك پىلان بوپتۇ، مايسەم.

ــ كىنودىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغان، ــ دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ، ــ ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشلەيدۇ، ئۇلار ساقچىلىرىنى ئاشۇنداق قەھرىمان، باتۇر قىلىپ كۆرسەتمىسە بولامدۇ، كىنو دېگەننى شۇنداق ئىشلىمىسە ھەممە ئادەم پۇل تاپىدىغان بۇ ئىشنى قىلامدۇ، شۇڭا يۈرەكلىك بولۇش كېرەك، قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن. بۇ يۇرتتا خېلىلا داڭ چىقارغان، يۈرىكىنىڭ مۇشتۇمدەك بولغىنى بىلەن يولۋاستەك ھۆركىرەيدىغان نېمە ئىدىڭ، بۇگۈن ئەجەب

توشقانـدەك قورقۇنچـاق بولۇپ قاپـسەنغۇ؟ ئـۆلـتۇرـمـەن،
چـاپـمەن دېـگەن گـەپـلـىرىڭـنـىڭ ھـەمـمـىسى قـۇرۇق پـو
ئـىكـەن ـ دە. بـىلـسـپ قـوي، جاپـپـار، سـەن دېگەن بـىر
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنـىڭ بالـىسـى، ساقچـىلار
بىزنى تـۇتۇۋالغان تـەقدىردىمـۇ دادىسـنـى ئۆلـتـۈرگـەن
قاتـىلـنى تۇتـۇۋېلىپ ھـېساب ئالـماقچى بـوپتـىكـەن دەپ
بىزنى بەرىبىر قويۇۋېتىدۇ.

ــ مانا بـۇ گـېپـىڭنىڭ خـېلـىـلا جـېنى بـار،ــ دېـدى
جـاپـپار دىمـىـقىدا سـۆزلەپ،ــ دېمـىـسـمۇ ئـۇنىڭدا قـان
قەرزىم بار تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھۆكـۈم قىلغـان
بىر قاتىلنى ئۇن نەچچە يىلدىلا قويـۇۋەتسە بۇ ئـادىللىـق
ئەمەستە، شۇڭا بۇ ئىشنى قورقـماي قىلـساق بولغـۇدەك.
ئەگەر مەردان دېگەن گـۇيىنىڭ بالـىسى پۇلنى ئەكـېلىشكە
ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن تەقدىردىمۇ بىـرەر يېرىنـى
ناكار قىلىپ قويىمەن.

ــ «ئۇنداق قـىلـساڭ ئـىشنى بـۇزىسەن» دەپ تۇرسـام
يـەنـىلا كونـا خـۇيۇڭ تۇتـۇۋاتىدۇ سېـنىڭ ـ ھـە،ــ دېـدى
مايسـەم ئـورنىدىـن تۇرۇۋېتـىـپ،ــ كەچكـىچە ئۇرـىـمـەن،
سوقىمەن دەپ يۈرۈپ ئۆزۈڭگە ئـىش تېرىپـىلا يۈرىدىغـان
نېمىكەنسەن. بىلىپ قوي، بۇ قېتىم مېنىڭ دېگىـنىمگـە
كۆنمىسەڭ ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايسەن، شۇڭـا ئـىشنـى
چىرايلىق پۈتكۈزىمەن دېسەڭ ھازىردىن باشـلاپ مېنىـڭ
سىزغان سىزىقىم بويىچە مېڭىشىڭ كېرەك.

ــ چاتاق يـوق،ــ دېـدى جاپـپـار ئـورنـىدىـن تـۇرۇپ
قولـىدىكى تامـاكـىسـىنى يەرگە تـاشلاپ ئۇنى پـۇتـىنـىـڭ
ئۇچىدا ئېزىپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن،ــ بۇ قـېتـىم سـەن
نېـمە دېسەڭ شۇ، خوتۇن، سـەن سـىزغان سـىـزىقتىـن

چىقىپ كەتمەسلىككە قەسەم قىلاي، لېكىن بىزنىڭ قولىمىزغا پۇل كىرگىچە ئىشلىتىدىغان پۇل بولمىسا بولمايدىغۇ، ئۇرۇمچىگە چىقىدىغانغا، ياتاقتا ياتىدىغانغا، تاماق يەيدىغانغا پۇل بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنچىلىك پۇل مەندە بار، — دېدى مايسەم مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۇنچىلىك ئىشنى تەۋرىتىمەن دېگەن ئادەم پۇلنىڭ يولىنى قىلمايدىغان ئىش بولامدۇ، شۇڭا بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي هازىرلا يولغا چىقايلى.

ئۇلار مەسلىھەت بويىچە شۇ كۈنىلا ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئىككىنچى تۇرمە ئەتراپىدىكى شەخسلەر ئاچقان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقانىدى.

— بۇ ياتاقنىڭ شارائىتى بولىدىكەن، — دېدى جاپپار كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يان تەرەپتىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان مايسەمگە قاراپ، — قارا، شەخسلەر ئاچقان مېھمانخانا بولغان بىلەن خېلىلا پاكىزكەن، تېخى تەرەتخانىلىرىمۇ باركەن، ماۋۇ تېلېفونى ئىشلەمدىغاندۇ؟

— يۈز سوملۇق ياتاق بولغاندىكىن مۇشۇنچىلىك بولمىسا بولماس، — دېدى مايسەم، — بۇ ياتاقنىڭ دېرىزىسى يولغا قارايدىكەن، تالانى كۆزىتىشكىمۇ ياخشى، قاراپ باقە، ماۋۇ يەردىن تۇرمىنىڭ ئالدىنى كۆرگىلى بولىدىكەن تېخى.

— راست، ياخشى ياتاقكەن، — دېدى جاپپارمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قاراپ، — ئىشقىلىپ، پەمىڭ بار خوتۇنده سەن، «ئىككىنچى قەۋەت، دېرىزىسى يول تەرەپكە قارايدىغان بولسۇن» دېگەنلىرىڭ بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ.

— بۇنداق ئىشلاردا سەن مېنىڭ قولۇمغا چايمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيسەن، — دېدى مايسەم ئوڭ كۆزىنى قىسىپ، —

مەن دېگەن نېمىلا بولمىسۇن سەندىن بىرنەچچە كۆڭلەكنى ئارتۇق يىرتقان جومۇ، ئاچاڭغا بۇ جەھەتتە قول قويمىساڭ بولمايدۇ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى جاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ، — نەچچە يىلنىڭياقى ماڭا خوتۇن بولۇپ ياشىغان ئادەم ئەمدى ئۆزۈڭنى ماڭا ئاچا قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسەن، بۇ قىلىقىڭ ئېشىپ كەتتى، ئەگەر مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋالساڭ سەندىن كۆڭلۈم يېنىپ قالمىسۇن يەنە.

— سەنچۇ، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ قارلىغاچ قانىتىدەك ئېگىلگەن قاشلىرىنى سوزۇپ، — مەندىن ئايرىلىپ قالساڭ بىر كۈنمۇ ياشىيالمايسەن، ھازىرغىچە سايەمدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇما، داداڭدىن ئايرىلغان ئاشۇ چاغلاردا مەن قانىتىم ئاستىغا ئېلىۋالمىغان بولسامچۇ سەن ھازىر مورەڭگە ئالا خورجۇننى ئارتىپ قەلەندەر بولۇپ كېتەتتىڭ ئۇقۇپ قوي، تېخى سەندىن كۆڭلۈم يېنىپ قالمىسۇن دەپ كەتكىنىنى ئۆزىنى ئوخشىتىپ.

— ۋاي بولدىلا، ئۇنداق كونا گەپلەرنى تەرگەپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى جاپپار موخوركا ئوراپ، — سەن بايا ئۆزۈڭنى ماڭا ئاچا قىلىپ كۆرسەتكەندىكىن مەنمۇ بىر قاقىقا بىر قاق قىلىپ چاقچاق قىلدىم شۇ.

— بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ پەرۋاسىز تۇرقىغا نەزەر سېلىپ، — سەن ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشنى، ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋال، ئەمدىچۇ بىز ئەتە قىلىدىغان ئىشىمىزنى مەسلىھەت قىلىۋالايلى، جەۋھەرنىڭغۇ بىر

ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرىمىز، لېكىنزە ئاۋۇ مەردان دېگەن بايۋەچچىدىن ئۈندۈرىدىغان پۇلنىڭ ئىشىنى تېخى مەسلىھەتلەشمىدۇق. ھە، بۇ ئىشتا سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ مەرداندىن زادى قانچىلىك پۇل سورىساق بولار؟

— ئاران بىر پۇل ئېلىش پۇرسىتى كەلگەندىكىن يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ ئالارمىز، — دېدى جاپپار تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ دەلتە، — دېدى مايسەم قاپىقىنى سۈزۈپ، — شۇنچىلىك چوڭ ئىشقا تەۋەككۈل قىلىپ ئىش تەۋرىتىپ ئاران يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ ئالامدۇق ھەي، سەندەك مۇشۇ ياشقا كەلگىچە لوقراق پۇل تۇتۇپ باقمىغان ئادەمغۇ مۇشۇنچىلىك پۇل بولسىلا شۇنىڭغا رازى بولۇۋېرىسەن، مەردان بۇرنۇڭنى ماكچايتىپ يىگىرمە مىڭ تۆلەم بېرىۋىدى، كېۋەز غوزىدەك ئېچىلىپ كەتكىنىڭ يادىڭدا باردۇ... ئەمدىچۇ ماۋۇ قاپاق كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ گەپ قىلىشنى ئۆگەن، بىزچۇ ھازىر ئەزىز جاننى دوغا تىكىپ بىر ئىش قىلايلى دەۋاتىمىز، يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ دېگەنىنچۇ بۇنداق جاپا تارتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيلا داچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «دادامنىڭ خۇنى بىلەن مېنىڭ ماۋۇ ياپىلاق بولۇپ قالغان بۇرنۇمىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بەر» دەپ يېتىۋالساممۇ بېرىدۇ ساڭا. شۇڭچۇ، سەن بۇ قېتىم قورقماي بىرەر مىليون ئالمىغانىڭ گېپىنى قىلە مۇنداق.

— بىر مىليون؟ ۋاي خۇدايىم، ئۇ بەك جىق پۇلغۇ؟ ئۇنچىلىك جىق پۇلنى مەردان دېگەن كومشا بېرەلەمدۇ ھەي، — جاپپار ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ قولىدىكى

تاماكىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئۇ مايسەمنىڭ ئاغزىنى مۇنداق يوغان ئېچىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى، ھەتتا ئۇ مۇشۇ يەرگە يېتىپ چىققىچىمۇ مەرداندىن ئۇنچىلىك جىق پۇل ئۇندۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— قورقۇۋاتىسەن ـ ھە؟ — دېدى مايسەم جاپپارنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — مەن سېنىڭ ئۇششاق جېدەللەرنى قىلىپ يۈرگەن بىلەن مۇنداق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. بۇ ئىشتا ئۇنچىلىك قورقۇپ كېتىدىغان ئىش يوق. قورقما، مەردانچۇ بىرەلەيدۇ ئۇنچىلىك پۇلنى، بىر قىزنى ئۇزۇن يىل ساقلىيالىغان ئادەم ئۇنىڭ بىكاردىن ـ بىكار بىرسىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ ـ دە.

— مەنچۇ، مەرداندا بىزگە بەرگۈدەك شۇنچىلىك جىق پۇل بارمۇ، يوق دېگەننى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى جاپپار ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ، — ئالىدىغان پۇلنىڭ سانىنى بەك جىق دەۋەتسەك بېرەلمەي ساقچىغا مەلۇم قىلسا ئىككى پۇتىمىزنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ قويىمىسۇن يەنە.

— ھەي دەلتە، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ پېشانىسىنى نوقۇپ قويۇپ، — ئويلاپ باقمامسەن، مۇشۇ ئۇرۇمچى دېگەن شەھەردە ئۇنىڭ ئىككى قەۋەتلىك داچىسى، نەچچە يۈز مىڭلىق ماشىنىسى، ئىككى تويىنى بىر قېتىمدىلا ئۆزلىتالايدىغان شۇنداق چوڭ بىر رېستورانى بار ئادەم جۇمۇ... يىگىرمە... ئوتتۇز ئادەمگە مائاش تارقىتىپ، ھۆكۈمەتكە نەچچە يۈز مىڭ باج تۆلەپ يۈرگەن بىر بايۋەچچە ئاشۇنچىلىك پۇلنى چىقىرالامدا؟!

جاپپار مايسەمنىڭ قاچانلاردا مەردانىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ بولغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ مايسەمنىڭ پات ـ پات بۇ شەھەرگە تۇغقىنىمنى يوقلاپ كېلەي دەپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يەرگە چىقىپ باقمىغاچقا مەردان توغرىسىدىكى بۇ ئۇچۇرلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. مانا مايسەم مەردانىنىڭ هازىرقى بايلىقىنى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا تاشلىغۇدى، جاپپارنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولدى، ئۇ مەردانىنىڭ تۇرمىدىن چىققىنىغا يەتتە ـ سەككىز يىل بولغان بولسىمۇ يات بىر شەھەردە مۇشۇنچىلىك چوڭ ئىگىلىك ياراتقىنىدىن قىزغىنىۋاتاتتى...

جاپپار ئورنىغا كىرىپ ياتقاندىمۇ مەردانىنى خىيال قىلىپ بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئىش تەۋرىتىپ نەچچە مىليوننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىغا تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ يوتقىنىغا كىرىپلا ئۇيقۇغا چۆشكەن مايسەمگە قاراپ هېسسىياتى قوزغىلىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، قوينىغا شۇڭغۇپلا كىرىپ كەتتى...

جاپپارنى قولغا كېلىدىغان بىر مىليون پۇل هاياجانلاندۇرۇپ قويدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئادىتىنى بۇزۇپ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، مايسەم يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن قىلىدىغان سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالدىمۇ ياكى جاپپارنىڭ كەچتە ئۆزىنى ئوبدانلا هۇزۇرلاندۇرغىنىدىن چۈش قوينىغا سۆرەپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، يېڭى تويى بولغان قىزدەك چىرايىغا سۈس

كۆلكە يۆگۈرتكەن ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. جاپپار ئۆزىنى
بىرمۇنچە پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندۇرالايدىغان بۇ
ئايالنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك
ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ
تېزلا يۇيۇنۇۋالدى، ئۇ بەدىنىنى چوڭ لۆڭگىدە يۆگەپ
چىققىنىدا مايسەم تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

— تاڭ يورۇپ قالدى، مايسىگۈل، ئۇخلاۋېرەمسىلە،
تېزرەك تۇرسىلا، چاي تەييار بولدى، — دېدى جاپپار
ئۇنىڭ يوتقىنىنى ئاستا قايرىپ.

— ۋىيەي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى مايسەم
يالىڭاچ بەدىنىنى يوتقانغا قايتا ئوراپ، — ئادەمنى خىجىل
قىلىپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، بولدى قىلە، مەن كۆرمىگەن نەرىڭ
قالدى سېنىڭ، — دېدى جاپپار خىڭىلداپ كۈلۈپ، —
كىچىك قىزلاردەك نازلانماي تېز بولە، بولمىسا يەنە
كىرىمەن جۇمۇ قوينۇڭغا.

— ئەمدى بولار، — دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ
ئەتلىرى سەل تارتىلغان بەدىنىنى جاپپارنىڭ كارىۋاتقا
تاشلىغان بەدەن لۆڭگىسىدە ئوراپ، — تاڭ ئېتىپ قاپتۇ،
ئەمدى تېزرەك بولمىساق كېچىكىپ قېلىپ ئىشىمىز
سۇغا چىلىشىدۇ.

مايسەم ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭغىنىدا جاپپار
مايسەمنىڭ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى بېجىرىم
تېنىنىڭ سەل تارتىلىپ، كۆكسىنىڭمۇ خالتىلاشقىلى
تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇيقۇدىن خۇمارلاشقان
كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى، ھەتتا بويۇنلىرىغىمۇ كۆرۈنەرلىك
دەرىجىدە قورۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ

قويدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بىر خوتۇننىڭ قولىدا ئون نەچچە يىل خۇددى يېلى قالمىغان رېزىنكە توپتەك ئوينىتىلغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەپ قالدى.

«توۋا! — دېدى ئۇ مايسەم ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ‹ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە› دېگىنى راست گەپكەندە، ھازىرغىچە بۇ خوتۇننىڭ ئەتىگەنلىك چىرايىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن دېسە. مانا ئەللىكتىن ئېشىپلا مومايغا ئايلانغىلى تۇرۇپتۇ. توۋا - توۋا! مۇشۇ خوتۇننىڭ نەرىگىمۇ ئاشىق بولۇپ يۈرگەندىمەن - ھە، بۇ تۇغماس ئىنەك يا ماڭا بىرەر بالا تۇغۇپ بېرەلمىسە، مانا ئەمدى چىرايىمۇ ئىسكەتىدىن كەتكىلى تۇرۇپتۇ. يەنە يەتتە - سەككىز يىلدىن كېيىن بۇ مومايغىلا ئايلىنىدۇ، بۇ قېتىم پۇلنى قولغا چۈشۈرۈۋالسام ئۇنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ بۇ خوتۇننى تاشلاپ كەتسەم بولامدىكىنتاڭ... لېكىننزە بۇ گۈينىڭ مەن چىدىمايدىغان يەرلىرىمۇ بار - دە...»

مايسەم يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇلار تېز كىيىنىپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار مېھمانخانىنىڭ بىقىنىدىكى بىر تۆتگاننىڭ ئاشخانىسىدا كالا گۆشى ئۇگرىسى ئىچىپلا ياتاققا قايتىپ كىردى، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئەمدى قىلىدىغان ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلماقچى بولغاندەك بىردەم جىممىدە ئولتۇرۇشتى.

— قانچىلەردە تۇرمىدىن چىقىدىغاندۇ؟ — دېدى مايسەم جاپپارغا.

— مەن تۇرمىدىن چىققان كۈنى سائەت سەككىز

يېرىمدا قويۇپ بەرگەنىدى،— دېدى جاپپار بايا ھاجەتخانىدا قىلىنىۋالغان گىرىملىرى بىلەن باشقا بىر ئايالغا ئۆزگەرگەن مايسەمگە قاراپ،— تۈرمە ساقچىلىرى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە يېرىمىلاردا ئىسمىنى ئالىمىشىدۇ، ئاندىن چىقىدىغان - كىرىدىغان ئىشلارنى شۇلار بېجىرىدۇ، بۇ مەن ياتقان تۈرمىنىڭ قائىدىسى. ئايالار تۈرمىسىنىڭ ئىشلىرىنى مەن تازا بىلىپ كەتمەيمەن، شۇڭا ئۇنىڭ قانچىدە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

— ئىسمىنى ئالىمىشىش، ئىشقا چىقىش دېگەنلەر ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ،— دېدى مايسەم قولىنى ئىشقىلاپ،— ئۇنداق بولسا بىز سائەت سەككىزدىن بۇرۇن تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدا بىر جاينى تاللاپ يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى، مەردانلارمۇ چوقۇم ئۇ قويۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرگە كېلىپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، بولمىسا ئىش بۇزۇلىدۇ. ئۇلار جەۋھەر بىلەن ئۇچرىشىپ يولغا چىقىشى ھامان ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشىمىز.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ ياتاقنى قانداق قىلىمىز؟ «ئەگەر ياتاق قايتۇرماقچى بولساڭلار سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن قايتۇرۇڭلار، بولمىسا يەنە يېرىم كۈنلۈك ھەققنى تۆلەپ قالىمىز» دېدىغۇ؟

— ياتاق تۇرۇپ تۇرسۇن، كېرەك بولۇپ قالىدۇ،— دېدى مايسەم جاپپارنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ،— كىم بىلىدۇ، تۈرمىدە بەزى ئىشلار چىقىپ قېلىپ چۈشتىن كېيىن چىقىدىغان

بولۇپ قالامدۇ ياكى ئەتىگە قالامدۇ، بۇنى بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ياتاقنى قايتۇرمىساقمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دېگەن قەرەلدە چىقىپ قالسا كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېرىمىز، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق مۇشۇ يەرگە ياندۇرۇپ كەلسەكمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەر شەھەر سىرتىدىراق بولغاندىكىن سودا قىلىشىمىزغىمۇ پايدىسى بار، پۇل قولغا چۈشۈشى ھامان ياتاقنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— بەك ئەقىللىك خۇتۇندە بۇ، — دېدى جاپپار ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئەركىلىتىپ.

— مېنى ئۇنداق ئۇچۇرما، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ قولىنى نازلانغان ھالدا ئىتتىرىپ، — شۇنچە جىق پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر يەرلىرىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ ـ ھە... ھازىر مۇنداق ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق، ئەمدى ھازىردىن تارتىپ مەن نېمە دېسەم شۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرسەن، قارامىلىق قىلىشقا زادى بولمايدۇ جۇمۇ.

— خوپ، باشلىق، — دېدى جاپپار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— سائەت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەمدى ماڭايلى.

ئۇلار سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا تۇرمە دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كوچىغا كېلىپ دەرۋازىدىن ئوتتۇز مېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈپ قېرى قارىياغاچ يېنىغا كېلىپ توختىدى، قوچاق يەتكۈسىز يوغىنىغان بۇ قارىياغاچنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىنى كۆزەتكىلى بولاتتى. بۇلۇتلار تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەچكىمىكىن، پۈتۈن جاھان نۇر زىياسىدا

يۈيۈنغاندەك سۈزۈكلىشىپ كەتكەنىدى، باھارنىڭ سەلكىن شامىلى يېڭىلا پوتلا تارتىپ سەھەر ئاپتىپىدا جۇلالىنىپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېنىك ئەركىلىتەتتى. ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر باھارنىڭ بۇ خاسىيەتلىك سەھىرىدىن ھۇزۇرلانغاندەك چىھرىدە بىر خۇشاللىق نۇرى چاقناۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇ تاپتا ئۇلار مۇشۇ قېرى قارىياغاچ تۈۋىدە تۇرغان ئىككى قارا نىيەتنىڭ نېمىلەرنى پىلانلىشىپ تۇرغانلىقىنى بىلگۈسى كەلمىگەندەك ئۇلارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

— مۇشۇ يەر بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۆتكەن - كەچكەن ئادەملەرمۇ خېلى باركەن بۇ يەردە،— دېدى مايسەم،— بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇۋېرىمىز، بىراق كۆزىمىز دەرۋازىدىن زادىلا ئۈزۈلمىسۇن.

ئۇلار دەل سائەت ئون بولغاندا تۇرمە دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈشتى، دەرۋازىدىن راستتىنلا جەۋھەر بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ دەرۋازىدىن سەل يىراقلىشىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ دەرۋازىغا ھەم ئۇستىگە تىكەنلىك سىم ئورنىتىلغان قېلىن تۇرمە تاملىرىغا قاراپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. ئۆزىنى ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىماقتا ئىدى.

— ھەي، قارىغىنە مايسەم،— دېدى جاپپار مايسەمنى نوقۇپ،— ئۇنى ئالغىلى بىرەرسى كەلمىگەندەك تۇرىدىغۇ؟!

— مەنمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىمەن،— دېدى

مايسەم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ،ــ قارىغاندا ئۇنى ئالغىلى كېلىۋاتقانلار كېچىكىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ تەلىيىمىز كەپتۇ، جاپپار، تېز بول، سەن ياتاققا كەت، مەن ئۇنى ياتاققا باشلاپ بارىمەن، ئىشىمىزنىڭ بۇنداق ئوڭدىن كېلىشىنى كىم ئويلىغان.

جاپپار كەينىگە داجىپ كىچىك ئورمانلىقنى بويلاپ ياتاق تەرەپكە قاراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى. مايسەم تۆت ئەتراپقا ئوبدان قارىۋەتكەندىن كېيىن قارىياغاچ دالدىسىدىن چىقىپ مايسەمنىڭ يېنىغا ماڭدى. جەۋھەر تېخىچە يول ياقىسىدا تۆت ئەتراپقا قارىغىنىچە نەگە بېرىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالغانىدى.

جەۋھەر ئۆزىنىڭ بۈگۈن سائەت ئوندا چىقىدىغانلىقىنى پەقەت مەردانغىلا خەۋەر قىلغانىدى. ئۇ ئانىسىنى ئاۋارە قىلغۇسى يوق، مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ئانىسى بىلەن پەقەت بىرنەچچە قېتىملا كۆرۈشكەن بىلەن ئۇنىڭ بارغانسېرى قېرىپ ھەم چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ ئالدىدا خۇددى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىش ۋاقتى ئۇقتۇرۇلغاندا بۇ خەۋەرنى پەقەت مەردانغا تېلېفون قىلىپ ئانىسىغا ھازىرچە خەۋەر قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەنىدى. مەرداندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قەيسەر خۇشلۇقىدا بۇنى ئاكىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن جەۋھەرنىڭ ئانىسىدىن مەخپىي تۇتقان ئىشى بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كېتىپ ئىككى خىل مەقسەتتە ئىككى تۈركۈم ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا چىققانلىقىدىن جەۋھەر پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

— ۋاي، جەۋھەر قىز، تىنچ ـ ئامان چىقتىڭىزمۇ، سىڭلىم،— مايسەم جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يۈزنى يۈزىگە يېقىپ ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى،— توۋا، شۇنداق ئوبدان تۇرۇپسىز جۇمۇ... قاراڭە، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىلدىن بۇرۇنقى تۇرقىڭىز قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، يەنىلا شۇنداق چىرايلىق تۇرىسىز، ئاپىڭىز مۇشۇ چىرايىڭىزنى كۆرسە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ـ هە...

جەۋھەر بىر ناتونۇش ئايالنىڭ ئۆزىگە ئىسىلىپ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ كېتىشلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇنىڭ تىل تاۋۇشىدىن، ئاھاڭىدىن ئۆز يۇرتىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغاچقا بۇ ئايالنىڭ زادى كىم، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى.

— ئۆزلىرى كىم بولىلا، ئاچا؟ مەن ئۆزلىرىنى تونۇيالمىدىمغۇ،— دېدى جەۋھەر بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ يېقىنچىلىقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ.

— مېنى راستىنلا تونۇمايۋاتامسىز، سىڭلىم؟— دېدى مايسەم ئۇنىڭ قولىنى مېھرىبانلارچە سىلاپ،— مەن قومبۇلاقتىكى ھېلىقى مايسەم ئەمەسمۇ...

— ۋاي خۇدايىم،— دېدى جەۋھەر مايسەمنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ،— ئۆزلىرىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىم، ئەمما تازا ئېسىمگە ئالالمىغانتىم. ھەرگىز خاپا بولمىسىلا جۇمۇ، مايسەم ئاچا، ئۆزلىرى ياخشى تۇرۇۋاتاملا؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىلا؟

— مۇشۇمۇ گەپمۇ، سىڭلىم،— دېدى مايسەم

جەۋھەرنى قولتۇقلاپ،— سىلەر قۇمبۇلاقتا تۇرغان چېغىڭلاردا ئاپىڭىز بىلەن مەن خۇددى بىر تۇغقان ئاچا ـ سىڭىلدەك يېقىن ئۆتۈشكەن ئەمەسمىدۇق، تونۇگۇن ئاپىڭىز ئۇرۇمچىگە چىقىپتىكەن، بازاردا كۆرۈشۈپ قالدۇق، قىزىم ئەتە تۇرمىدىن چىقىدۇ، شۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم دېۋىدى، مېنىڭمۇ سىزنى كۆڭلۈم تارتىپ بىللە بۇ يەرگە چىققان.

— ئاپاممۇ چىقىپتىما بۇ يەرگە؟ ئەمىسە ئۇ قېنى؟— دېدى جەۋھەر تۆت ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ،— مەردانچۇ، كەلمىدىما؟!

— ماڭايلى، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى، سىڭلىم،— دېدى مايسەم جەۋھەرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ،— ئاپىڭىز ئاۋۇ تەرەپتىكى بىر ياتاقتا قالدى، ئالدىڭىزغا مەن كەلدىم، مەردانجان ئاچىققانتى بىزنى، يولدا كېلىۋاتساق تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا تېلېفون كېلىپ قېلىپ رېستورانغا كېتىپ قالدى. سەھىيە ئىدارىسى دەمدۇ، سودا ـ سانائەت ئىدارىسى دەمدۇ، ئىشقىلىپ رېستورانلارنى تەكشۈرگىلى ئادەم كەپتىكەن، «مەن يېتىپ كەلگىچە ئارام ئالغاچ ساقلاپ تۇرۇڭلار، بىر سائەتكە قالمايلا كېلىمەن» دەپ بىر ياتاقنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. بىر سائەت بۇرۇن چىقىۋاپتىمىز بۇ يەرگە، مەردانجاننىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاندۇ، ئاپىڭىز ھازىر شۇ ياتاقتا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، «ئاشۇ قارا دەرۋازىنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، ياتاقتىلا باشلاپ كەلسىلە جېنىم قىزىمنى» دەپ ئالدىڭىزغا مېنى ئەۋەتتى...

جەۋھەرنىڭ قەدىمى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېزلەشتى، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلىقىنى

ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. «قارىغاندا مەردانىنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي ئاپامنى ئاچىقىقان ئوخشايدۇ» دېگەن خىيالنى قىلغان جەۋھەر تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. مايسەمنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. ئازراقلا كېچىكىپ قالسا مەردانىنىڭ كېلىپ قېلىشىدا شەك يوق، شۇڭا ئۇ جەۋھەرنى ناھايىتى تېزلا مېھمانخانىغا باشلاپ كەلدى. ئۇنى ئىشىكتىن كارىدورغا كىرگۈزۈۋېتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ باشقىچە ئەھۋالنى بايقىمىغاندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان جەۋھەرنى ئۆزلىرى تۇرغان ياتاق تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. كىچىككىنە ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە بىر كومپيۇتېرنى قويۇپلا ئۇنى باش مۇلازىمەت ئورنى قىلىۋالغان ياشقىنە بىر قىز كومپيۇتېرنىڭ قارتا ئويۇنىنى ئېچىۋېلىپ ئويناۋاتقاچقا مايسەمگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئويۇنىنى ئويناۋەردى. مايسەم جەۋھەرنى ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ياتاقنى ئاچتى، ئانىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ تۇرغان جەۋھەر ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا «ئاپا، جېنىم ئاپا» دېگىنىچە ياتاققا يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، ئادەمسىز تۇرغان ئىككى كارىۋاتنى كۆرۈپ كەينىگە شۇنداق بۇرۇلۇشىغا كەينى تەرىپىدىن كەلگەن قاتتىق زەربىدىن ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كارىۋاتقا دۈم چۈشتى، ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئىككى قولى كەينىگە قايرىپ باغلىنىپ ئاغزىغا پىلاستىر چاپلاندى.

— ماۋۇ جۇۋاينىمەكنى كۆردۈڭمۇ، مايسەم، — دېدى جاپپار ئۇنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، — بۇ قاتىل ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قانداق

بولسا هازىرمۇ شۇ پېتى تۇرۇۋېتىغۇ؟ بۇ تۇرمىدە ياتتىمۇ ياكى بىرەر مېھمانخانىدا ياتتىمۇ؟

— بۇ ئوتتۇزدىن ئاشقان بىلەن تېخى قىز تۇرسا،— دېدى مايسەم خىرىلداپ كۈلگەن هالدا،— قىز بالا دېگەن پېتى بۇزۇلمىسا مۇشۇنداق تۇرىدۇ، نېمە بولىدۇڭ، كۆزلىرىڭ ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كېتىۋاتىدا، مەن ساڭا نېمە دېگەن؟...

جاپپارنىڭ كۆزلىرىدە شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغىنىنى كۆرگەن مايسەم گېپىنى دەرهال توختاتتى، ئۇ بايا جەۋھەرگە تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىكەن، هازىر ئۇنىڭ كۆزىگە جەۋھەر شۇ قەدەر چىرايلىق هەم تارتىملىق كۆرۈنۈپ كەتكەچكە مۇنۇ شەھۋەتپەرەسنىڭ بۇنىڭغا پۇخۇرلۇق قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى.

جەۋھەر شۇ تاپتا ئاغزى پىلاستىردا چاپلىۋېتىلگەن بولغاچقا ۋارقىراشقىمۇ كۈچى يەتمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ تاپتا ئوۋچىدىن قورقۇپ كەتكەن كېيىكتەك پىلدىرلاپ تۇراتتى، ئۇ مايسەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە بۇنچىلىك ئەسكىلىك قىلىدىغىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئالدىدا ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قارىمۇتۇق، پاناق ئادەمنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ مايسەم بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بۇ ياتاققا باشلاپ كېلىپ زىيانكەشلىك قىلىدىغىنىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيۋاتاتتى.

— مېنى تونۇيالمايۋاتىسەن ـ هە،— دېدى جاپپار جەۋھەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېڭىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،— مەن جاپپار، سېنىڭ هېلىقى قەدىناس

ئاكاڭ، لېكىن سەن ئاكاڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدىڭ ـ ھە؟ دادامنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئاز كېلىپ مەردان دېگەن ماز پايىنەكنى كۈشكۈرتۈپ بۇرنۇمنى مانا مۇشۇنداق ماكچايتىپ قويدۇڭ، مەن مۇشۇ ئىككى ھېسابنى ئالغىلى يېنىڭغا كەلدىم، ئۇقۇۋاتامسەن؟!

جەۋھەرنىڭ ۋۇجۇدى بۇ ئاچچىق تەھدىتتىن ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ جاپپارنى تونۇغان شۇ پەيتتە ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم كۈنىنىڭ رەسمىي يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئۇ ئۆزىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان ئاشۇ كۈنى ئانىسىنىڭ بىھوشلىنىپ يىقىلغانلىقىدىن باغرى ئۆرتەنگەن بولسا، جاپپارنىڭ «قانغا قان ئالىمەن، توختاپتۇر» دېگەن سۆزلىرىدىن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلاپ، پۈتۈن بەدىنى خۇددى جۇدۇندا قالغان مۇساپىردەك جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. شۇنچە يىل قىساس ئالىمەن دەپ ياتقان قەبىھ يولۋاس بۈگۈن ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا رەسمىي چۈشۈرگەنىدى، ئەمدى ئۇ نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدۇ، لېكىن مۇنۇ مايسەم شۇ چاغدا جاپپارنى ئەرز قىلىپ تۈرمىگە سولىتىۋەتكەن ئايال تۇرۇقلۇق قانداق بولۇپ بۇنىڭ بىلەن شېرىك بولۇپ قالغاندۇ، دېگەن خىيال ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. لېكىن، ھازىر كۆز ئالدىغىلا كېلىپ قالغان ئۆلۈم ۋەسۋەسىسى يادىغا كەلگەن ئاشۇ مىنۇتتا چاچلىرى سۈتتەك ئاقارغان ئانىسىنى، ئىككى ئۇكىسىنى، تېخى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن كېلىن ئايپەرىنى، بوۋا ـ موملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئۇلار شۇنچە يىل تۇرمىدە ياتقان جەۋھەرنىڭ بۇگۈن تۇرمىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە... مانا ئەمدى ئەركىنلىككە چىقىپلا مۇشۇنداق بىر قىسمەتكە دۇچار بولغىنىنى ئاڭلىسا ئۇلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ «جاپپار گەپ يوق مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئەمدى ئۇلار بۇ ھازىغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟! يەنە مەردانمۇ بار، ئەڭ ئازابىقا قالىدىغىنى دەل شۇ، ئۇنىڭ بۇ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ شۇنچە يىل ساقلىغانلىقى نۆلگە تەڭ بولدىغۇ...» جەۋھەرنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتكەندەك دومىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئامال قىلىپ ئاغزىدىكى پىلاستىرنى چىقىرىۋېتىپ توۋلىماقچى، جاپپار دېگەن لەنىتى ساراڭنى بىرنەچچە ئېغىز ئاچچىق گەپ بىلەن تىللىۋالماقچى بولغانىدى.

ـــ قولۇڭنى تارت، جاپپار، ـــ دېدى مايسەم جەۋھەرگە ھەيۋە قىلىپ ئۇنى بوزەك قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان جاپپارنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ بىر يانغا ئىتتىرىپ، ـــ مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ ئەگەر سەن جەۋھەرنىڭ بىرەر تال مويىغا چېقىلىدىغان بولساڭ ھەممە ئىشنى بۇزىسەن، ئۇنداق بولغاندا سەن مەرداندىن بىر تىيىنمۇ ئۈندۈرەلمەيسەن، سەن ئەمدى جەۋھەردىن يىراق تۇرۇپ مەن نېمە قىل دېسەم شۇنىلا قىلساڭ بولدى. مۇشۇ يەردە تاماكاڭنى چېكىپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇر، مەردانلار كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

جەۋھەر شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن

ئەمەس، بەلكى مەرداندىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۇچۇنلا بۇ يەرگە ئالداپ كېلىنگەنلىكىنى بىلدى، بۇ نېمىدېگەن يىرگىنچلىك خىيال ـ ھە! مەردان ئەمدى بۇلارنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن قانچىلىك جاپالارنى تارتا... بۇ ئىككىسى قانداق بولۇپ بىرلىشىپ قالغاندۇ؟...

جەۋھەر ئەنە شۇنداق ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە مېڭىسى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، چىرايى بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتتى ـ دە، تېپىرلاشقا باشلىدى. ۋارقىراشقا، بوشىنىۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ تۇرسىمۇ بۇنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىدى. جاپپار ئۇنى بەك چىڭ باغلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى مەردانىنىڭ شۇنچە يىل ساقلىغىنى ئاز كەلگەندەك مۇشۇ مەلئۇنلارنىڭ قىلىۋاتقان قارامىلىقى ئۇچۇنلا دوم يېتىپ ـ دوم قوپۇپ تاپقان پۇلىغا ئۇلارنىڭ كۆز قىزارتقانلىقى ئىدى.

ــ بۇنىڭ زۇۋانىنى باساڭچۇ،ــ دېدى جاپپار مايسەمگە قاراپ قولىنى سىلكىپ،ــ نېمانداق توڭگۇزدەك چىقىرايدۇ ماۋۇ ئۇلۇمتۇك، بولسا بۇ چىدىماسىنىڭ پۇتىنىمۇ باغلىۋېتەيلى. قاراپ باقە، كۆتىگە يانتاق قىستۇرۇۋالغان ئېشەكتەك نېمانداق چىچاڭشىيدۇ بۇ ھارىمى...

ــ سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئۆز ئىشىڭنى قىلىشنى بىل،ــ دېدى مايسەم جاپپارنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ،ــ بەك قوپاللىق قىلىپ بۇنىڭغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قالسا ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن، ئەمدى زۇۋانىڭنى يىغىپ مەن دېگەن ئىشنى قىلساڭلا بولىدى.

يەنە مۇشۇنداق كاپشىيدىغان بولساڭ مەن كېتىمەن بۇ يەردىن.

جەۋھەر تىنچلىنىپ قالدى. مايسەمنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقى ئايان بولدى، لېكىن ئۇنى ئازابلاۋاتقىنى مەردان ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۆپ بەدەل تۆلەيدۇ؟ مۇھەببەت ئۈچۈن شۇنچە كۆپ سورۇقچىلىق تارتقىنى يەتمىگەندەك ئون نەچچە يىل سەرسان بولغان ئىككى ياشنىڭ بىرگە بولۇشى شۇنچىلىك قىممەتكە توختىغىنى نېمىسى ئەمدى؟ مۇشۇنداق رەزىللەرگە قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدىغان، تېگىشلىك جازا بېرىدىغان ئىشلارمۇ بولارمۇ؟...

جەۋھەر بەخىرامان ئولتۇرغان بۇ ئىككى مەلئۇنغا قارىدى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىرى سىرتنى كۆزەتسە، يەنە بىرى ئۆزىگە مولۇندەك قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ دىشۋارچىلىقتا چىدىماي ۋارقىراي دېسە ئاغزى چاپلاقلىق، تېپچەكلەي دېسە پۇتى باغلاقلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ هازىر قانتى كېسىۋېتىلگەن كەپتەرگە، قاپقانغا چۈشكەن توشقانغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بېشىغا يەنە نېمە كۈلپەتلەرنىڭ كېلىدىغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى، لېكىن، بۇ پىلاننى مايسەمنىڭ كۆرسەتكەنلىكىنى، جاپپار بىلەن مايسەمنىڭ بىر يولدىكى ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى هەم بۇ ئىككى قارا نىيەتلەرنىڭ مەردانغا يەنە قانچىلىك ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلغىنىدا بەدىنىنى يېنىك تىترەك باستى.

## ئونىنچى باب

# غالىب كەلگەن سۆيگۈ

پايانسىز كۆك خۇددى سۇتتەك ئاقارغان، قۇياش ئوتقاشتەك يالتىراپ بىر نۇقتىدا توختاپ قالغاندى. ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلار خۇددى قانات چىقىرىۋالغاندەك ئاسماندا ئۇچماقتا... خۇددى قاسقانغا تىزىلغان مانتىدەك قىستىلىشىپ ماڭىدىغان كوچىلار چۆلدەرەپ قالغاندى، مەردان بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ قايسىدۇر بىر نىشانغا قاراپ ئۇچقاندەك تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتىدۇ، يولدىكى ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاچقا يول ئۇنىڭغا ئوچۇق قالغاندى.

«ياھوي، جاھان تەرەققىي قىلسا ماشىنا دېگەنلىرىنىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغان بولۇپ كېتىدىكەنده، شۇنىڭدىن قارىغاندا مەن بۇ تەرەققىياتنىڭ كەينىدە قالغان ئوخشىمامدىمەن؟ مەنمۇ ماشىنامنى ئۇچىدىغان ماشىنىغا ئالماشتۇرمىسام بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ. توۋا، بىر كېچىدىلا قاراڭلار ماۋۇ ئۆزگىرىشنىڭ چوڭلۇقىنى... رېستوران ئاچتىم دەپ مۇشۇ يەرنىلا چۆرگىلەپ ماۋۇ تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز قاپتىمەن ئەمەسمۇ، دېمىسىمۇ ئاسمان كەڭرى بولغاندىكىن قاياققا ئۇچساق بولىدىغان

ئىشقۇ بۇ... ئەمدى قاتناش قىستاڭچىلىقى دېگەنلەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇق، مەنمۇ ئۇ ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا جەۋھەرنى سالاي ـ دە، يۇرتقا بېرىپ نىكاھنى شۇ يەردە قىلىۋېلىپلا ئۇچقان پەدىدە ئۇرۇمچىگە چۇشۇپ ئۆزۈمنىڭ رېستورانىدا توي ۋېچىركىسىنى ئۆتكۈزسەم، ۋېچىركىغا مېنى مۇشۇ شەھەردە قېلىشقا ئۈندىگەن ئىمىر نىيازنى، ئادىلجان ئادۋوكاتنى، يەنە ئالىمجاننى چاقىرسام، تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ماشىنىدا ئەكەلسەم، بارلىق رېستوران غوجايىنلىرىنى چاقىرسام... ۋاي ـ ۋۇي، چاقىراي دېسەم تولا گەپكەنغۇ ئادەم دېگەن...»

ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشمايلا ماشىنا بىردىنلا سىلكىندى، ئۇ بۇ سىلكىنىشتىن چۆچۈدى، ئۆزىنى ئوڭشاپ نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ماشىنىسى يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

«ۋاھ، ئەسلىدە ماشىنامۇ ئۇچالايدىكەنغۇ، ئەمدى ئۇچىدىغان ماشىنا ئېلىشىمنىڭ ئورنى يوقكەن...»

بىردىنلا ئۇ ئۇچۇۋاتقان ماشىنىلارنىڭ خۇددى يىغناغۇچتەك قاناتلىرىنى يېنىك سىلكىپ يەرگە چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ پەسكە قارىدى، بايىلا قۇرۇق تۇرغان يول بىردەمدىلا قاناتلىق ماشىنىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

«بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، مۇنچىۋالا جىق ماشىنا ئاسمانغا چىقىۋالسا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ، ئەمدى ئاسمان ماڭا ئوچۇق قالدى، تۇرمىگە بىردەمدىلا يېتىپ بارىدىغان بولدۇم.»

ئۇ تۇرمىنىڭ ئۇستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىغا يېتىپ

بارغاندا ئوتتۇرىدىكى مەيداندا تۇرغۇن مەھبۇسلارنىڭ ماشىنىسىغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا جەۋھەر مەھبۇس كىيىمىنى كىيگەن هالدا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان بۇ ماشىنىغا هاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن يا بۇ كارامەتكە بولغان قىزىقىش، يا ئۆزىنىڭ بۇگۇن تۈرمىدىن چىقىدىغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

«بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ تۈرمىدىن چىقىدىغان ئادەم بۇ يەردە نېمىشقا هاڭۋېقىپ تۇرىدىغاندۇ؟ تالاغا چىقىپ مېنى ساقلاپ تۇرۇشى كېرەككىغۇ، بۇگۇن چىقىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ هېچبىر تەييارلىقى يوق تۇرىدىغۇ؟ بۇ مەيدانغا چۇشسەم ئۇچالماي قېلىپ تۈرمىگە قامىلىپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ. توختا، مەن ئىتتىكرەك دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ شۇ يەرگە چۇشەي، تۈرمە ساقچىلىرىدىن جەۋھەرنىڭ نېمىشقا تېخىچە چىقمىغانلىقىنى سوراي.»

مەردان ماشىنىسىنى ئۇچۇرغان هالدا تۈرمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تېزلا يېتىپ كەلدى، لېكىن هېلىقى قاناتلىق ماشىنىلار ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا تىزىلىپ كەتكەنىدى.

«ئاپلاھۇئەكبەر، ماۋۇ ماشىنىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قىستىلىشىپ تۇرۇۋالغىنى نېمىسى ئەمدى... بۇگۇن چوڭ كەچۇرۇم ئېلان قىلىنىپ تۈرمىدىكى هەممەيلەن چىقامدۇ نېمە؟ ئەمدى نەگە قونارمەن، ئاسمانغا چىقىۋالغان بىلەن يەرگە چۇشمەك تەس گەپكەنغۇ، ماۋۇ ماشىنىلارمۇ مەن بىلەن قېرىشقاندەك هەممىسىنىڭ

مۇشۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان...»

مەردان تۇيۇقسىز ماشىنىسىنىڭ سىلكىنگىنىنى سېزىپ قالدى، ماشىنىسى دەل ئاشۇ قاناتلىق ماشىنىلارنىڭ ئۇستىگە ئۇچقاندەك تېزلىكتە چۇشۇۋاتاتتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن ماشىنىسىنىڭ رولىنى ھەر يانغا تولغاپمۇ ئۇنى زادىلا توختىتالمىدى، ئۇ بايا تورمۇز دەسسەشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى يادىغا كېلىپ تۇرمۇز دەستىسىنى دەسسىشى بىلەنلا ماشىنا موللاق ئېتىشقا باشلىدى.

«ئاپلا، چاتاق بولدى! ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، ماشىنامۇ تۈگىشىدىغان بولدى، جەۋھەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم...»

گۇپپىدە قىلىپ كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەن مەردان ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ سۆرىلىپ چۈشكەن يوتقاننى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ قىزىل دۇخاۋا پەردىنى قايرىدى. تاڭ يورۇۋاتقاچقا شەرق تەرەپ قىزىرىشقا باشلىغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئويلاپ ئانىسىنىڭ: «بالام، سەھەردە كۆرگەن چۈش ئوڭغا تارتىدۇ، ئۇچۇپ كەتكىنىڭ دۆلەت، موللاق ئاتقىنىڭ مەينەت» دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ كۆڭلى بىرقىسما بولدى. «چۈش دېگەن يالغان نېمە، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئىشىنىش توغرا كەلسە ھەممە ئادەم سەھەردە كۆرگەن چۈشىگە قاراپلا ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ مېڭىپ كەتمەسمىدى» دېگەن خىياللار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ماشىنا توسۇلۇش ۋەقەسى بولغاندىن كېيىن ئۇ چۈشكە، بولۇپمۇ سەھەردە كۆرگەن چۈشكە ئىشىنىپمۇ قالدى ھەم چۈشنىڭ ئەسلىي بۇگۈنكى مۇشۇ پالاكەتچىلىكنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ماشىنىلار توسۇلۇپ، مېڭىش تەسكە توختىغانسېرى مەردانىنىڭ جەھلى قېتىشقا باشلىدى، مانا يېرىم سائەتتىلا يېتىپ بارىمەن دېگەن يېرىگە بىر سائەتتىمۇ بېرىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەردانىنىڭ پېشانىسى بۇژۇلداپ تەرلەشكە باشلىدى. ساي يولىدىن باشقا يولغا چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا چۇمۇلە مېڭىشىدا مېڭىش ئۇنى ھارغۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كەتكەن ماشىنىلار ئارىسىدا يول چىقىرىپ باشقا يولغا چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ يەتتە قات ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ تەس بىلىنىۋاتاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ سەھەردە كۆرگەن چۈشى ئوڭغا تارتىۋاتاتتى.

ــ بالام، ــ دېدى ئايخېنىم پات ـ پات سائىتىگە قاراپ ئالدىدىكى ماشىنىلارغا سىگنال ئۇرۇپ ئولتۇرغان مەردانغا، ــ بۇنىڭدىن باشقىمۇ يول يوقمىدى، ئەجەب بىر يولغا كىرىپ قاپتۇق، قاچانمۇ چىقارمىز بۇ قىستاڭچىلىقتىن.

ــ ئالدى تەرەپتە قاتناش ھادىسىسى بولغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى مەردان يېنىدا ئولتۇرغان ئايخېنىمنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ــ ئادەتتە بۇ يولدا مۇنداق قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتمەيتتى، بۈگۈن شۇنداق بولۇپ قالدى، ساقچىلار بۇ

ئىشنى بىر دەمدىلا ئوڭشايدۇ، خاتىرجەم بولسىلا، بىز چوقۇم دېگەن قەرەلدە يېتىپ بارىمىز.

— ئەگەر ۋاقتىدا بارالمىساق قىزىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالامدۇ. ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن جىق ماشىنا بۇ! ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك جىق بىرنېمىلەرنى يەر كۆتۈرىدىكەن، ۋاي جېنىم قىزىم، بىز دېگەن قەرەلدە يېتىپ بارالمىساق شۇ يەردە بويۇن قىسىپ تۇراسەنمۇ؟!

مەردان بۇنداق ئاۋارىچىلىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بالدۇرراق يولغا چىقمىغانلىقىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ تېرىكىپ تۇرغاندا، ئايخېنىمنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

ئۇلار تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە سائەت نەق ئون يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، مەردان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا جەۋھەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى، ئايخېنىم پەسكە چۈشۈپ تۆت ئەتراپقا قاراپ قىزىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى.

— بالام، ئۇلار نېمىشقا قىزىمنى تېخىچە قويۇپ بەرمىگەندۇ؟ بېرىپ سوراپ باقسىلا ئاۋۇلاردىن، — دېدى ئۇ دەرۋازا ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىككى ساقچىنى كۆرۈپ.

مەردان ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

— بىز بۈگۈن قويۇپ بېرىلىدىغان جەۋھەر دېگەن قىزنى ئالغىلى كەلگەنىدۇق، سائەت ئوندا تۈرمىدىن چىقىمەن دەپ خەۋەر بەرگەنىدى، ماشىنا يولدا توسۇلۇپ قېلىپ سەل كېچىكىپ قالدۇق...

— جەۋھەرنى دەل سائەت ئوندا قويۇپ بەرگەنتۇققۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك ساقچى

ئايال مەردان سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا جاۋاب قايتۇرۇپ، — ئۇ مەردان ئالدىمغا چىقىدۇ دېگەنتى، مەن دەل ئۇلارنىڭ ئەترىتىنى باشقۇرىدىغان ئالدە دېگەن ساقچى، دېسەم - دېمىسەم سىز مەردانغۇ دەيمەن؟!

— شۇنداق، مەن مەردان، — مەردان ئالدەنىڭ ياخشى نامىنى جەۋھەرنىڭ خەتلىرىدىن بىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇ ئايال ئۇنىڭغا شۇنداق سالاپەتلىك ھەم ئاق كۆڭۈل كۆرۈندى، — مەن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، جەۋھەر يازغان خەتلىرىدە سىزنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تۇراتتى.

— بالام، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

ئايخېنىم ئايپەرى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جەۋھەرنى سائەت ئوندا قويۇپ بەرگەن دەۋاتىدۇ، بىز سەل كېچىكىپ قالغاچقا ئۇ ساقلاپ بولالماي كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— جېنىم قىزىم، — دېدى ئايخېنىم بىردىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ، — نەلەردە يۈرىدىغانسەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ... تۇرمىدىن چىقسام مېنى ئالغىلى ھېچكىم كەلمەپتۇ دەپ زار - يىغلاۋاتامدىغانسەن؟!

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئانا، — دېدى ئالدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — جەۋھەر ئۇنداق مىشچانلاردىن ئەمەس جۇمۇ... ئۇ ھازىر ئاجايىپ قەيسەر بىر قىزغا ئايلاندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئوڭاي چىقمايدۇ ھازىر... مۇشۇ مەردان دېگەن يىگىت ئۇنىڭغا مەردانىلارچە ياشاشنى ئۆگەتتى.

— قېنى ئەمىسە ئۆزلىرى ماختىغان ئۇ قىز؟ — دېدى ئايخېنىم ئالدەگە قاراپ تىترىككەن ھالدا كۆز ياشلىرىنى

تۇتۇۋالماي،ــ «ئاپاملار مېنى ئالغىلى كېلىدۇ» دەپ مۇشۇ يەردە يېرىم سائەت ساقلىغانغا ئۆلەمتى، مانا يېرىم سائەت كېچىككەنگە چىدىماي كېتىپ قاپتۇغۇ، ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ يەردە ئون تۆت يىل يېتىپ ئاران بىر چىققاندا بىزمۇ ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق. ئۇمۇ بىردەم ساقلاشقا چىدىماي كېتىپ قالغىنى نېمىسى ئەمدى؟ نەگىمۇ كەتكەندۇ بىچارە قىزىم، نەلەردە تەمتىرەپ يۈرگەندۇ ئۇ...

ئالىدەنىڭمۇ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

— قىزلىرى نەگە كېتەتتى، ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ، ئاچا،ــ دېدى ئالىدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى بەزلەپ،ــ كۆڭۈللىرىنى ھەرگىز يېرىم قىلمىسىلا، ئۇ كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ باشقا يەرگە ھەرگىز كەتمەيدۇ.

— نەگە كېتىدۇ ئەمىسە؟

— نەگە كېتەتتى، مۇشۇ كوچىدىكى ئوغۇللىرىنىڭ رېستورانىغا كەتمەمدۇ.

— ئۇ مەردانجاننىڭ رېستوران ئاچقىنىنى بىلگىنى بىلەن كۆرگىنى يوق تۇرسا،ــ دېدى ئايخېنىم يەنە مىشىلداپ يىغلاپ،ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇمچىنىڭ ھېچقانداق بىر يېرىنى بىلمەيدۇ، ئۇ رېستوراننى قانداق تاپىدۇ؟

— ۋاي ـ ۋۇي، مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىۋاتاملا،ــ دېدى مەردانمۇ يول ياقىسىدىكى بىر نەچچە ماگىزىن، ئاشخانىلارنى ئارىلاپ قايتىپ كېلىپ،ــ ئۇ رېستوراننى قايسى كوچىدا ئاچقانلىقىمنى، رېستوراننىڭ ئىسمىنىمۇ ناھايىتى

ئوبدان بىلىدۇ، مەن خىيتىمدە ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم يېزىپ قولىڭىزغا سىڭدۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئېزىپ قالىدىغان زامانمۇ ئەمەس، تاكسىچىلارغا بارىدىغان نىشاننى ئېنىق دەپلا بەرسە ئىشىك تۈۋىگىچە ئاپىرىپ قويىدىغان تۇرسا، نېمىدىن ئەنسىرەيلا؟ قېنى، چىقىسىلا ماشىنىغا، ماۋۇ دۇكانلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ كەلدىم، يوق تۇرىدۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا بىزنى ئىشى چىقىپ قىلىپ كېلەلمىدى، دەپ ئويلاپ تاكسى توسۇپ رېستورانغا كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئايخېنىم ئاخىرقى قېتىم يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ماشىنىغا چىقتى، لېكىن كۆڭلى يەنىلا ئەنسىز داۋالغۇپ تۇراتتى. خىيالىغا قىزى تۇيۇقسىز بىرەر لۈكچەككە ئۇچراپ قالىدىغاندەك ياكى ئۇ رېستوراننى تاپالماي ئېزىپ كېتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي قالىدىغاندەك ئويلاپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇۋاتاتتى. مەردان ئايخېنىمنىڭ جىددىيلىشىپ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ بايا ئايخېنىمنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن ئۆزلىرىنى بىرئاز ساقلاپ تۇرمايلا كېتىپ قالغانلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتاتتى. جەۋھەر مەرداننىڭ يان تېلېفون نومۇرىنى بىلىدىغان تۇرۇپ نېمىشقا ھازىرغىچە تېلېفون قىلىپمۇ قويمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىۋاتاتتى ھەمدە بۇ ئىشتىن بىرئاز غەيرىيلىك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىياللىرىنى ئايخېنىمغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ موتورنى زىۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىغا قارىدى.

— ئىشتىن چۈشكەن بولسىڭىز مەن ئالغاچ

كېتەي،ــ دېدى مەردان ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئايخېنىم بىلەن خوشلىشىۋاتقان ئالىدەگە قاراپ.

ــ رەھمەت ياخشى كۆتۈلىگىزگە،ــ دېدى ئالىدە كەينىگە داجىپ،ــ بىزنىڭ دىجورنى ماشىنىمىز ھازىرلا كېلىدۇ، سىلەر كېتىۋېرىڭلار.

ــ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، ۋاقتىڭىز بولسا كەچتە رېستورانىمغا كېلەلەمسىز؟ بىز بۈگۈن جەۋھەرنىڭ قايتىپ چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ كەڭتاشا ئولتۇرايلى، بۇ مېنىڭ ھەم جەۋھەرنىڭ سىزگە بولغان رەھمەت چېيىمىز بولۇپ قالسۇن.

ــ رەھمەت،ــ دېدى ئالىدە قولىنى خوشلىشىش مەنىسىدە پۇلاڭلىتىپ،ــ بۈگۈن كەچتە ئازراق ئىشىم بار، باشقا بىر كۈنى بارارمەن، مەندىن جەۋھەرگە سالام دەڭ، تويىغا چاقىرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىسۇن جۇمۇ.

ــ چوقۇم چاقىرىمىز سىزنى،ــ دېدى مەردان ماشىنىسىنى قوزغاپ،ــ خوش، خۇدايىمغا ئامانەت.

ئالىدە ئۇلارنىڭ ماشىنىسى كۆزدىن يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «جەۋھەر نېمىشقا بۇلارنى ساقلىماي كېتىپ قالغاندۇ؟ ئاخشاملا قىن ـ قېنىغا پاتمىغان ھالدا ئۆزىنى ئالغىلى مەردانىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىنى، ھازىرغىچە توي قىلماي ئۆزىنى ساقلىغانلىقىنى، بۇنداق مۇھەببەتنىڭ جاھاندا ئىككىنچىسى تېپىلمايدىغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بولغاندا ئۇ يېرىم سائەت كېچىكىپ قالسا شۇنىڭغا ئاچچىقلاپ كېتىپ قالغىنى نېمىسى ئەمدى؟

ياكى ئۇ ئىشكتىن چىقىپلا بىرەر ئەسكى ئادەمگە ئۇچراپ قالغانمىدۇ؟ مەردانىنىڭ يان تېلېفون نومۇرىنى بىلىدىغان تۇرۇپ ئۇنىڭغا تېلېفونمۇ قىلماي يوقاپ كەتكىنىگە قارىغاندا بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ، ۋاي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇنداق كۈننى بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقتا ئەمدى كۆرسەتمىگەي خۇدايىم» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى.

مەردانىنىڭ ماشىنىسى يەنئەن يولىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاۋات كوچىغا جايلاشقان «ئاراقۇم رېستورانى» نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. رېستورانىنىڭ ئالدىدا قەيسەر بىر ماشىنىغا بېسىپ كەلگەن ئۇن، گۈرۈچ، ماي، كۆكتاتلارنى كۈتكۈچىلەرگە توشۇتۇۋاتاتتى، ئۇ مەردانىنىڭ ماشىنىسى توختاش بىلەنلا ئىتتىك مېڭىپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشكىنى ئاچتى ـ دە، ئانىسى ئايخېنىمنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ پەسكە چۈشۈردى، شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ چىرايىغا قارىدى.

— بالام، ئاچاڭ كەلدىمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئايخېنىم.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ئاپا؟ — دېدى قەيسەر ماشىنىنىڭ كەينى ئىشكىدىن چۈشكەن يەڭگىسىگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — سىلەر ئاچامنى ئالغىلى كەتكەنتىڭلارغۇ؟ نېمە ئىش بولدى ئەمدى؟

— نېمە؟ ئۇ كەلمىدىما؟ — بىردىنلا يىغلى چىققان تۈپتەك يۇمشاپ كەتكەن ئايخېنىم ھوشىدىن كەتتى. قەيسەر ئىتتىك ئۇنى يۆلىۋالدى.

— ئاپا، — دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئايپەرى ئايخېنىمنىڭ يەنە بىر قولتۇقىدىن يۆلىدى.

— نېمە بولدى؟ ئاچامغا بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟

— ئاچام يوق تۇرىدۇ، بىز ماشىنا توسۇلۇپ قېلىپ يېرىم سائەت كېچىكىپ قاپتۇق، ئۇ بىزنى ساقلىماي كېتىپ قاپتۇ.

ماشىنىدىن چۈشۈپلا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان مەردان نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ بېشىنى ئۇۋۇلاپ، كالپۇكىنىڭ ئۇستىنى بىگىز بارمىقىدا بېسىپ ئانىسىنى ھوشىغا كەلتۈرگەن قەيسەر ئانىسىنى يەڭگىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ مەردانغا قارىدى.

— بۇ نېمە ئىش، ئاكا؟ ئاچام راستتىنلا يوقاپ كەتتىما؟ تۇرمە ساقچىلىرىدىن سوراپ باقتىڭلارمۇ؟ بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىپ بۇگۈن قويۇپ بەرمىگەن بولسا...

— ساقچىلار سائەت ئوندا قويۇپ بەرگەن دەۋاتىدۇ، — دېدى مەردان ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇنداق قىلايلى، ئۇكام، سىز ئاۋۋال ئانىڭىزنى ئاچىقىپ ئىشخانامدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇڭ، يەڭگىڭىز ئانىڭىزغا قاراپ تۇرسۇن. ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، ئۇكام، بۇ شەھەرنىڭ بەزى تاكسىچىلىرى يول بىلمەيدىغان، سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرنى ئۇقۇپلا قالسا نىشانغا دەل يەتكۈزمەي بىر نەچچە كوچىنى ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ئەكېلىدۇ، ئۇنىڭدا پۇلىنى جىقراق تاپىدۇ ئەمەسمۇ، جەۋھەر ئاشۇنداق ماشىنىدىن بىرسىگە ئۇچراپ قالغان ئوخشايدۇ، بىز بۇ ئىشلىك ئالدىدا ئۇنى بىردەم ساقلاپ باقايلى...

— جىنىم بالام، نەلەردە تاسقىلىپ يۈرىدىغانسەن، بىزنى بىردەم ساقلىساڭ بولمامدۇ... — ئايخېنىمنىڭ

يىغا ئارىلاش چىققان بۇ ئاۋازى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى شۇ تەرەپكە ئاغدۇردى.

— ئاپا،— دېدى قەيسەر ئىتتىك كېلىپ ئاپىسىنى يۆلەپ رېستورانغا ئەكىرىۋېتىپ،— بىر ئاز تەخىر قىلايلى، سەن ئارام ئالغاچ تۇر، ئاچام بىردەملەرگىچە كېلىپ قالىدۇ.

— شۇنداق، سىلى بىردەم بىزنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ يېتىپ ئارام ئالسىلا،— دېدى مەردانمۇ ئايخېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن،— مەن تالادا بىردەم ساقلاپ تۇراي، جەۋھەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنى باشلاپ يانلىرىغا ئەكىرىمەن.

ئۇلار رېستورانغا كىرىپ كېتىشى بىلەن مەردان بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، چۈنكى ئۇ جەۋھەرنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىنى ئەمدى قانداقتۇر ئۇلارنى يېرىم سائەت ساقلاشقا چىدىماي كېتىپ قالغانلىقتا ئەمەس، بەلكى بىرەر شۇملۇققا تىرەپ ئانالىز قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى جەۋھەر يېرىم سائەتكە چىدىمايدىغان تاۋى نازۇك قىزلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ بىرەر ئاممۇۋى تېلېفونخانىدا ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇراتتى. ئەجەبا، ئۇ بۈگۈن تېلېفونمۇ ئۇرماي يوقاپ كېتىشى بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بېشارىتى، بولمىسا ھە...

— ئاكا،— مەردان قەيسەرنىڭ ئاۋازىدىن ئېسىگە كەلدى،— نېمە ئىش بولغانتى؟ ئاچام يا بۈگۈن تۇرمىدىن چىقماي قالمىغاندۇ ـ ھە، سىز سورىغان ساقچىلار بىلمەي قېلىپ شۇنداق جاۋاب بېرىپ قويمىغاندۇ؟

— چىقمىشى چىقىپتۇ،— دېدى مەردان چېكىۋاتقان تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى ئېزىپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن

كىيىن، ــ بىزگە جەۋھەرنىڭ ئەترىتىگە مەسئۇل ساقچى ئۇچرىدى، ئۇ جەۋھەرنى دەل سائەت ئوندا قويۇپ بەرگەن دەۋاتىدۇ، بىراق بىز ساي يولىدا ماشىنا توسۇلۇشقا ئۇچراپ ۋاقتىدا بارالماي قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوقاپ كېتىپتۇ.

ــ چوپچوڭ ئادەم قانداقلارچە يوقاپ كېتىدۇ، ئاكا؟ ــ دېدى قەيسەر بىرئاز تېرىكىپ، ــ ئاچام يەنە بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

ــ ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئۇنداق ئىشنى خۇدايىم بىزگە ئەمدى كۆرسەتمىگەي.

ــ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقىنى، ئاكا، ــ دېدى قەيسەر ئەنسىزلىك بىلەن، ــ ئاچام بىزنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىمىزنى بىلىدىغان تۇرسا نېمىشقا ھازىرغىچە بىرەرىمىزگە تېلېفون بەرمىگەندۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، ئۇكام، ــ دېدى مەردان چوڭ يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ــ ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا ئۆزىنى بىرەرسىنىڭ ئالغىلى كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يامانلاپ قېلىپ بىرەر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنداقراق ئويلاۋاتىمەن، «ئون تۆت يىل يېتىپ ئاران چىققاندا ئالدىمغا ھېچكىم كەلمەپتۇ» دەپ ئاچچىقلىنىپمۇ ئاچچىقلىغاندۇ، ھەراست، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا يۇرتقىلا قايتاي دەپ بېكەتكە كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ تېخى ئاپامنىڭ بۇ يەرگە چىققانلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ.

ــ بۇ ئىشنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ــ دېدى مەردان بىردىنلا جانلىنىپ، ــ ئۇ چوقۇم مەندىن رەنجىگەن

گەپ، «شۇنچە يىل مېنى ئالداپ كەپتۇ، ئۇنىڭ قىلغانلىرى پەقەت كۆڭلۈمنى ياساش ئۈچۈنلا ئوخشايدۇ، مېنى ئالغىلى چىقمىغاندىكىن، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن» دەپ ماڭا قىيىداپ شۇنداق قىلسىمۇ قىلىدۇ جۇمۇ ئۇ تاۋى نازۇك، ئىككىمىز شاپپىدە بىكەتكە بېرىپ باقامدۇق بولمىسا.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى قەيسەر ماشىنىنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، — ماشىنىنى مەن ھەيدەي، شۇ تاپتا سىزنىڭمۇ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، بىز ئاچامنى تېزرەك تېپىپ كەلمىسەك ئاپام تۈگىشىپ كېتىدۇ، مۇشۇ ئاچام تۇرمىگە كىرىپ كەتكەندىن بۇيان ئاپام يۈرەك كېسىلى بولۇپ قېلىپ، تۇرۇپ ئايلىنىپ قالىدىغان ئىشنى تېپىۋالدى.

قەيسەر ماشىنىنى شۇنداق قوزغىتاي دەپ تۇرۇشىغا مەردانىنىڭ يان تېلېفونى سايراپ كەتتى، مەردان ئالدىرىغىنىدىن تېلېفون نومۇرىغا قاراپمۇ قويماي سۆزلىشىش كۇنۇپكىسىنى باستى.

— ۋەي، — دېدى مەردان تېلېفوننى قۇلىقىغا يېقىن تۇتۇپ، — سىز كىم، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما، — دېدى بىر خىرىلداق ئاۋاز، — سەن مەردانغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، مەن مەردان، مېنىڭدە بىرەر ئىشىڭ بارمىتى؟ — مەردان تېلېفون بەرگۈچىنىڭ قوپاللىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، چاندۇرماي سىلىقراق سۆزلەپ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تېلېفون بەرگەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. بەزى كۈنلىرى مۇشۇنداق قوپال

خېرىدارلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرى بايان قىلىنىدىغان تېلېفونلارنى ئېلىپ قالىدىغان بولغاچقا شۇنداق تېلېفونلارنىڭ بىرسى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. لېكىن، ئاۋازىدىكى قوپاللىق ئۇنى يەنىلا ئەنسىزلىككە سېلىپ تۇراتتى.

— سەندە ئىشىم بولمىسا تېلېفون قىلامتىم، سەن تاپىنلىق هازىر ئۆزۈڭنىڭ مەشۇقىنى تاپالماي ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يېگۈدەك بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىسەن شۇنداقمۇ؟ بولدى، ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەيلا قوي، ئۇ هازىر مېنىڭ قولۇمدا.

مەردانىنىڭ پېشانىسى بۇژژىدە تەرلەپ يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز سېلىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ باياتىن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەرگەنىدى.

— سەن كىم؟ — دېدى مەردان ماشىنىدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ، — نېمىشقا بىر ئاجىز قىزنى بوزەك قىلىسەن؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ ساڭا مۇشۇ قىز كېرەكقۇ ـ هە، ماڭىمۇ تاراقلاپ سانايدىغان پۇل كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ... شۇڭا مەن ئۇ تومۇچۇقۇڭنى تۇتۇۋالدىم، مەن دېگەن پۇلنى ئەكەلسەڭ قىزىڭنى ئېلىپ كېتىسەن، بولمىسا بۇ قانجۇقنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— بىز ساڭا هېچقانداق يامانلىق قىلمىساق نېمىشقا مۇنداق رەزىل ئىشنى قىلىسەن هەي رەزگى، — دېدى مەردان چىڭقىلىپ.

— ماڭا ئۇنداق تىل سالما، مېنىڭچۇ هەر ئىككىڭدە خۇن قەرزىم بار، بۈگۈن شۇ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما.

— سەن زادى كىم؟ — دېدى مەردان ۋارقىراپ

تۇرۇپ،ــ بىزنىڭ ساڭا زادى قانداق خۇن قەرزىمىز بار؟
ــ سەن تېخىچە مېنى تونۇمايۋاتامسەن، مەن دېگەن جاپپار، جاپپارنىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ دەيمەن، ئەمدىغۇ مېنىڭ سىلەردە قانداق قەرزىم بارلىقىنى بىلگەنسەن، ئەمدىچۇ ماڭا ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلماي بىر مىليون پۇل تەييارلا، ئاشۇ پۇلنى بەرسەڭلا بۇ قانجۇقىڭغا ئىگە بولالايسەن، بولمىسا...
ــ ۋۇ رەزگى، داشقال... ئۆلۈم تەگمىگەن سارالڭ،ــ مەردانىنىڭ پۈتۈن بەدىنى غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى،ــ ئەگەردە جەۋھەرنىڭ بىرەر تال مويىغا تېگىدىغان بولساڭ سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن.
ــ مېنى بۇ گەپلىرىڭ بىلەن قورقۇتالمايسەن، سەن كەچكىچە بىر مىليوننى تەييارلايدىغان ئىشنى قىل، مەن ساڭا چۈشتىن كېيىن تېلېفون قىلىمەن، ئەگەر بۇنى ساق پېتى تاپشۇرۇۋالىمەن دېسەڭ خۇپسەنلىك قىلماي پۇلنى تەييارلا. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن دېگەن جاندىن تويغان ئادەم، نامەردلىك قىلىپ ساقچى چاقىرساڭ ياكى پۇلنى تولۇق تەييارلىمىساڭ مەندىن ھەرگىز رەنجىمە.
جاپپار شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا تېلېفوننى بېسىۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغان قەيسەر مەردانىنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى، شۇ تاپتا كۆزىگە ياش يامرىغانىدى.
ــ ئاچامنى تۇتقۇن قىلغان ئوخشىمامدۇ، ئاكا؟ــ دېدى قەيسەر كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋېتىپ.
ــ شۇنداق،ــ دېدى مەردان رېستوراننىڭ ئالدىدىكى

پەشتاقىقا ئۇلتۇرۇپ، ـــ ئۇنى جاپپار دېگەن ھېلىقى مەلئۇن تۇتقۇن قىلىۋاپتۇ.

ـــ قايسى جاپپار؟!

ـــ قايسى جاپپار دەيسەنغۇ؟ ـــ دېدى مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ سىلەرنىڭ ھېلىقى ئۆگەي ئاكاڭلار جاپپار بولمامدۇ، مەن نېمىشقا ئۇنى ئالغىلى بۇرۇنراق ماڭمىدىم دەيمەن، ئۇ بىزدىن بىر قەدەم ئالدىدا بېرىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ ئەمەسمۇ... بۇرۇنراق ماڭغان بولسام جەۋھەر ئۇ مەلئۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمايتتىغۇ؟

قەيسەر مەرداننىڭ ئۆزىنى كاچاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قولىنى تۇتۇۋالدى.

ـــ ئاكا، ئۇ جاھان سارىڭىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ ئولتۇرماي ئاچامنى قۇتقۇزىدىغان بىر ئىش قىلايلى، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ پۇل سوراۋاتامدۇ؟

ـــ بىر مىليون سوراۋاتىدۇ.

ـــ بىر مىليون؟ ـــ قەيسەر چۆچۈپ كەتتى.

ـــ بىر مىليوننىغۇ تەييار قىلغىلى بولىدۇ، ـــ دېدى مەردان يېنىك تىترىگەن ھالدا، ـــ لېكىن جەۋھەرنىڭ بىزگە سالامەت قايتىپ كېلىشىگە ھۆددە قىلماق تەس گەپ، ئۇكام، بۇ گۇينىڭ بالىسى ھازىر ئاغزىنى يوغان ئاچقىنى بىلەن پۇلنى ئېلىپ تۇرۇپمۇ جەۋھەرگە بىرەر زەرەر يەتكۈزۈپ قويمىغىيتتى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

ـــ جاپپارنىڭ ئاچامنى تۇتقۇن قىلىۋالغانلىقىنى ئاپام ھەرگىز بىلمىسۇن، ئاكا، بولمىسا ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ بىزگە ئىش تېرىپ بەرمىسۇن يەنە.

— مەن تېزرەك بانكىغا باراي، ئۇكام، سەن كىرىپ ئاناڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال، بانكىغىمۇ بۇرۇنراق خەۋەر قىلىپ قويمىسا بىر مىليوننى ئۇنداق تېزلىكتە چىقىرىپ بېرەلمەيدۇ. مېنى ئاپاڭ سوراپ قالسا «ئاچامنى ئالغىلى كەتتى، ئاچام ئەسلىي سىلەرنى ساقلىغاچ شۇ ئەتراپتىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپتىكەن، سىلەر ئۇنى تۇزۇك ئىزدەپ باقمايلا كېتىپ قاپسىلەر، ئاچام ھازىر تېلېفون قىلدى» دەپ قوي.

— توختاپ تۇرۇڭە، ئاكا،— دېدى قەيسەر ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان مەرداننى مېڭىشتىن توختىتىپ،— جاپپار دېگەن تەلۋە ئاچام بىلەن سىزنى تۇرمىگە سولىتىۋەتكەن، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولسىمۇ ھازىرغىچە قانۇن تورىغا چۈشمەي كېلىۋاتقان ئادەم، بىزمۇ قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يەنە قاقتى - سوقتى قىلىشىغا يول ھازىرلاپ بېرىمىزمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ گۈينىڭ بۈگۈن قىلغان مۇشۇ جىنايىتى ئۈچۈنلا نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىشىغا ئاشىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭ مۇشۇ قىلغىنى ئۈچۈن تويغۇزۇپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز پۇلنىمۇ تەييارلايلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئىشنى ساقچىلارغىمۇ مەلۇم قىلىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئاچامنى قۇتقۇزىدىغان ئىش قىلايلى.

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن،— دېدى مەردان بىردەم تۇرغاندىن كېيىن،— جاپپار بىر تەلۋە، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.ئەگەر بىز بۇ ئىشنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ قويساقمۇ ياخشى بولىدۇ، بىراق بۇ ئىشقا ساقچىلار ئارىلىشىپ قالسا جەۋھەرگە

ئالـىمادىس زىـيان ـ زەخمەت يېتىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن.

ــ ئۇنداق بولمايدۇ، بىز پۇلنى تەييارلاپ ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىگە بېرىۋېرىمىز، ساقچىلارمۇ ئىز بېسىپ كېلىۋېرىدۇ، هازىرقى تەرەققىياتتىن قارىغاندا تېلېفون ئۇرۇلغان جاينى ساقچىلار بىردەمدىلا مۇقىملاشتۇرۇپ بولىدۇ، شۇڭا بىز ساقچىلارغا ئامال بار ماسلىشىپ ئۇ نىجىسنى قانۇن تورىغا چۈشۈرۈشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىساق ئۇ بىزگە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ ئارام تاپقۇزمايدۇ، ئاكا...

تېلېفوننىڭ سايرىشى قەيسەرنى سۆزلەشتىن توختاتتى، قەيسەر ئىتتىك تېلېفونغا قارىدى ـ دە، سۆزلىشىش كۇنۇپكىسىنى باستى.

ــ ئاكام تېلېفون قىپتۇ،ــ دېدى ئۇ مەردانغا قاراپ قويۇپ تېلېفوننى قۇلىقىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ،ــ ۋەي ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سوتىڭ ئاخىرلاشتىمۇ؟

ــ سوت ئاخشام تۈگىگەن، ئەتىگەن ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ بىر كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلىپ يولغا چىقتىم، يەنە يېرىم سائەتلەردىلا يېتىپ بارىمەن، هە، ئاچامنى قايتۇرۇپ كەلدىڭلارمۇ؟ ئۆزى ئوبدان تۇرۇۋېتىمۇ؟...

قەيسەر بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلمەي مەردانغا قارىدى، مەردان ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ «بۇ ئىشنى ئاكاڭغا ئاشكارىلىما» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى، لېكىن قەيسەر ئاكىسىدىن بۇ سىرنى يوشۇرغۇسى كەلمىدى.

ــ ئاكا،ــ دېدى ئۇ يىغلامسىراپ،ــ ئاچامنى جاپپار

دېگەن ھېلىقى قارا يۈز پاناق تۇتقۇن قىلىنىۋاپتۇ، ئۇ مەردان ئاكامدىن بىر مىليون سوراۋاتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن ئەمدى، ئاچام ھازىر قانداقكەن؟ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىغاندۇ ـ ھە؟— شۇ تاپتا كەۋسەرنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى،— ئۇكام، پۇلنى تەييارلايلى، لېكىن ئۇ ئۇلۇم تەگمەيدىغان مەرەزنى شۇنداقلا قويۇۋەتسەك زادى بولمايدۇ، ئۇ بۇ قېتىم چوقۇم قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشى كېرەك، بىزنى ئاز بوزەك قىلدىمۇ بۇ مۇتتەھەم ئەبلەخ. مۇنداق قىلايلى، سىلەر پۇلنى تەييارلىغاچ تۇرۇڭلار، مەن بىردەمدىلا يېتىپ بارىمەن، سىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ساقچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ دېلو مەلۇم قىلىڭلار.

تېلېفون ئۈزۈلگەندىن كېيىن قەيسەر خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك مەردانغا يەر تېگىدىن قارىدى.

— ئاكامنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىگە يېرىم سائەتلا قالغان تۇرسا،— دېدى قەيسەر مەرداننىڭ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق بىلەن شوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،— شۇڭا ئۇنىڭغا راست گەپنى قىلغۇم كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكام بەش يىل قانۇن ئوقۇغان، بۇنداق ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشتا ئۇ قىلچە خاتالاشمايدۇ، ئۆزىڭىزمۇ ئاڭلاپ تۇردىڭىز، ئاكا، بىز ساقچىلارغا دېلو مەلۇم قىلايلى، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مۇناپىقنى بۇ قېتىم بوش قويۇۋەتسەك ھەرگىز بولمايدۇ.

— بوپتۇ، ئەمىسە مەن پۇلنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي، سەن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو

مەلۇم قىل، ئىشقىلىپ جەۋھەرنى ئۆلارنىڭ قولىدىن ساق پېتى قايتۇرۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. ھەراست، جاپپار ماشا بايا ئۇرغان تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋال، ساقچىلارغا كېرەك بولىدىغىنى دەل مۇشۇ ئىسپات.

※ ※ ※

جاپپار ياتاقىقا قايتىپ كىرگەندە مايسەم ياندىكى كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتاتتى، جەۋھەر ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشكەن كېيىكتەك كۆزلىرىنى ھەر يان تىكىپ ئامال بولسا بوشىنىۋېلىش ئۈچۈن مىدىرلاپ ياتاتتى، ئۇ جاپپار ياتاقىقا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئەندىككەن ھالدا قارىدى.

— ھە، قانداق؟ تېلېفون بېرەلىدىڭما؟ نومۇرى خاتا ئەمەستۇ؟ — دېدى مايسەم سەل ئۆرە بولغان ھالدا جاپپارغا قاراپ.

— نومۇرى توغرىكەن، بۇ قانجۇقىمۇ جان كېرەكتە، خاتا نومۇر دەپ بەرسە ئۆزىنىڭ نېمە بولىدىغىنىنى ئوبدان بىلىدۇ ئۇ، — دېدى جاپپار جەۋھەرنىڭ پىيالىدەك چەكچىيىپ كېتىۋاتقان كۆزىگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — لېكىن ئۇ بايۋەچچە تېلېفوننى ئېلىپ مەندىن بەكرەك ۋارقىرايدۇ تېخى، مىليوننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ مېنى تىللاپلا كەتتى دېمەمسەن.

— ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاپ قويمىغانسەن؟

— ئاچچىقىمدا «مەن دېگەن جاپپار، ھەر ئىككىڭدە ئالىدىغان خۇن قەرزىم بار» دېۋىدىم، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى قارا.

— ۋۇ پوق يەيدىغان كالۋا،— دېدى مايسەم ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ،— مۇشۇ يەردىن چىققىچە نەچچە تاپىلىدىم سەن پىتىر قۇلاققا، ئىسمىڭنى ھەرگىز ئاشكارىلىما، ئاشكارىلاپلا قويساڭ ئىش بۇزۇلىدۇ دەپ تۇرسام قىلىغان قىلىقىنى بۇ ساراڭنىڭ. تېلېفوننى ئۆزۈم ئۇرغىلى باراي دېسەم سەن كالا پوقىنى جەۋھەرگە چېقىلىپ قويۇپ ئىشنى بۇزمىسۇن، دەپ تېلېفون ئۇرۇشقا چىقارسام ئۇ يەردىمۇ ئىشنى بۇزۇپ كىرگىنىنى بۇ لەقۋانىڭ. ئەمدىچۇ، ئىككى پۇتۇم بىر ئۆتۈككە تىقىلىدى، تۈرمىدە ياتىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاۋەر ئۆزۈڭنى.

— نېمىشقا ئۇنداق بولىدىكەن ئەمدى،— دېدى جاپپار مايسەمنىڭ قايناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن سەل ئەنسىرىگەن ھالدا،— مەن تېخى مەردان ئىسمىمنى ئاڭلىسا پۇلنى ئىتتىكرەك ئەكېلەمدىكىن دەپ شۇنداق دېگەن تۇرسام، ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئەگەر بۇ ئىشنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلساڭ جەۋھەرنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن، مەن جاندىن تويغان ئادەم، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل» دەپ قويدۇم.

— ئىسمىڭنى دېگىنىڭ ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەرگەنگە ئوخشاش ئىش،— دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى ھەر يان سىلكىپ،— ئۇ پۇلنى ئەكېلىپ بېرىپ جەۋھەرنى ئېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ سېنى ئوخشاشلا ساقچىلار تۇتىۋالىدۇ، ئۇ چاغدا بىر مىليونغۇ يوق، ياتار يېرىڭ سامانلىق دېگەندەك ئۇدۇل بېرىپ تۈرمىدە ياتىسەن كالۋا.

— ئۇنچىۋالا قورقۇتۇپ كەتمىگىنە مېنى،— دېدى جاپپار مايسەمنىڭ سۆزلىگەنچە تاتىرىپ

كېتمۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ــ بۇ ئىش ئۇنداقمۇ مۇرەككەپ بولۇپ كەتمەس، بىزچۇ پۇلنى ئېلىپلا يۇرتقا بارماي يىراقلارغا ياكى پاسپورت ئىشلەپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن ئادەمنى كىم تۇتالايدۇ دەيسەن، بىر مىليون پۇل دېگەن بىزنىڭ بىر ئۆمۈر خەجلىشىمىزگە يېتىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ ئەمدى ئۇنداق قۇرۇق خىيالنى قىلما،ــ دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ جەۋھەرگە قاراپ قويۇپ،ــ ئەمدى بىزگە جاننى ساقلاپ قېلىش مۇھىم بولۇپ قالدى، بۇ يەردە يېتىۋەرسەك ئىشىمىز چاتاق، شۇڭا ئورۇننى يۆتكىمىسەك بولمايدۇ.

ــ نېمىشقا يۆتكەيمىز؟ــ دېدى جاپپار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ،ــ بۇ يەر شۇنداق خالىي ئوبدان جايكەنغۇ؟

ــ ھەي كالۋا،ــ دېدى مايسەم ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىگىز بارمىقىنى تەگكۈزۈپ،ــ سېنىڭ مۇشۇ كاللاڭ ئىشلىمىدۇ زادى، مەردان ئەگەر بۇ ئىشنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ قالسا ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ جايغا كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، تېخى ساقچىلار ھازىر تېلېفون نومۇرى بولسىلا ئۇنىڭ نەدىن ئۇرۇلغان تېلېفون ئىكەنلىكىنى تېپىۋالارمىش، ئۇنداق بولۇپ قالسا ئۇلار بۇ ئورۇننى بىردەمدىلا ئېنىقلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلمەمدۇ.

ــ خاتىرجەم بول،ــ دېدى جاپپار تاماكا يۆگەپ ئولتۇرۇپ،ــ ئۇ ساقچىلارغا مەلۇم قىلىشتىن قورقىدۇ، چۈنكى مەن: «بىزنىڭ قولىمىزدىكى جەۋھەرنى ساق ئالىمەن دېسەڭ ساقچىلارغا مەلۇم قىلغۇچى بولما» دەپ

قويدۇم. ئۇ بۇ قاتىلنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، ئۇنداق تەنتەكلىك قىلىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ.

ــ ھەرھالدا سۇ كەلمەستە تۇغان سالغىنىمىز ياخشى،ــ دېدى مايسەم ئاچچىق موخوركىسىغا چاقماق يېقىپ ئۇنى مەززە بىلەن شوراپ ئولتۇرغان جاپپارغا قاراپ،ــ بۇ يەر پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىپ خاتىرجەم كېتەلەيدىغان يەر ئەمەستەك قىلىدۇ، ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ خېلى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمە ئەتراپىدا ساقچى دېگەن ساماندەك، ئۇلار بىردەمدىلا بۇ ئەتراپنى خۇددى خامان سورۇغاندەك تىنتىپ دان بىلەن ساماننى ئايرىپ بولىدۇ، شۇڭا بىز ئورۇننى يۆتكەپ كەتكىنىمىز ياخشىراقتەك تۇرىدۇ.

جاپپار ئويلىنىپ قالدى: «ئەگەر راستتىنلا ساقچىلارنىڭ تېلېفون ئۇرغان جاينى تېپىۋالىدىغان ماھارىتى بولىدىغان بولسا بۇ يەردىن يۆتكەلمەي بولمايدۇ... بىر مىليون پۇلنى بەرگۈسى كەلمەي ساقچىلارغا مەلۇم قىلسا تۈگىشىدىغان گەپ، لېكىن ئاغزى پىلاستىردا چاپلانغان، پۇت ـ قولى باغلانغان بىر قىزنى باشقا يەرگە يۆتكەش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مېھمانخانىدىن ئاچچىقىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۇشەققەت، مۇشۇنداق يەرلىرىنى ئويلىمايلا بىرنەرسە دەيدىيا بۇ خوتۇن.»

ــ بۇنى مۇشۇ پەيدىدە قانداق ئاچىقىپ كېتەلەيمىز بۇ يەردىن؟ــ دېدى جاپپار قولىدىكى موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ ئىسىنى تامام يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن،ــ مېھمانخانىدىنغۇ بىر ئامال قىلىپ چىقارمىز، لېكىن

تالاغا چىقساقلا ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى بىزدە بولامدۇ، بىزدە يە بىرەر ماشىنا بولمىسا ئىشلىك تۆۋگە توختىتىپ قويغان.

ــ بۇنداق يەرلىرىنى مېنى ئويلىمىدى دەمسەن، ــ مايسەم سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭدىن بىر كىچىك بولاقنى چىقاردى، ــ بۇنى كۆردۇڭمۇ، مۇشۇنى ئىچۇرسەكلا ئۇ بىز نەگە باشلىساق شۇ يەرگە ماڭىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ــ ئۇ نېمە؟ ــ دېدى جاپپار مايسەمنىڭ قولىدىكى بولاققا قىزىقىپ.

ــ بۇ مەجۇن، ــ دېدى ئۇ قەغەز بولاقنى يېشىپ ئىچىدىكى قوناق دانىسىدىن چوڭراق قارامتۇل نەرسىنى كۆرسىتىپ، ــ بۇنى دەملەنگەن چايغا سېلىپ بۇنىڭغا ئىچۈرسەك بىردەمدىلا مەست بولۇپ يا ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتىدۇ، يا چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈرۈپ، خۇشخۇيلىشىپ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە سەن نەگە ماڭساڭ كەينىڭدىن خۇددى ئامراق خوتۇنۇڭدەك ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

ــ ۋاھ، بۇ بولىدىغان نەرسىكەنغۇ، نەچچە مىڭ خىل ھىيلەڭ بار خوتۇن جۇمۇ سېنىڭ، ــ دېدى ئۇ مايسەمگە قاراپ، ــ شۇڭا مېنى خۇددى قوشقا كۆندۈرۈلگەن كالىدەك سىزغان سىزىقىڭدا ماڭىدىغان قىلىۋالدىڭ ـ دە.

ــ قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ ئاۋۇ چايدانغا قايناق سۇ ئەكىر، ــ دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان چاي ئىستاكىنىنى قولىغا ئېلىپ، ــ ئىتتىكرەك بۇنى تەييارلاپ ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپ بۇ يەردىن كېتەيلى.

جاپپار چايداننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، مايسەم چاي ئىستاكىنىغا سومكىسىدىن بىر پارچە قارىچاينى ئېلىپ ئىستاكانغا سالغاندىن كېيىن قولىدىكى مەجۇننى ئۇششاق ئۇزۇپ ئىستاكانغا تاشلىدى. ئۇنىغچە چايدانغا قايناق سۇ ئەكىرگەن جاپپار مايسەمگە چايداننى بەردى، مايسەم ئىستاكانغا يېرىم قايناق سۇ قۇيۇپ ئاغزىنى يېپىپ قويدى.

— بۇ ئەمدى بەش مىنۇت ئەتراپىدا دەم يېسۇن، ئۇ چاغقىچە مەجۇننىڭ كۈچى چىقىدۇ ھەم سوۋۇپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ئىچۈرسەك ئۇ ناھايىتى تېزلا مەست بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەك بولىدۇ.

— مېڭىشنىغۇ ماقۇلمىز، لېكىن بارىدىغان بىرەر جاي بولۇشى كېرەكقۇ، نەگە بارىمىز زادى؟

— يامالىق تېغىغا، — دېدى مايسەم ناھايىتى تېزلا جاۋاب بېرىپ، — يامالىق تېغىدا بىر شېرەم تۇغقىنىم بارلىقىنى بىلىسەنغۇ، سەن بىلەن توي قىلماستا مەن شۇ يەردە بىر - ئىككى ئايچە تۇرغان، شۇڭا مەن ئۇ تاغنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلىمەن، يولنى ئېلىپلا قېچىشقىمۇ ئەپلىك، تاغدىن پەسكە چۈشسەكلا چوڭ يولغا چىقىمىز، يول بولغاندىكىن نەگە بارىمىز دېسەك شۇ يەرگە ئاپىرىدىغان ماشىنا چىقىدۇ بىزگە.

— ئۇ تۇغقىنىڭنىڭ ئۆيىگە بارمايدىغاندىمىز؟ — دېدى جاپپار مايسەمگە ئەندىككەن ھالدا قاراپ.

— پۇلىمىزغا تەڭ شېرىك تاپمايلى دەيسەنغۇ - ھە، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ قويۇپ، — خاتىرجەم بول، بۇنداق ئىشقا ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسە چاتاق چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمايمىز، پەقەت يان

تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن تاغقا چىقىپ كېتىمىز، ئۇ يەردە مەردانىنى كۆزىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر ساقچى باشلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپلا قالساق دەرھال ئورۇن يۆتكىگىلىمۇ بولىدۇ.

— چاي تەييار بولۇپ قالغاندۇ،— دېدى جاپپار ئىستاكاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ،— ۋاھ، ئاجايىپ مەززىلىك پۇرايدىغۇ ماۋۇ نېمەڭ.

— بولدى، قۇرۇق گەپنى قويۇپ سومكامدا بىر پىچاق بار، شۇنى ئال، ئاغزىدىكىنى ئېلىۋەتسەڭ ۋارقىراپ يۇرمىسۇن بۇ نايناق.

جاپپار ئىتتىك بېرىپ مايسەمنىڭ سومكىسىدىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى پىچاقنى ئالدى ـ دە، جەۋھەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ساڭا دەپ قوياي،— دېدى جاپپار پىچاقنى ئۇنىڭ گېلىغا تىرەپ تۇرۇپ،— مەن ھازىر ئاغزىڭدىكى ماۋۇ نەرسىنى ئېلىۋېتىمەن، ئەگەر ئاۋۇ چاينى ئىچىشكە قارشىلىق قىلساڭ ياكى ۋارقىرىساڭ بۇ پىچاق سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ، ئۇ چاغدا بىز ئاشقىنىڭدىن پۇلنى ئېلىپ، تۇرۇۋاتقان ياتىقىڭنى دەپ بېرىمىزدە تىكىۋېتىمىز، مەردان بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈۋالاي دېسەڭ دېگىنىمىزدەك قىل، ئۇقتۇڭمۇ؟

جەۋھەر پىچاقتىن قورقتىمۇ ياكى بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا بويسۇنماقتىن باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، بېشىنى لىڭشىتتى، شۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەك مايسەمۇ سوۋۇپ تېۋى چىقىپ قالغان چاينى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، جاپپار ئۇنىڭ ئاغزىدىكى پىلاستىرنى يېشىشى

ھامانلا جەۋھەر كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ مايسەمگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— جېنىم ئاچا، ماڭا مۇشۇ زەھەرنى ئىچۈرمىگەن بولسىلا، مەن سىلى قانداق قىل دېسىلە شۇنى قىلاي، ۋارقىرىماي، ھېچنېمە دېمەي كەينىلىرىدىن ماڭاي، ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا، جېنىم ئاچا...

— مەن ئۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلالمايمەن، خېنىم، — دېدى مايسەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىستاكاننى ئاغزىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇ پەقەت مەستلا قىلىدۇ، قايتا خۇمار قىلمايدۇ، بۇ ھەممىمىزگە ياخشى، شۇ تاپتا جاپپارغا قويۇپ بەرسەم سىزنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى بار، مەن توسۇپ تۇرۇۋاتىمەن بۇ دەلتىنى، يولدا ئۇيان ـ بۇيان گەپ چىقىپ قالسا بۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز، شۇڭا بۇنى گەپ قىلماي ئىچىۋېتىڭ.

جەۋھەر ئالدىدىكى خۇشبۇي پۇراق تارقىتىپ تۇرغان چايغا قورقۇمسىرىغان ھالدا قارىدى، چۈنكى ئۆلارنىڭ بايا دېيىشكىنى بويىچە بولغاندا بۇ ھەم ئۇخلىتىدىغان، ھەم كۆلدۈرىدىغان نەرسە ئىكەن، ئەگەر ئۇخلاپ قېلىپ قايتا ئويغىنالماي قالسام قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشە ئۇنى ئىچىشتىن توسۇپ تۇراتتى، لېكىن ئامال قانچە، جاپپارنىڭ پىچىقى ئۇنىڭ گېلىغا تەڭلەكلىك، سەللا مىدىرلىسا گېلىغا كىرىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا مايسەم تەڭلىگەن چاينى غۇرتىلدىتىپ ئىچتى.

ئالاھازەل بەش مىنۇت ئۆتكەندە جەۋھەرنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىششقا باشلىدى، ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان

مايسەم تېخىچە جەۋھەرنىڭ گېلىغا پىچاق تەڭلەپ ئولتۇرغان جاپپارغا كۆزىنى قىسىپ ئىشنىڭ ئەپلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى، جاپپارمۇ جەۋھەرنىڭ خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا، خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇشقا يۈزلەنگەن كۆزلىرىگە قاراپ راستىنلا مەجۇنىنىڭ ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئۇ ئەمدى ئېسىنى يوقاتتى، — دېدى مايسەم جاپپارنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى پەسكە تارتىپ، — ئۇنىڭغا پىچاق تەڭلەشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئۇخلاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭ پۇت - قولىنى تېز بوشىتىپ ماڭىدىغان ئىشنى قىلايلى، تېزرەك ماڭمىساق ئۇ بىزگە يۈك بولىدۇ.

— سەن ئۇنى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ دەۋاتاتتىڭ، — دېدى جاپپار جەۋھەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بايا مەجۇنىنى جىقراق تەڭشىۋەتكەندەك تۇرىسەن - ھە؟ ئۇ ئۇخلىۋالىدىغان بولسا ماڭىلا جايا بولمامدۇ، تاغقا چىقمىمىز دەيسەن، ئۇنى تاغقا يۈدۈپ چىقىدىغان ئىش بولسا جېنىم چىقىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

— پۇل دېگەننى ئاشۇنداق تەر چىقىرىپ تاپسا تەممۇ ياخشى بولىدۇ، — دېدى مايسەم ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان جەۋھەرگە قاراپ قويۇپ، — بىر مىليوننى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنچىلىك جاپا تارتساڭ ئەرزىيدۇ، بولدى، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى بوشاتساڭ بولىدۇ ئەمدى.

جاپپار خۇددى تاغارغا قاچىلانغان گۆشتەك لىغىلداپ تۇرغان جەۋھەرنىڭ پۇت - قولىدىكى باغلاقلارنى بوشاتتى، ئۇ ئەمدى راستتىنلا قاتتىق ئۇيقۇغا چۆشكەندى. مۇنداق ھوشىنى بىلمەي ياتقان ئادەمنى سىرتقا يۆدۈپ چىقماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلغان جاپپارنىڭ شۇ تاپتا بېشى راستتىنلا قاتتى.

— بۇنى ئويغىتايلى،— دېدى جاپپار جەۋھەرنىڭ كاچىتىغا بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ.

— بولدى، ئۇنى ئەمدى كاچاتلاش ئەمەس، كالتەكلىسەڭمۇ ئۇيقۇسىنى ئاچالمايسەن،— دېدى مايسەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ،— ئەمدى ماڭايلى.

مايسەمنىڭ دېگىنىدەك نەچچە كاچات يېگەن جەۋھەرنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھازىر كاچاتلاش ئەمەس، بەلكى توقماق بىلەن سالسىمۇ ئويغانمايدىغاندەك تۇراتتى، شۇڭا ئۇ سۇنايلىنىپ يېتىۋالغان جەۋھەرنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى، لېكىن ئۇنىڭ بېشى بىر تەرەپكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى.

— ھوي، بۇ ئۆلۈپ قالغاندەكلا تۇرىدىغۇ،— دېدى جاپپار يان تەرەپتىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان مايسەمگە قاراپ،— قاراپ باققىنە بۇنىڭغا.

مايسەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇرنىغا قولىنى يېقىن ئەكېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن نەپەسىنىڭ تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇندىلا ئۇ مەجۇننىڭ بىرئاز كۆپ بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

— بولدى، ئۇنى يۆدۈپ ماڭ، ئۇ بۇنچىلىك مەجۇن ئىچكەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ،— دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىسىنى ئېلىۋېتىپ،— ئەمدى بۇ يەردە

تۇرۇۋەرسەڭ زادى بولمايدۇ، ھېلىغىچە ئېسىگە كېلىپمۇ قالار، ئاۋۇ ئارغامچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋال. كېرەك بولۇپ قالىدۇ.

جاپپار مايسەمنىڭ دېگىنى بويىچە ئارغامچىلارنى يىغىشتۇرۇپ جەۋھەرنىڭ سومكىسىغا جايلاشتۇردى، ئاندىن جەۋھەرنى خۇددى تاغارنى يۈدۈگەندەك ئۈچىسىغا ئارتىپ تالاغا چىقتى، مايسەم ياتاق ئىچىگە بىر قۇر قاراپ ئەتكەندىن كېيىن كەينىدىن ئەگىشىپ پەسكە چۈشتى. كومپيۇتېردا قارتا ئويۇنى ئويناۋاتقان مۇلازىمەتچى قىز ئۇلارنى كۆرۈپ ئويۇننى توختىتىپ ئالدىغا كەلدى.

— ياتاقنى قايتۇرامسىلەر؟ — دېدى ـ دە، جاپپار يۈدۈۋالغان جەۋھەرگە قاراپ ئەنسىرىگەن ھالدا «نېمە بولدى ئۇنىڭغا؟» دېگەن نەزەردە جاپپارغا قارىدى.

— بۇ قىزنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، تېزرەك دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ، — دېدى مايسەم قولىدىكى پۇل تاپشۇرغانلىق ھۆججىتىنى ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ، — تېزرەك بولۇڭ، بىز چاققانراق ماڭمىساق ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر يېتىدۇ.

— «120»گە تېلېفون قىلساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ قىز مايسەمنىڭ قولىدىكى ھۆججەتنى ئېلىۋېتىپ.

— بولىدى، — دېدى مايسەم ئۇنى ئالدىرىتىپ، — سىرتقا چىقىپ تاكسى توسۇپلا ماڭايلى، ئۇلار يېتىپ كەلگىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، تېز بولۇڭ دەيمەن.

مۇلازىمەتچى قىز ياتاق تەكشۈرۈشنىمۇ قىلمايلا ئۇلارنىڭ ئاشقان پۇلىنى تېز قايتۇرۇپ بەردى ـ دە، بېشىنى چايقاپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ قارتا ئويۇنىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار يامالىق تېغىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى يانباغىردا تاكسىدىن چۈشۈپ قالدى، تاكسىچى ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ جايدا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ھەيران بولغاندەك جاپپارنىڭ چەۋھەرنى يۇدۇپ ئاشۇ تاشلاندۇق ئۆيلەر تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە، كەينىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازىدىن ئېسىگە كېلىپ ماشىنىسىنى قوزغىدى.

تاغ باغرىدىكى بىرنەچچە ئېغىز ئولتۇراق ئۆي چېقىلىش رايونىغا توغرا كەلگەچكىمىكىن، بەزى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى قومۇرۇۋېتىلگەن بولسا، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى ئېچىۋېتىلگەنىدى، ھەتتا بەزى ئۆيلەر چۇۋۇۋېتىلگەن بولسىمۇ تويىسى تېخى توشۇپ كېتىلمىگەچكە بۇ جاي خۇددى بىرەر ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن تاشلاندۇق مەھەللىگە ئوخشاپ قالغانىدى. شۇ ئۆيلەرنىڭ يېنىدا بىر كىچىك چىغىر يول بولۇپ، بۇ يول تاغ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان بىر ئېغىز ئۆيگە تۇتاشقانىدى.

ــ بۇنى تاغقا كۆتۈرۈپ چىقماق تەستەك قىلىدۇ، بۇ ئۆزى ئاۋاق بولغىنى بىلەن ئېغىرلىقى خېلىلا باركەن، مېنىڭچە ماۋۇ ئۆيلەردە ئادەم يوقتەك قىلىدۇ، ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كىرىپ تۇرساق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى،ــ دېدى مايسەممۇ جاپپارنىڭ مىچچىدە تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،ــ بۇنىڭ مەستلىكى سەل يېشىلسە ئاندىن چىقىپ كېتەرمىز.

ئۇلار تاشلاندۇق ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە

چىقىشتى، ھەممىلا يەر كېسەك پارچىلىرى، تاشلانىدۇق قەغەز ۋە يىرتىق تاغار ـ خالتىلار بىلەن توشقان بولۇپ، شامالدا ئۇچۇپ كەلگەن يالتىراق خالتىلار چىقىلغان دېرىزە ئەينەكلىرىدە بايراقتەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى، جاپپار جەۋھەرنى ئاشۇ خالتا ـ تاغارلارنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى، ئۇنى ياتقۇزۇش بىلەن تەڭ گۈپپىدە كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭدىن ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا سېمونتنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— ئاۋايلاپراق ياتقۇزساڭ بولمامدۇ،— دېدى مايسەم بۇرنىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېتىپ،— ئەسكى تاغارنى تاشلىغاندەك تاشلىدىڭغۇ بىزنىڭ ئالتۇن كانىمىزنى.

— ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتتى بۇنى كۆتۈرەلمەي،— دېدى جاپپار ئەسكى تاغارلار ئۈستىدە خۇددى ماموق كۆرپىدە ياتقاندەك ئۇخلاۋاتقان جەۋھەرگە قاراپ،— ئەگەر تاغقا كۆتۈرۈپ چىققان بولسام جېنىم چىقىپلا كېتەركەن، ئۆزى ئورۇق بولغىنى بىلەن ئېغىرلىقى خېلىلا باركەن بۇ جۇۋاينىمەكنىڭ.

— ئەمدىچۇ،— دېدى مايسەم رامىلىرىمۇ قومۇرۇۋېتىلگەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ،— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى، ئۇلار پۇلنى تەييارلاپمۇ بولغاندۇ، سەن ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋەرمەي بىرەر تېلېفون بوتكىسىنى تېپىپ مەردانغا تېلېفون قىل. كەچ كىرىپ كەتسە ئۇچراشمىغىمىز تەس بولۇپ كېتىدۇ، پۇلنى يامالىق تېغىنىڭ چوققىسىدىكى مۇنارنىڭ قېشىغا ئەكەلسۇن، ئۆزى يالغۇز كەلسۇن. «پۇل بىلەن ئادەمنى شۇ يەردە ئالماشتۇرىمىز» دېگىن، قىلچە قوپاللىق قىلما، بولمىسا ئىشنى بۇزىسەن.

جاپپار چىقىپ كەتتى، مايسەم ئىككى پارچە خىشنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ تېگىگە جەۋھەرنىڭ سومكىسىنى قويۇپ ئولتۇرۇپ جەۋھەرگە قارىدى. بىر سائەتكە يېقىن ئۇخلىغان جەۋھەر ئويغىناي دېمەيتتى، بايىقى ئاچچىق چاڭ - توزان، جاپپارنىڭ ئاۋايلىمايلا قاتتىق يەرگە تاشلاشلىرىمۇ ئۇنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالمىغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ مايسەم يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئارغامچا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويدى. ئەگەر ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ ئويغىنىپ قالسا ۋارقىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاغزىغا يەنە پىلاستىر چاپلاپ قويدى، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن پىلاستىرنى يەنە ئېلىۋەتتى، چۈنكى بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىلا بىر كۆتۈرمە ماشىنا يولى بولغاچقا بۇ يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەۋەتكۈدەك گۈركىرەپ تۇراتتى، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىدى.

— ئىش پۈتتى، — جاپپار ئىشىكنى يوق ئۆيگە ئالدىراش كىرىپلا مايسەمگە دوكلات قىلدى، — يەنە بىر سائەتتىن كېيىن بىز تاغ چوققىسىدا كۆرۈشىدىغان بولدۇق، ئۇلار: «ساقچىغا مەلۇم قىلمىدۇق، بىزگە جەۋھەرنىڭ بىخەتەرلىكى مۇھىم، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر زىيان - زەخمەت قىلىپ قويساڭلار سىلەرگە پۇلنى بەرمەيمىز» دېدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئۇ ئويغانسا ياخشى بولاتتى، بۇنى ئېلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىپلا كەتكەن بولساق ئۇ پۇلنى بېرىپلا بۇنى ئەكېتەتتى ئەمەسمۇ...

— توختا، مەن بۇنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دېدى مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بۇنى ئويغاتمىساق راستىنلا بولمىغۇدەك، بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇخلىدى بۇ، بىرىمىز تاغدا، بىرىمىز بۇ ئۆيدە قالايلى دېسەك ئىش ئەپلەشمىگۈدەك.

مايسەم جەۋھەرنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بۇرنىنى باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىدا چىڭ تۇتۇۋالدى، جەۋھەر نەپەس يېتىشمىگەنلىكتىنمىكىن يىنىك تولغىنىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىۋالدى، دېمەك ئۇ ئەمدى ئاغزىدا نەپەس ئېلىشقا ئۆتكەنىدى، لېكىن ئۇيقۇسى يەنىلا ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس.

— بۇنىڭ ئاغزىنى پىلاستىردا چاپلا، — دېدى مايسەم جاپپارغا.

— ئاغزى - بۇرنىنى تەڭ ئېتىپ قويساڭ ئۆلۈپ قالامدۇ؟ — دېدى جاپپار مايسەمنىڭ سومكىسىدىن پىلاستىر يۆگەلمىسىنى ئېلىپ، — ئاۋايلا جومۇ، بىزگە بىر مىليون پۇل كېلىۋاتىدۇ، بىكار ئۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالمايلى يەنە.

— گېپىڭنى تولا قىلماي چاپلا دېگەندىكىن چاپلىمامسەن، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، — مەن ئۇنچىلىك ئىشنى بىلمەمدىمەن...

ئاغزى پىلاستىردا چاپلىنىش بىلەن تەڭلا سىلكىنىپ تۇرۇپ كۆزىنى ئاچقان جەۋھەرنىڭ بۇرنىنى تۇتۇپ تۇرغان مايسەم ئۇنى قويۇۋەتتى. جەۋھەرنىڭ ئىككى قولى بوش بولغاچقا ئاغزىدىكى پىلاستىرنى تارتىپ ئېلىۋەتتى، بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن جاپپار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. جەۋھەردە هازىر

قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچمۇ يوق، ئۇ بۇ ئۆيگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان مايسەم بىلەن جاپپارغا قارىدى، ئۇلارنى خۇددى ئەمدىلا كۆرگەندەك تازا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— بۇنى مەجۇن ئەمدى رەسمىي تۇتتى،— دېدى مايسەم جاپپارغا قاراپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ،— ئۇنىڭ پۈتىدىكىنى بوشىتىۋەت، ئەمدى ئۇ خۇددى چۈلۈك ئۈتكۈزۈلگەن كالىدەك كەينىمىزدىن مېڭىۋېرىدۇ.

ئۇلار جەۋھەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پەلەمپەيلەردىن چۈشۈشكە باشلىدى، مايسەم خاتالاشمىغان ئىكەن، ئۇلار جەۋھەرنى تۇتۇپ ماڭمىغان بولسىمۇ ئۇ ئىككى يانغا ئىرغاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشەتتى. ئۇلار بۇ تاشلاندۇق ئۆيدىن چىقىپلا يان تەرەپتىكى چىغىر يول بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان مايسەم كەينىدىن كېلىۋاتقان جەۋھەرگە، ئۇنى تېزرەك ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پات - پات جەۋھەرنى ئالدىغا ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان جاپپارغا قاراپ قويۇپ يولىنى داۋام قىلاتتى. ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن ئاشقاندا ئۇلار تاغ چوققىسىغا يېقىنلاشتى. بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ تىزىنى شاپىلاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، جاپپار ئۇنى قاتتىق سىلكىشلەپمۇ، كاچىتىغا ئۇرۇپمۇ كۈلۈشتىن توختىتالمىدى.

— بولدى، بولدى،— دېدى مايسەم جاپپارنىڭ جەۋھەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ماڭدۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،— مۇشۇ يەرمۇ بولىدىغاندەك

تۇرىدۇ، سەن چوققىغا چىقىپ قاراپ تۇر، مەردانىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ يەرگە يېنىپ چۈش، مۇشۇ يەردە سودىنى پۈتكۈزۈپلا ماۋۇ ياق بىلەن ماڭساق چوڭ يولغا چۈشىمىز.

جاپپار تاغ چوققىسىغا چىقىپ كەتتى. مايسەم قاقاھلاپ كۈلۈپ ئولتۇرغان جەۋھەرگە قاراپ قويۇپ يېنىدىكى بىر كىچىك ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پۈتى ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆرۈمچىگە قارىدى. ئۆرۈمچى بۈگۈن ئوچۇق ھاۋادا شۇنداق سۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئېگىز سېلىنغان بىنالار خۇددى بەسلىشىۋاتقاندەك كۆككە باش سوزغانىدى. يامالىق تېغىنى كۆكەرتىش خىزمىتى باشلانغان ئىككى يىلدىن بۇيان تىكىلگەن كۆچەتلەر ئاز ـ تولا بوي تارتقان بولسىمۇ تېخى چېچەك پەسلى يېتىپ كەلگىنىنى تۇيمىغاندەك يوپۇرماقسىز شاخلىرىنى دىردايتىپ تۇراتتى.

ـــ كەلدى، كەلدى، ـــ جاپپار ھاسىرىغان ھالدا مايسەمنىڭ يېنىغا كېلىپ جەۋھەر ئولتۇرغان يوغان تاشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يۆلەندى.

ـــ قېنى؟ ـــ دېدى مايسەم پەس تەرەپكە قاراپ.

ـــ ئەنە، بىز چىققان يول بىلەن كېلىۋاتىدىغۇ.

مايسەم ئورنىدىن تۇرۇپ تاشلاندۇق بىنالار تەرەپكە قارىدى، راستتىنلا مەردان بىر قارا چامادانىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھېچقانداق ئادەم يوق بولۇپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ راستتىنلا ساقچىلارغا مەلۇم قىلمىغاندەك تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مايسەمنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

— ئاشۇ سومكىدىكىنىڭ ھەممىسى پۇلمىدۇ؟ — دېدى جاپپار مايسەمگە قاراپ خۇشاللىقىنى باسالماي، — بۇ گۇيزە خېلىلا بېيىپ قاپتۇ جۇمۇ، نەچچە سائەتنىڭ ئىچىدە بىر مىليوننى تەييارلاپ كەلگىنىنى قارا، بۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىدىغىنى بىلسەك ئۇنىڭدىن بىراقلا ئىككى مىليون سورىساقمۇ بوپتىكەن - ھە.

— «ئوغرى بولساڭمۇ ئىنساب بىلەن بول» دېگەن گەپ بار، — دېدى مايسەم ئۇنىڭغا قاراپ قېشىنى ئېتىپ، — مۇشۇنچىلىك بىر نەرسە ئالغىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش. ھە راست، ئاۋۇ كۆلگۈنچەكنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قولىنى باغلىۋېتەيلى، بولمىسا جەۋھەرنى ساراڭ قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىمىز ئەپلەشمەي يۈرمىسۇن يەنە. سەنچۇ ئەمدى بۇنىڭغا قاراشقا مەسئۇل بولسەن، مەن ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالىمەن، تەكشۈرىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى مەردانغا تاشلاپ بېرىپ تىكىۋېتىمىز.

مەردان ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگۈچە ئۇلار جەۋھەرنىڭ ئاغزىنى پىلاستىردا چاپلاپ پۇت - قولىنى باغلىۋەتتى.

— جەۋھەر، — مەردان ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپلا قولىدىكى چامادانىنى يەرگە تاشلاپ جەۋھەرنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

— ئورنۇڭدىن مىدىرلىما، — دېدى جاپپار قولىدىكى پىچاقنى جەۋھەرنىڭ بوينىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، — بولمىسا مەن بۇ تۇمۇچۇقۇڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، بىزگە ئاۋۋال پۇلنى كۆرسەت، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن بۇنى ئەكەتسەڭ بولىدۇ.

مەردان جايىدىلا توختاپ چامادانىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاغزىنى ئېچىپ مايسەمگە كۆرسەتتى. مايسەم كالللەكلىنىپ باغلانغان يۈز يۈەنلىك پۇللارنىڭ چامادانغا لىققىدە قاچىلانغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلدى ـ دە، بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى چامادانغا سېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ قولىغا ئېلىۋالدى.

ــ بولدى، جاپپار، ئۇنى ئەمدى بۇ بايۋەچچىگە بېرىۋەتسەڭ بولىدۇ، پۇلدا چاتاق يوقكەن،ــ دېدى مايسەم جاپپارغا بۇيرۇق بېرىپ.

جاپپار جەۋھەرنىڭ گېلىغا تىرەپ تۇرغان پىچاقنى گېلىدىن ئاجرىتىپ مايسەمنىڭ يېنىغا ماڭدى. مەردان يۈگۈرۈپ جەۋھەرنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، جەۋھەر ھوشىدىن كەتتى.

مايسەم بىلەن جاپپار چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۇلاردىن يىراقلىشىشى ھامان تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تاغ چوققىسىدا پەيدا بولغان ساقچىلار يۈپۈرۈلۈپلا يېتىپ كەلدى ـ دە، مايسەم بىلەن جاپپار ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە خۇددى قارچىغىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۈجىدەك پۇكلەپلا قولىغا كويزا سېلىپ بولدى.

※ ※ ※

جەۋھەر كۆزىنى ئاچقىنىدا يېنىدا ئولتۇرغان مەردانغا كۆزى چۈشتى.

ــ جېنىم مەردان، بۇ سەنمۇ؟ــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

ــ مىدىرلىما، سۆيۈملۈكۈم،ــ دېدى مەردان ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىنتايىن سىپايىلىك بىلەن بېسىپ تۇرۇپ،ــ قولۇڭدا ئوكۇل يىڭنىسى بار.

ــ بۇ قەيەر، مەردان؟ــ دېدى جەۋھەر دېرىزىسىگە يېشىل دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، يان تەرەپ تامغا پەتنۇس نۇسخىلىق گىلەم تارتىلغان ئۆيگە تەكشى قاراپ.

ــ بۇ سىېنىڭ ئۆيۈڭ، جەۋھەر،ــ دېدى مەردان يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ،ــ مەن بۇ ئۆينى سەن ئۈچۈن سېتىۋالغان.

ــ رەھمەت ساڭا، قەدىرلىكىم، بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇ ـ ھە؟!ــ دېدى جەۋھەر مەردانغا جىلۋىلىك بېقىپ.

ــ بۇ چۈشۈڭ ئەمەس، جېنىم،ــ دېدى مەردان ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن بېقىپ،ــ سەن ئەمدى رەسمىي ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭ، سېنى بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ، ياخشى ئارام ئال.

ــ مېنى دەپ بەك جاپا تارتتىڭ، مەردان،ــ دېدى جەۋھەر كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ،ــ سېنى نۇرغۇن ئاۋۋالچىلىقلارغا سالدىم...

ــ بولدى، ئەمدى سۆزلىمە، جېنىم، بۇ بىر ھەقىقىي مۇھەببەتكە تەشنا يىگىتنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەقىقىي تاۋلىنىشتىن ئۆتتى، جەۋھەر.

ــ رەھمەت ساڭا، قەدىرلىكىم.

ــ مېنى خىجىل قىلمىساڭچۇ رەھمەتنى تولا تەكرارلاپ.

ــ ھە راست، ئاپاملارچۇ، ئۇلار نەدە؟

— ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتە ئارام ئېلىۋاتىدۇ، تېخى بايىلا سېنىڭ يېنىڭدا ئولتۇرغانىدى. بۇ نىجىسلار ساڭا مەجۇن سۇيۇقلۇقىنى جىق ئىچۈرۈۋېتىپتۇ. سېنى ئويغانغان چېغىدا كېسەل كارىۋىتىدا ئەمەس، ئۆيدە كۆرسۇن دەپ مۇشۇ يەردە ئاسما ئوكۇل ئۇرغۇزۇۋاتىمەن. بۇ بەتنىيەتلەر ئاخىرى باردىغان يېرىنى تاپتى، جەۋھەر، ئۇ بەتنىيەتلەر تۇتقۇن قىلىش، باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى، ئەمدى بىزنىڭ بەختىيار كۈنلىرىمىز يېتىپ كەلدى، سۆيۈملۈكۈم.

— ئاپاملارنى بەك كۆرگۈم كەلدى، مەردان،— دېدى چېھرىدە بەخت تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىپ تۇرغان جەۋھەر مەردانغا قاراپ.

— مەن چاقىراي ئۇلارنى،— دەپ ئورنىدىن تۇرغان مەردان ئۆزىگە تەبەسسۇم ئەيلەپ ياتقان جەۋھەرنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ ئالۇچىدەك قىزارغان لېۋىگە لېۋىنى ياقتى. تەرىپلەپ بولغۇسىز شادلىقتا چۆمگەن جەۋھەر بۇ سۆيۈشتىن مەست بولۇپ قالغاندەك خۇمارلاشقان كۆزىنى يۇمدى.

2011 - يىلى 25 - ئۆكتەبىردىن 2012 - يىلى 30 - يانۋارغىچە قاراميدا يېزىلدى.

**图书在版编目（CIP）数据**

真爱：维吾尔文/阿尔斯兰·塔里甫著．—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.5
ISBN 978-7-5515-3175-7

Ⅰ．①真… Ⅱ．①阿… Ⅲ．①长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 075714 号

责任编辑：卡米拉·热合曼
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

**真 爱**（维吾尔文）

（长篇小说）

**阿尔斯兰·塔里甫** 著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 八 百 印 务 有 限 公 司 印 刷
880×1230 毫米 32 开本 13.375 印张
2015 年 7 月第 1 版 2015 年 7 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 978-7-5515-3175-7 定价：38.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换